«جۇڭگو سەرخىل ژۇرناللار سېپى»دىكى نەشرىي ئەپكار

入选《中国期刊方阵》的刊物

«شىنجاڭ ژۇرنال مۇكاپاتى»غا ئېرىشكەن نەشرىي ئەپكار

荣获《新疆期刊奖》的刊物

مۇتەپەككۇر ئەدىب، ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيەت-تارىخ ئالىمى،

پروفېسسور ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن(1933 — 1995)نى ياد ئېتىمىز



# شىنجاڭ مەدەنىيىتى

6

2010

新疆文化

ISSN 1008-6498

11>

•XINJIANG CIVILIZATION•СИНЬЦЗЯНСКАЯ КУЛЬТУРА•シンキョウ ブンカ•مجلة حضارة شنجيانغ•

# كۇسەن كۈيلىرىگە ئاتتا كۆرۈك

## ــ ئىككىنچى نۆۋەتلىك شىنجاڭ كۇچا خەلق ناخشىلىرى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىدىن كۆرۈنۈشلەر











شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق سەنئەت تەتقىقات ئورنى، غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداش، تەتقىق قىلىش مەركىزى بىلەن كۇچا ناھىيەلىك خەلق ھۆكۈمىتى بىرلىكتە 10 ـ ئۆكتەبىردىن 12 ـ ئۆكتەبىرگىچە ئىككىنچى نۆۋەتلىك شىنجاڭ كۇچا خەلق ناخشىلىرى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئۆتكۈزدى.

بۇ قېتىمقى يىغىنغا شىنجاڭنىڭ مەدەنىيەت ـ سەنئەت ساھەسىدىكى تەتقىقاتچى، ئەدىب، كومپوزىتور، ناخشىچى، ئۇسسۇلچىلاردىن بولۇپ 100دىن ئارتۇق كىشى قاتناشتى ھەمدە كۇچا خەلق ناخشىلىرىنىڭ تارىخىي، بەدىئىي قىممىتى، مۇزىكىلىق قۇرۇلمىسى ۋە كۇچا خەلق ناخشىلىرىنىڭ دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كېلىشىگە تۆھپە قوشقان شەخسلەر ھەققىدىكى تەتقىقات مەزمۇن قىلىنغان 37 پارچە ئىلمىي ماقالە چوڭ يىغىن ۋە گۇرۇپپا مۇزاكىرە يىغىنىغا قاتناشتۇرۇلدى. يىغىن داۋامىدا كۇچانىڭ تەرەققىياتى، مەدەنىيەت ـ سەنئەت ئەھۋالى، قەدىمكى ۋە يېقىنقى زاماندىكى ئىزنالىرى كۆزدىن كەچۈرۈش ۋە ئېكسكۇرسىيە قىلىش شەكىللىرى ئارقىلىق تونۇشتۇرۇلدى. يىغىن باشتىن ـ ئاخىر قىزغىن ۋە ئىلمىي پوزىتسىيەدە ئىنتايىن ياخشى ئېچىلدى. مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ئىسمائىل تىلىۋالدى، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ سابىق مۇئاۋىن باشلىقى تۆمۈر داۋامەت قاتارلىق رەھبەرلەر، شىنجاڭدىكى بىر قىسىم كەسپداش ئورۇنلار ۋە كەسپداشلار تەبرىك خېتى ۋە تەبرىك تېلېفونلىرى ئارقىلىق يىغىننىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇشىغا ھەممىي تىلەكلىرىنى بىلدۈرۈشتى.

ــ ئۆز خەۋىرىمىز

ئۆمەر مۇھەممەتئىمىن، يەن كۇنلەر فوتوسى








●شوئارىمىز: خەلقچىللىق، ئىلمىيلىك، ئاممىبابلىق، ئوقۇشچانلىق●

# بۇ ساندا

## «ئۆزۈڭنى تونۇ!»


سىز ۋەتەنپەرۋەرمۇ ........................ جۇرئەت دۆلەت 2

لوگىكىلىق ئايرىش تەپەككۇرنىڭ جېنى .................. ئابلەت مۇھەممەت 10


## سەھرادىكى ھېكايىلەر


ئايرىمخانىدىكى لەتىپە...........(ھېكايە) ....... ئابدۇرەھمان ئەزىز ئوغلى 18

غايىب بولغان چىپار كېپىنەك.......(« «) ............ تۇرسۇن مەھمۇت 25


## مۇڭداشقىلى مەن كەلدىم


سىزنى سۆيۈپ قوياي،دادا ...................خەدىچە شەمشىدىن 33

ئائىلە مەدەنىيىتى ۋە پەرزەنت تەربىيەسى ..........مۇھەممەت ئىبراھىم ھونبەگ 36


## ئوبزورچىلار مۇنبىرى


چاغداش ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا تەنقىد قاتماللىقى ........... ئابدۇقادىر جالالىدىن 43

ئەدىبلەر نېمە ئۈچۈن پۇشايمان قىلىدۇ ................... يالقۇن روزى 51


## تەپەككۇر كۆزى


تەپەككۇر دۇردانىلىرى.................. مەمەتجان ئابلا (ئەلپىدا) قاتارلىقلار 56


## تەرجىمە كۆزنىكى


«تىلماچلار چايخانىسى» دىكى پاراڭلار.... ئابدۇجاپپار ھامىدىن قاتارلىقلار تەرجىمىسى 61


## بىلگىنىڭنى ئەلدىن ئايىما


«ئۇيغۇر مەدەنىيەت ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى» قاچان، قانداق قۇرۇلغان .... يالقۇن روزى 72


**بۇ ساننىڭ ئىجرائىيە مەسئۇل مۇھەررىرى ۋە تېخنىكىداكتورى: بەگمەت يۈسۈپ**


# شىنجاڭ مەدەنىيىتى

(59 ـ يىل نەشرى)

قوش ئايلىق ئۇنىۋېرسال
ئەدەبىي ژۇرنال
2010 ـ يىل 6 ـ سان
(ئومۇمىي 306 ـ سان)

باش مۇھەررىر (قوشۇمچە) :
**زۇنۇن باقى**
(ش ئۇ ئا ر مەدەنىيەت نازارىتىنىڭ
باشقارما باشلىقى دەرىجىلىك مەمۇرى)

دائىمىي ئىشلارغا مەسئۇل
ئىجرائىيە مۇئاۋىن باش
مۇھەررىر:
**قۇربان مامۇت**
(ئالىي مۇھەررىر)

مۇئاۋىن باش مۇھەررىر،
تەھرىر بۆلۈم مۇدىرى:
**بەگمەت يۈسۈپ**
(كاندىدات ئالىي مۇھەررىر)

تەكلىپلىك گۈزەل سەنئەت
لايىھەلىگۈچى:
**نۇرمۇھەممەت ئۆمەر ئۈچقۇن**
( ئەدەبىيات ماگىستىرى )

## «ئۆزۈڭنى تونۇ!»



# سىز ۋەتەنپەرۋەرمۇ

جۇرئەت دۆلەت

ۋەتەنپەرۋەرلىك ئەزەلدىن تەكىتلىنىپ كېلىۋاتقان مۇھىم تېما، چۈنكى ۋەتەنپەرۋەرلىك ھەققىدە تەربىيە ئالمىغان، ئاڭلىمىغان ئادەم جەمئىيىتىمىزدە يوق دېيەرلىك. يەسلىدىن تارتىپ باشلانغۇچ، ئوتتۇرا، ئالىي مەكتەپ، ئىدارە- ئورگان، كارخانا-زاۋۇتلاردا بولسۇن چوڭ- كىچىك، قېرى- ياش بارلىق جۈڭگو پۇقراسى بۇ خىل تەربىيەدىن مۇستەسنا ئەمەس.

ئەمما ھەقىقىي ۋەتەنپەرۋەر زادى قانداق؟ ياكى قانداق ئادەم ھەقىقىي ۋەتەنپەرۋەر؟ بۇنى بەزى ئالاھىدە پەيتلەردە بىلگىلى بولسا كېرەك.

«ۋەتەنپەرۋەرلىك» دېگەن ئۇقۇم ئوخشىمىغان ئادەملەرگە نىسبەتەن ئوخشىمىغان ئۇقۇملارنى بېرىشى مۇمكىن. شۇڭلاشقا مەن بۇ يەردە ۋەتەنپەرۋەرلىكنىڭ نەزەرىيەۋى ئېنىقلىمىلىرىنى كەلتۈرۈپ ئولتۇرمايمەن. مېنىڭچە، ھەر بىر ئوقۇرمەن «ۋەتەنپەرۋەرلىك»دېگەن سۆزنى ئاڭلىغان ھامان بۇنىڭغا قارىتا ئۇلارنىڭ قەلبىدە ئۆزلا ھېس قىللايدىغان بىر تۇيغۇ شەكىللىنىپ بولغان بولۇشى مۇمكىن. ئوقۇرمەنلەرنىڭ قەلبىدىكى شۇ تۇيغۇسى بىلەن تۆۋەندىكى قۇرلاردا ماڭا ھەمراھ بولۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

قېنى، بىز گېپىمىزنى مۇنداق بىر مىسالدىن باشلايلى: بەلكىم سىز دائىم تەنتەربىيە قاناللىرىدىن مەلۇم بىر خىل توپ مۇسابىقىسىنى (مەيلى ۋاسكېتبول ياكى پۇتبول مۇسابىقىسى بولسۇن) كۆرۈشكە قىزىقسىڭىز، ئۇنىڭدىكى مەلۇم كوماندىنى ئالاھىدە ياخشى كۆرۈشىڭىز، ھەمىشە شۇ كوماندىنىڭ يېڭىشىنى ئارزۇ قىلىشىڭىز مۇمكىن. مەيلى سىزنىڭ ئۇ كوماندىنى ياخشى كۆرۈشىڭىزنىڭ دەرىجىسى قانچىلىك بولسۇن، بۇ ھېچ بولمىغاندا سىزنىڭ ئاشۇ كوماندىنىڭ مەستانىسى ئىكەنلىكىڭىزنى بىلدۈرىدۇ.

كوماندىنى ياخشى كۆرۈش، قوللاش دەرىجىسىگە ئاساسەن مەن توپخۇمارلىرىنى تۆۋەندىكىدەك تۆت دەرىجىگە ئايرىپ چىقتىم. بەلكىم ئۆزىڭىزنى مۇشۇ تۆت دەرىجىنىڭ بىرىدىن تاپالىشىڭىز مۇمكىن. مەن بۇنى تۆۋەن دەرىجىدىن يۇقىرى دەرىجىگە قاراپ

تىزدىم.

**A دەرىجە.** بۇ، توپخۇمارلىقنىڭ ئەڭ تۆۋەن دەرىجىسى بولۇپ، بۇنىڭ ئىپادىلىرى تۆۋەندىكىچە: مۇسابىقىلەرنى بەك كۆپ كۆرۈپ كەتمەيدۇ. (پەقەت تۆت يىلدا بىر قېتىم ئۆتكۈزۈلىدىغان دۇنيا لەۋھە تالىشىش پۇتبول مۇسابىقىلىرى) دېگەندەك داغدۇغىلىق مۇسابىقىلەرنىڭ ھەل قىلغۇچ مۇسابىقىلىرىنى كۆرۈپ قويىدۇ، خالاس. ئۆزى تۇرۇشلۇق شەھەرلەردە ئۆتكۈزۈلگەن خېلىلا چوڭ مۇسابىقىلەرگىمۇ ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپ كەتمەيدۇ. پەقەت دوستلارنىڭ زورى بىلەن بەزىدە بېرىپ قويىدۇ (دوستلار سىپىدىن چۈشۈپ قېلىشنى خالىمايدۇ). تېلېۋىزور ياكى گېزىتلەردىن مۇسابىقە خەۋەرلىرى ئۇدۇل كېلىپ قالسا كۆرىدۇ. ئەمما ئاتايىن ئىزدەپ كۆرمەيدۇ، قاچان، قايسى كوماندىلارنىڭ مۇسابىقىسى بولىدۇ، دېگەنلەرنى سۈرۈشتۈرۈپ يۈرمەيدۇ. ياخشى كۆرىدىغان كوماندىنىڭ ئەھۋالىغا يېقىندىن كۆڭۈل بۆلۈپ، كوماندىدىكى ئۆزگىرىشكە دىققەت قىلىپ يۈرمەيدۇ. ھەتتا ئۆزىنىڭ قايسى كوماندىنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنىمۇ بىلمەسلىكى مۇمكىن.

بۇنىڭغا قاراپ ئۇنى توپخۇمار دېگىلى بولمايدىكەن دېيىشىڭىز مۇمكىن. ئەمما دوستلىرى بىلەن بىللە ئولتۇرۇپ مەلۇم مۇسابىقىنى كۆرگەندە سەن قايسى كوماندىغا تۇرىسەن دېگەندىلا ئاندىن بىر كوماندىنى تاللايدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ئېڭىدا تولىمۇ ئاجىز بولسىمۇ باشقىلار سورىسا دەپ بەرگۈدەك دەرىجىدىكى مەلۇم بىر كوماندىنىڭ ئورنى بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن تېلېۋىزوردا ئەگەر ئۇدۇل كېلىپ قالسا، ئاۋۋال مەزكۇر كوماندىغا دىققىتى چۈشىدۇ ۋە شۇ كوماندىنىڭ يېڭىشىنى ئاز- تولا ئۈمىد قىلىدۇ. يېڭىلىپ قالسا بەك ئاھ ئۇرۇپ، ئەپسۇسلىنىپ كەتمەيدۇ. ئۇ ھەتتا ياخشى كۆرىدىغان كوماندىسىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىنى، مەسىلەن: ماھىرلار ياكى تىرېنېرلارنىڭ ئىسمى دېگەنلەرنىمۇ ئېنىق بىلمەيدۇ. دوستلىرىنىڭ توپ ھەققىدىكى پاراڭلىرىغا بەك قىزىقىپ كەتمەيدۇ. دېمەك، بۇ توپخۇمارلىقنىڭ ئەڭ تۆۋەن دەرىجىسى.

**B دەرىجە.** بۇ، A دەرىجىدىن سەل كۈچلۈك، ئۆزىنى خېلىلا ئېنىق ھالدا مەلۇم بىر كوماندىغا تەۋە دەپ بىلىدۇ. ئەگەر گېزىت، تېلېۋىزورلاردا تەنتەربىيە خەۋەرلىرىنى كۆرۈپ قالسا دىققىتى ئاۋۋال ياخشى كۆرىدىغان كوماندا ھەققىدىكى خەۋەرگە چۈشىدۇ. بۇ كوماندىنىڭ غەلىبىسىدىن خۇش بولۇپ، مەغلۇبىيىتىدىن ئەپسۇسلىنىدۇ. ئەمما بۇ خىل ھېسسىيات ئۇنىڭ باشقا ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىشى بىلەن تەڭ ئۆتىدۇ. ئۇنىڭغا پەقەت مۇسابىقىنىڭ نەتىجىسىنى بىلگەن ۋاقىتتىلا سەل تەسىر قىلىدۇ. دوستلىرى، خىزمەتداشلىرى بىلەن بولغان توپ مۇسابىقىسى ھەققىدىكى پاراڭلاردا بەك تەشەببۇسكار بولۇپ كەتمەيدۇ، ئەمما مەلۇم پىكىرلەرنى قاتناشتۇرالايدۇ. ئەگەر ئالاھىدە مۇھىم ھەل قىلغۇچ مۇسابىقىلەر بولۇپ قالسا ياكى ئۆزى قىزىققان كوماندىنىڭ مەلۇم بىر تارىخىي كۈشەندىسى (رىقابەتچىسى) بىلەن ئويناش نۆۋىتى كېلىپ قالسا كۆرىدۇ. ئەمما، شەخسىي ئىشى چىقىپ قالسا كۆرۈشتىن ۋاز كېچىپ نەتىجىسىنى تەنتەربىيە خەۋەرلىرى ياكى باشقىلاردىن سوراپ بىلىۋالىدۇ.

ياخشى كۆرىدىغان كوماندا تىرېنېرىنىڭ ئىسمى ۋە كوماندىدىكى مەلۇم ئالاھىدە بىر- ئىككى ماھىرنىڭ ئىسمىنى بىلىدۇ. كوماندىنىڭ نەتىجىسى ياخشى بولسا خۇش بولىدۇ، ياخشى بولماي قالسىمۇ بەك ئەپسۇسلىنىپ كەتمەيدۇ. ئۆيدە خوتۇنى ۋە بالىلىرى بىلەن مۇسابىقە كۆرۈش ئۈچۈن تېلېۋىزورنى تالىشىپ كەتمەيدۇ، ئاساسەن خوتۇنى ۋە بالىلىرىغا يول قويۇپ ئۆتۈنۈپ بېرىدۇ. ناۋادا يېرىم كېچىدە قويۇلىدىغان مۇسابىقە بولۇپ قالسا كۆپىنچە ھالدا ئۆزى يالغۇز كۆرۈپ كەتمەيدۇ. ناۋادا دوستلىرى بىلەن بىرگە بولسا بىر كېچىلىك ئۇيقۇدىن ۋاز كېچىپ تۈنەپ كۆرۈشى مۇمكىن. كوماندىنىڭ تور بەتلىرىگە ئانچە- مۇنچە چىقىپ قويىدۇ، ئەمما ئاتايىتەن باھا يېزىپ يۈرمەيدۇ. (قىسقىسى كوماندىلارنىڭ كەلگۈسى تەقدىرىگە كۆڭۈل بۆلۈپ كەتمەيدۇ.) ئەگەر مەزكۇر كوماندا ئۇدا مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىسا يۈز ئۆرۈشىمۇ مۇمكىن.

**C دەرىجە.** بۇ دەرىجىدىكى توپخۇمارلىرىنىڭ ياخشى كۆرىدىغان ئېنىق كوماندىسى بولىدۇ. يەنى شەخسىي ئىشلىرىنى كەينىگە قويۇپ بولسىمۇ ئۆز كوماندىسىنىڭ مۇسابىقىسىنى ئۆتكۈزۈۋەتمەي دېگۈدەك كۆرىدۇ. ھەقىقەتەن بەزىدە جىددىي ئىشى چىقىپ قېلىپ (دوختۇرخانىغا بارىدىغان، يىغىنغا قاتنىشىدىغان

www.uyghurkitap.com

دىگەندەك) كۆرەلمەي قالسمۇ مۇسابىقە نەتىجىسىنى دەرھال سۈرۈشتە قىلىدۇ. ياخشى كۆرىدىغان كوماندىسىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى، مىسالەن، كوماندىنىڭ يېقىنقى يىللاردىكى نەتىجىسى، كوماندا ئەزالىرىنىڭ ئىسمى، دۆلەت تەۋەلىكى، يېقىندا كىملەرنىڭ يېڭىدىن كېلىپ، كىملەرنىڭ كەتكەنلىكىنى بىلىپ تۇرىدۇ. ئەگەر تورغا چىقىپ قالسا، ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان ياكى كەسىپكە مۇناسىۋەتلىك تېما خەۋەرلىرىنى كۆرۈپ بولغاندىن كېيىن تەنتەربىيە خەۋەرلىرىنى كۆرىدۇ، بەزىدە باھا سۆزىمۇ قالدۇرۇپ قويىدۇ. بەزى ھەل قىلغۇچ مۇسابىقىلەرنى تۈنەپ بولسىمۇ كۆرىدۇ. خوتۇنى ۋە بالىلىرى بىلەن تېلېۋىزور تالىشىدۇ، دوستلىرى، خىزمەتداشلىرى بىلەن مۇسابىقە ھەققىدىكى پاراڭلارنى قىلىشقا ئامراق. ياخشى كۆرىدىغان كوماندىسىنىڭ قاچان، قايسى كوماندا بىلەن مۇسابىقىسى بارلىقىنى دائىم سۈرۈشتۈرۈپ تۇرىدۇ. مەزكۇر كوماندىسىنىڭ غەلىبە، مەغلۇبىيىتى ئۇنىڭ كەيپىياتىغا خېلىلا تەسىر قىلىدۇ. بەزىدە ئاتايىتەن ۋاقىت ئاجرىتىپ دوستلىرى بىلەن جەم بولۇپ مۇسابىقە كۆرىدۇ. ئەگەر توپخۇمارلار ئۇيۇشمىسىنىڭ پائالىيەتلىرى بولۇپ قالسا بۇنداق ئۇيۇشمىلارغا ئەزا بولىدۇ.

**D دەرىجە.** بۇ، ئەڭ يۇقىرى دەرىجە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

بۇ دەرىجىدە، توپخۇمارلار ئاساسەن دېگۈدەك ياخشى كۆرىدىغان كوماندىسىنىڭ مەستانىسىغا ئايلىنىپ قالىدۇ. ئۇ ئۆزى قىزىققان كوماندىنىڭلا ئەمەس، باشقا كوماندىلارنىڭ مۇسابىقىسىنىمۇ ئۆتكۈزۈۋەتمەي كۆرۈشكە تىرىشىدۇ. ياخشى كۆرىدىغان كوماندىسىنىڭ بارلىق ئەھۋالى ئۇنىڭغا بەش قولدەك ئايان. ئۇ ھەر ۋاقىت ياخشى كۆرىدىغان كوماندا ھەققىدىكى خەۋەرلەرگە دىققەت قىلىپ تۇرىدۇ. شۇ كوماندىنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىنى بىلىپلا قالماستىن، بەلكى، ئۇنىڭ تارىختىكى نەتىجىلىرى، مەزكۇر كوماندىدا توپ ئوينىغان ئىلگىرىكى توپچىلار (ماھىرلار) ئۇلارنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى، تىرېنېرلار ۋە ئۇلارنىڭ ھازىر قايسى كوماندىدا ئىكەنلىكى قاتارلىقلارنىمۇ بىلىدۇ. ھازىرقى مۇسابىقە بىلەن ئىلگىرىكى مۇسابىقىلەرنى سېلىشتۇرۇپ كۆرەلەيدۇ. مىسالەن: بىرەر توپ چۈشسە بۇ پالانى يىلدىكى پالانى كوماندا بىلەن بولغان مۇسابىقىدە پالانى ئۇرغان توپقا ئوخشىدى، دەپ ئەسلىيەلەيدۇ. ئىنتېرنېت تورىغا چىقىپ قالسا ئاۋۋال تەنتەربىيە خەۋەرلىرىنى كۆرىدۇ. بەزى مەشھۇر تەنتەربىيە مۇنبەرلىرىگە ئەزا بولىدۇ. يازمىلارغا ئىنكاس يېزىپلا قالماي، ئۆزىمۇ يېڭى يازما يوللايدۇ. ئەگەر ئىشخانىسىدا ئىنتېرنېت تورى بولسا دائىم مۇنبەرگە كىرگەن ھالەتتە بولىدۇ. ئىنكاسلارغا ئىنچىكە دىققەت قىلىپ تۇرىدۇ. ئۇ ياخشى كۆرىدىغان كوماندىسىنىڭ ئەھۋالىنى شۇنچىلىك ئېنىق بىلىدۇكى، كوماندا ئەزالىرىنىڭ مائاشى، سالامەتلىك ئەھۋالى، يېشى، ئۇرغان توپى ياكى مۇناسىۋەتلىك سانلىق مەلۇماتلارنى ھەتتا ئۇنىڭ خۇسۇسىي تۇرمۇشىغا مۇناسىۋەتلىك ئىشلار: خوتۇنى ياكى لايىقىنىڭ ئىسمى، ئۇنىڭ نېمە ئىش قىلىدىغانلىقى، لايىقىنىڭ ئىلگىرىكى ياكى ھازىرقى سەتچىلىكلىرى، ئىككىسىنىڭ ئالدىنقى ھەپتە قايسى ئاشخانىدا بىللە تاماق يېگەنلىكى... دېگەندەك ئۇششاق ئۇچۇرلارنىمۇ، قايسى ماھىرنىڭ قايسى مەھسۇلاتنىڭ ئېلانىغا چىققانلىقىغىمۇ ئىنچىكە دىققەت قىلىپ تۇرىدۇ. ئۇ، ئۇيۇشما پائالىيەتلىرىگە ئاكتىپ قاتنىشىپلا قالماستىن بەلكى شۇ پائالىيەتلەرنى تەشكىللەشكىمۇ ئاكتىپ قاتنىشىدۇ. كوماندا ياكى كوماندىغا مۇناسىۋەتلىك ئىشلار ئۇنىڭ تۇرمۇشىنىڭ بىر قىسمىغا ئايلىنىپ كەتكەن بولىدۇ. ياخشى كۆرىدىغان كوماندىسىنىڭ نەتىجىسى مەيلى ياخشى، ياكى ناچار بولسۇن ئىنچىكە شۇ كوماندىنى قوللايدۇ. ئۇ كوماندىنىڭ «ئوتىدا كۆيۈپ، سۈيىدە ئاقالايدۇ».

ئادەتتە، مۇسابىقە ھەققىدىكى پاراڭلار ئۇنى ھاياجانلاندۇرىدۇ. ئۇ ھەممە ئادەمنىڭ توپ مۇسابىقىسىگە ئۆزىدەك قىزىقىشىنى، ئۆزىنىڭ پاراڭلىرىغا ئورتاقلىشىشىنى ئۈمىد قىلىدۇ. ئەلۋەتتە بۇ دەرىجىدىكىلەرنىڭ ئىپادىسىنى يەنىمۇ تەپسىلىي يېزىش تامامەن مۇمكىن. ئەمما بۇ بىزنىڭ باش تېمىمىز ئەمەس، ئۇنى پەقەت مىسال ئۈچۈنلا تىلغا ئالدۇق. سىزدە چوقۇم بىر سوئال پەيدا بولغان بولۇشى مۇمكىن.

بۇ گەپلەرنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك بىلەن نېمە ئالاقىسى بار؟

ئەگەر سىز ئۆزىڭىزنى يۇقىرىقى مىسالدىكى

تويچۇمارنىڭ ئورنىغا، ياخشى كۆرىدىغان كوماندىڭىزنى ۋەتىنىڭىزنىڭ ئورنىغا قويسىڭىزلا مېنىڭ نېمە دېمەكچى بولغانلىقىم ئۆزلۈكىدىن ئايان بولىدۇ.

دېمەك، توپخۇمارنىڭ كوماندىسىغا بولغان مۇھەببىتىمۇ يۇقىرى- تۆۋەن تۆت دەرىجىگە بۆلۈنگەندەك، ۋەتەنگە بولغان مۇھەببەتمۇ- يەنى ۋەتەنپەرۋەرلىكمۇ ئوخشىمىغان دەرىجىلەرگە بۆلۈنىدۇ. ئوخشىمايدىغان يېرى، ھەممە ئادەم چوقۇم توپخۇمار ئەمەس. بۇ تۆت دەرىجىنىڭ ھېچقايسىسىغا تەۋە ئەمەس كىشىلەرمۇ خېلى بار. كىشىلەردىن سىدن قايسى كوماندىنى ياخشى كۆرىسەن دېسە «تاڭ» دەيدىغانلار جىق چىقىدۇ. ئەمما ۋەتىنىڭ قايسى دېسە ھەممىسى جاۋاب بېرەلەيدۇ. ھەممە ئادەم مەلۇم ۋەتەنگە تەۋە بولىدۇ، مەلۇم ۋەتەندە ياشايدۇ. شۇڭا ۋەتەن بىلەن بولغان مۇناسىۋەتتە مۇقەررەر مەلۇم ئورۇن بولىدۇ، يەرشارىدىلا ياشايدىكەن، كىشى خالىسۇن ياكى خالىمىسۇن ئۇ چوقۇم مەلۇم قوۋمغا، مەلۇم ۋەتەنگە تەۋە بولىدۇ. ھېچقانداق ئادەمنىڭ بۇ كاتېگورىيەدىن قېچىپ قۇتۇلۇشى مۇمكىن ئەمەس. ۋەتەنپەرۋەرلىك دېمەك ئەمەلىيەتتە ۋەتىنىگە بولغان مۇھەببەتنىڭ ئىپادىلىنىش شەكلىدۇر. شۇنىسى ئايدىڭكى، مۇھەببەتمۇ ئىنساندا بولىدىغان تۈرلۈك ھېسسىيات، تۇيغۇغا ئوخشاش كۈچلۈك ياكى ئاجىز بولىدۇ.

ۋەتەنپەرۋەرلىكنىڭ دەرىجىلىرىنى توپخۇمارلارنىڭ دەرىجىلىرىنى ئايرىغاندەك ئۇنداق ئېنىق ئايرىپ، پەرقلەندۈرۈش سەل ئەپسىز. يەنە كېلىپ زامانىۋى ئۈسكۈنىلەر ئارقىلىق ۋەتەنپەرۋەرلىكنىڭ دەرىجە پەرقىنى تېپىپ چىققىلى بولمايدۇ. بىر ئادەمنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىكىنى تاكى ئۇنى ئىسپاتلايدىغان، نامايان قىلىدىغان پەيت، سورۇن كەلمىگۈچە بىلىش قىيىن، ئەلۋەتتە. ۋەتەنپەرۋەرلىكنىڭ ھەر قايسى دەۋردىكى ئىپادىسى ئوخشاش بولمايدۇ. ئەگەر شۇ كىشىنىڭ ۋۇجۇدىدا ۋەتەنپەرۋەرلىكنىڭ كىچىككىنە ئېلېمېنتى بولسىلا، ۋەتەن مۇھەببىتىگە ئەڭ موھتاج بولىدىغان ئورۇش دەۋرىدە پىداكارلىق بىلەن ۋەتەنگە بولغان مۇھەببىتىنى ئىپادىلىشى، ھېچ بولمىغاندا سۈكۈت ئىچىدە پىداكارلارغا مەدەت بېرىشى، ئامانلىق تىلىشى مۇمكىن. تىنچ دەۋرلەردە بولسا ئۆزىنىڭ ۋەتەن ۋە مىللەتكە بولغان مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىنى كۈندىلىك ئىش- پائالىيەت ۋە سۆز- ھەرىكەتلىرىدە تۈرلۈك شەكىل ئارقىلىق ھەر ۋاقىت ئىپادىلەپ تۇرۇشى مۇمكىن.

مەسىلەن، 1870- يىلىدىكى پىرۇسسىيە- فىرانسىيە ئۇرۇشىدا، فىرانسىيەنىڭ مۇنقەرز بولۇشى جاكارلانغاندىن كېيىن فىرانسىيەلىك 40 ياشلىق بىر دوختۇرنىڭ بىر كېچىدىلا چېچى ئاقىرىپ كەتكەن. ئالىملار بۇنى تەتقىق قىلىپ مىللەت، ۋەتەن ئۈچۈن قايغۇرۇپ شۇنداق بولغان دېگەن يەكۈننى چىقارغان. بەلكىم يەنە بىر قىسىم فىرانسىيەلىكلەر ۋەتەن، مىللىتى مۇنقەرز بولغاندا چېچى ئاقىرىپ كەتكەن دوختۇردەك ۋەتەن، مىللىتىنىڭ قايغۇسىنى يەۋاتقان بولسا، يەنە بىر قىسىم فىرانسىيەلىكلەر گېرمانلارنىڭ غەلبىسىنى تەنتەنە قىلىپ، رومكا سوقۇشتۇرۇپ كۆڭلىنى ئېچىۋاتقان بولۇشى مۇمكىن. ياپونلار جۇڭگونى مۇنقەرز قىلغاندىمۇ، ۋەتىنىنى مۇنقەرز قىلىپ، خوتۇن- بالىلىرىنى دەپسەندە قىلغان ئالۋاستىلارغىمۇ گۈلچەمبىرەك تەقدىم قىلغان مۇناپىقلار كۆرمىڭلاپ چىققان ئىدى.

دېمەكچىمىزكى، ۋەتەنپەرۋەرلىك قەغەزدىكى شوئارلا ئەمەس، بەزىدە كۆرۈنۈش جەھەتتە باشقىلارنى دائىم ۋەتەنپەرۋەر بولۇشقا ئۈندەيدىغانلار، ۋەتەن ھەققىدە گەپ ساتىدىغانلارنىڭ ئۆزى ساتقىن چىقىپ قېلىشى، يەنە بەزىدە كۈنبويى لاغايلاپ يۈرىدىغان، باشقىلارنىڭ كۆزىگە سىغمايدىغان، ئاسمانغا پىچاق ئاتىدىغانلار ۋاقتى كەلگەندە ۋەتەن ئۈچۈن ئۆزىنى بېغىشلىغان قەھرىمان بولۇپ كېتىشى مۇمكىن. بۇنداق مىساللارنى ھەر قايسى دۆلەتلەر تارىخىدىن كۆپلەپ ئۇچرىتالايمىز.

گەرچە ھازىر ئېيتقىنىمىزدەك ۋەتەنپەرۋەرلىكنىڭ دەرىجە پەرقىنى ئۇنداق روشەن ئايرىش بەكلا نىسپىي ئىش بولسىمۇ، شۇنىسى ئېنىقكى، جەمئىيەتتە ۋەتەنگە بولغان مۇھەببەت، پوزىتسىيە جەھەتتە بىر- بىرىدىن پەرقلىنىدىغان قاتلاملار مۇقەررەر مەۋجۇتتۇر.

بەزىلەر خۇددى A دەرىجىدىكى توپخۇمار ئۆزىنى تەۋە ھېسابلايدىغان كوماندىنىڭ ئىشلىرىغا بەك ئېرەن قىلىپ كەتمىگەندەك، ۋەتىنىنىڭ ئىشلىرىغا بەك كۆڭۈل بۆلۈپ كەتمەيدۇ. تېخىمۇ ئېنىقراق دېگەندە، ۋەتىنىڭ قايسى دېگەن سوئالغا توغرا جاۋاب بېرەلىسىمۇ، ۋەتەن ئۇقۇمى ئۇنداق كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشىدا، تەپەككۇرىدا

مەۋجۇت بولمايدۇ. ئۇلارنىڭ هاياتى، خىزمىتى، ئۆگىنىشى دېگەندەك پائالىيەتلىرىگە هېچقانداق تەسىر كۆرسىتەلمەيدۇ. بۇنداق ئادەملەر ۋەتىنىنىڭ تارىخىنى ئومۇمەن بىلىپ كەتمەيدۇ. ئۆتمۈشىگە قىزىقمايدۇ، پاكى بىلدى دېگەندىمۇ تارىختىكى بەزى ئىنتايىن ئالاهىدە ۋەقەلەرنى چالا- بۇلا بىلىشى مۇمكىن. باشقىلار ۋەتىنىگە ئائىت بەزى تەپسىلاتلارنى سوراپ قالسا چوقۇم بەكلا تاقىقا- تۇقا گەپ قىلىدۇ.

ئۇلار كۈندىلىك تۇرمۇشىدا خىزمىتى، ئائىلىسى ۋە بەزى ئىجتىمائىي چەمبىرەكلەرنىلا ئوربىتا قىلىپ ياشايدۇ. تېلېۋىزور، گېزىتلەردىن دۆلىتىگە مۇناسىۋەتلىك ئالاهىدە چوڭ خەۋەر بولمىسا باشقا ئادەتتىكى نورمال خەۋەرگە دىققەت قىلمايدۇ. ئاشۇ ئالاهىدە خەۋەرگە دىققەت قىلدى، دېگەن تەقدىردىمۇ چوقۇم بىردەمدىلا كالالىسىدىن چىقىرىپ تاشلايدۇ. گەپ بۇ يەرگە كەلگەندە مۇنداق بىر مىسالنى قىستۇرۇشنى زۆرۈر تاپتىم. ياپونىيەلىك بىر ئايال ئوقۇتقۇچى بولۇپ، ئۇ بىزگە ياپون تىلى دەرسى بېرەتتى. بىراق ئۇ مېنىڭ نەزىرىمدە بىر تىل ئوقۇتقۇچىسى بولۇپلا قالماستىن، ئۇستا بىر رەسسام، تارىخچى، ئانتروپولوگ ئىدى. ئۇ ئۆز دۆلىتىنىڭ ئۆتمۈشى، هازىرقى مەدەنىيىتىگە ناهايىتى پىششىق بولۇپ، ۋەتىنىنىڭ تاغ- دەريالىرى، مىللىتىنىڭ تۇرمۇش، ئۆرپ- ئادەتلىرى دېگەنلەرنى شۇنداق تەپسىلىي تونۇشتۇرۇپ بېرەلەيتتى. بەزىدە ئارىلاپ- ئارىلاپ ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆرپ- ئادەت جەھەتتىكى سېلىشتۇرما مەسىلىرى ۋە تەڭرى تېغى، تارىم دەرياسى دېگەندەك تاغ- دەريالار توغرىسىدىكى ساۋات خاراكتېرلىك سوئاللارنى سورىغاندا بولسا تولىمىز جىمىپ قېلىشاتتۇق.

ئۇ هەر كۈنى دەرسكە كىرگەندە دۆلىتىدە بولۇۋاتقان كۈندىلىك ئۆزگىرىش، سىياسىي سەھنىدىكى يېڭى ۋەقەلەردىن بىزنى خەۋەردار قىلاتتى. ئۇ باشقا بىر ئەلدە تۇرۇپمۇ دۆلىتىنىڭ كۈندىلىك خەۋەرلىرىنى ئىنتېرنېت تورى ئارقىلىق كۆرۈپ ئۈلگۈرەتتى. ئۇ هەر كۈنى كەچ چوقۇم دۆلىتىگە مۇناسىۋەتلىك خەۋەرنى ئىنتېرنېت توردىن كۆرۈشنى ئادەتكە ئايلاندۇرۇۋالغانلىقىنى، بۇ هەقتىكى خەۋەرلەرنى كۆرمىسە كۆڭلىنىڭ ئارام تاپمايدىغانلىقىنى سۆزلەپ بېرەتتى.

بىز گەرچە شىنجاڭدىكى هەر قايسى ئالىي بىلىم يۇرتلىرىدىن كەلگەن ئوخشىمىغان كەسىپتىكى تىل ئۆگىنىش كۇرسانتلىرى بولساقمۇ، دۆلىتىمىز پاكى رايونىمىزدا بولۇۋاتقان ئۆزگىرىشلەر، يېڭى ئۇچۇر، خەۋەرلەر دېگەندەكلەردىن خېلىلا خەۋەرسىز ئىدۇق. يەنە كېلىپ مەخسۇس ئىنتېرنېت تورى ئارقىلىق رايونىمىزدىكى ئۆزگىرىشلەرگە ئومۇمىي مەۋقەدە كۆڭۈل بۆلۈپ دىققەت نەزىرىنى سالىدىغانلار يوق دېيەرلىك ئىدى. بىراق ئۆز مەنپەئەتىگە بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك ئائىلە تۇرمۇشى، خىزمىتى توغرىسىدا كۈندە نەچچە قېتىملاپ تېلېفوندا سۆزلىشەتتى، بەش مىنۇت ۋاقىت چىقىرىپ ئىنتېرنېت توردىن رايونىمىزدىكى يېڭى ئىش، يېڭى ئەھۋاللار توغرىسىدىكى خەۋەرلەرنى ئەسلا كۆرۈپ قويمايتتى. لېكىن، ئۆز مەكتىپى، ئىدارىسى، ئىشخانىسىدىكى باشلىقنىڭ ئالمىشىشى، ئۆزىنىڭ ئۇنۋان ئىشىنىڭ هەل بولغان- بولمىغانلىقى، ئۆستۈرۈلىدىغانلار قاتارىدا ئۆز ئىسمىنىڭ بار- يوقلۇقى دېگەندەكلەردىن هەر كۈنى خەۋەر تېپىپ تۇراتتى.

بۇ هالەتلەرنى ئويلىغىنىمدا بەزىلەرنىڭ دەريا بىلەن كارى يوق، ئۆز ئۆيىنىڭ ئالدىدىكى ئېرىقنى چېپىش بىلەن ئالدىراش يۈرگىنىدەك مەنزىرە كۆز ئالدىمغا كەلدى. راستىنى ئېيتقاندا، بىزنىڭ يۇقىرىقى هالىتىمىزلا ئۆزىمىزنىڭ A دەرىجىگە تەۋە توپخۇمار ئىكەنلىكىمىزنى كۆرسىتىپ بېرەتتى. بۇ دەرىجىدىكىلەر ۋەتىنىنىڭ ئۇتۇقلىرى ئۈچۈن پەخىرلىنىپ شادلىنىشى، شۇنداقلا ئۇنىڭغا كەلگەن بەزى ئوڭۇشسىزلىقلار ئۈچۈن قايغۇرۇشىمۇ ئىنتايىن تۇتۇق بولىدۇ. تەۋەلىك مۇناسىۋىتى تولىمۇ غۇۋا.

بۇ خىل كىشىلەر تاكى ۋەتەن بەكلا چوڭ خەتەرگە دۇچ كەلسە، بۇ خەتەر ئۇنىڭ شەخسىي مەنپەئەتى ئۈچۈنمۇ تەهدىت شەكىللەندۈرەلىسە، ئاندىن ۋەتەنپەرۋەرلىك هېسسىياتى ئويغىنىشى مۇمكىن.

مۇنداق بىر كىنو ئېسىمدە، ياپونىيەلىككە چاكار بولۇپ يۈرگەن جۇڭگولۇق بىر ساتقۇن ئىزچىل ئۇلارنىڭ كەتمىنىنى چېپىپ، خىزمەت كۆرسىتىپ كەلگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە، ياپون ئوفىتسېرىنىڭ كۆزى تۇيۇقسىز ئۇنىڭ ئايالىغا چۈشۈپ قالىدۇ ۋە ئورۇنسىز تەلەپ قويىدۇ. زورلۇق قىلىدۇ. ئۇ، دۈشمەننى هەقىقىي تونۇپ يەتكەندە كېچىككەنلىكىنى هېس

www.uyghurkitab.com

قىلدۇ، ئۆكۈندۇ. ئاخىرى تىغ كۆتۈرۈپ ئايالىنى قوغداش يولىدا جېنىدىن ئايرىلدۇ.

دېمەك، بۇنداق كىشىلەر ۋەتەنگە پايدىلىق ئىش قىلىپ بېرەلمىگەندىمۇ زىيانلىق ئىش قىلمىسىلا خوش بولۇشقا تېگىشلىك. ئۇلار بالىلىرى مەيلى نېمە كەسىپتە ئوقۇسا ئوقۇپ، جېنىنى باقالىغۇدەك ئىش تاپالىسىلا كۇپايىلىنىدۇ. بالىلىرىنىڭ ۋەتەن- مىللەت ئۈچۈن يارامىلىق ئادەملەردىن بولۇشى كاللىسىغا قىلچىلىكمۇ كىرىپ چىقمايدۇ.

يەنە بەزى ئادەملەر بار، ئۇلارنىڭ ۋەتەن ئېڭى چۈشەنچىسى خېلىلا روشەن. ۋەتىنىگە بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك ئىشلارغا خېلىلا كۆڭۈل بۆلىدۇ. مەسىلەن: ھازىرقىدەك يەرشارى خاراكتېرلىك پۇل مۇئامىلە كرىزىسى بولۇپ قالسا، بۇنىڭ مېنىڭ ۋەتىنىمگە تەسىرى قانداق بولار دېگەننى ئويلايدۇ (ئەمما يۇقىرىقى كىشىلەر ئويلاپمۇ قويمايدۇ). بۇلار ۋەتىنىنىڭ تارىخىدىكى مۇھىم ۋەقە، مەشھۇر تارىخىي شەخس دېگەنلەرنى بەك تەپسىلىي بىلىپ كەتمىسىمۇ، ئەمما كاللىسىدا ئۇلار ھەققىدە مۇئەييەن تەسىر ئىزنا بار. مەسىلەن، خۇڭ شيۇچۈەن، قۇتلۇق شەۋقى دېگەنلەرنى بىلمىسىمۇ، سۇن جۇڭشەن، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر، جىڭدە يېغىلىقى، جياۋۇ ئۇرۇشى دېگەنلەرنى ئېنىق ئەسكە ئالالمىسىمۇ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى، ئەپيۇن ئۇرۇشى دېگەنلەرنى بىلىدۇ. بۇنداق كىشىلەر گەرچە توپ مەستانىسى بولمىسىمۇ دۆلەت كوماندىسى قاتناشقان مۇسابىقىلەرنى ئىمكانىيىتى، ۋاقتى يار بەرسىلا كۆرىدۇ. غەلىبە- مەغلۇبىيەتتىن ھاياجانلىنىدۇ. بۇ خىل كىشىلەر يەنە خەلقئارا مەسىلىلەرگە خېلى قىزىقىدۇ. خەۋەرلەرنى كۆرۈپ تۇرىدۇ. دۇنيادىكى ئۆزگىرىشلەردىن خەۋەردار بولۇپ تۇرۇشنى، بۇ مەسىلىلەر ئۈستىدە باشقىلار بىلەن پاراڭلىشىشنى ياخشى كۆرىدۇ. شۇنداقلا يەنە ئۆز دۆلىتىدىكى ھەر قايسى ساھەدىكى مەشھۇرلارنى ئاساسەن بىلىدۇ. مەشھۇر زىيالىيلىرىنىڭ ئەسەر، ماقالىلىرى ئۇچراپلا قالسا ئوقۇپ چىقىدۇ، ئۇلارنى ياخشى كۆرىدۇ. ئۇلار ھەققىدىكى مۇھىم-راق ئىش - ۋەقەلەرنى ئائىلىسىدىكىلەرگە بەزىدە سۆزلەپ بېرىدۇ. ۋەھالەنكى، بۇ خىل كىشىلەرگە نىسبەتەن ۋەتەننى سۆيۈش، ۋەتىنىگە پايدىلىق ئىش قىلىش يەنىلا مەكتەپلەردىكى دەرستىن سىرت پائالىيەتلەردەك قوشۇمچە ئىش. بۇ يەنىلا ئۇلارنىڭ ھايات كۈنتەرتىپىدە ئالدىنقى قاتارغا تىزىلالمىغان. خۇسۇسىي تۇرمۇش، شەخسىي مەنپەئەت يەنىلا ئۇلارنىڭ ھايات مەركىزى. ئۇلار ئۈچۈن ۋەتەننى سۆيۈش، ۋەتەن ئۈچۈن ئاز - تولا ئىش قىلىش ناۋادا ئاز - تولا جاپا مۇشەققەتلىك بولۇپ قالسا، مەلۇم بەدەل تەلەپ قىلىپ قالسا (مەيلى ماددىي ياكى مەنىۋى) ئۇلار ئىككىلىنىدۇ، چۈنكى بۇنداق بەدەللەرگە نىسبەتەن ئۇلاردا پۇختا ئىدىيەۋى تەييارلىق بولمايدۇ.

يەنە بىر تۈركۈم كىشى بار. ئۇلارغا نىسبەتەن ۋەتەن ئۇلارنىڭ بارلىقى. گەرچە ئۇلارنىڭمۇ شەخسىي تۇرمۇشى، ئائىلە، بالىلىرى بولسىمۇ، ۋەتەننى ئەڭ ئالدىنقى ئورۇنغا قويىدۇ. ئۇلار ۋەتەننى مەركەز قىلىپ تۇرۇپ ئۆزلىرىنىڭ ھايات پىلانىنى تۈزىدۇ. باشقا ئىشلىرىنى شۇنىڭغا ئاساسەن ئورۇنلاشتۇرىدۇ. ئۇلارنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىمۇ ۋەتەنپەرۋەرلىكىنىڭ بىۋاسىتە تەسىرى ئاستىدا بولىدۇ. مەيلى چوڭ بولسۇن، مەيلى كىچىك بولسۇن داۋاملىق ۋەتەن ئۈچۈن ئەھمىيەتلىك ئىشلارنى قىلىشتىن ھۇزۇرلىنىدۇ. شۇنداق ئىشلارنى ئىزدەپ يۈرۈپ قىلىدۇ. بۇلارنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىكى مەلۇم بىر تاشقى تۈرتكىنىڭ كۈچى بىلەن ئەمەس، ئۇنىڭ ئىچكى ھېسسىياتىنىڭ ئۇرغۇپ- قايناپ چىقىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. ۋەتەننى سۆيۈش ئۇلارغا نىسبەتەن ۋەزىپە ئەمەس، بەلكى، مۇقەددەس بۇرچتۇر. ئۇلار ۋەتەن ھەققىدىكى ئۇچۇرلار، خەۋەرلەرگە ئالاھىدە قىزىقىپلا قالماي بۇ خىل خەۋەر- ئۇچۇرلارنى مەخسۇس يىغىدۇ، توپلايدۇ. سىياسىي، ئىقتىساد، مەدەنىيەتكە مۇناسىۋەتلىك ژۇرناللارغا مەخسۇس مۇشتەرى بولىدۇ. ئىنچىكە كۆرۈپ تۇرىدۇ. بۇ ساھەدىكى يازغۇچىلارنىڭ ھازىرقى، ئىلگىرىكى ئەسەرلىرىنى (ئېلان قىلدۇرغان كىتابلارنى) بىلىدۇ. دۆلىتى ۋە ۋەتەنداشلىرىنىڭ قولغا كەلتۈرگەن ئالاھىدە مۇۋەپپەقىيەتلىرىدىن كۈچلۈك ھاياجانلىنىدۇ. ھاياجاندىن كۆزىگە ياش ئالىدۇ. ۋەتىنى مەيلى كۈچلۈك ياكى ئاجىز، باي ياكى نامرات بولسۇن، خەلقىنىڭ نۇرغۇن ئىللەت ۋە ئاجىزلىقى بولسىمۇ، ھەرگىزمۇ ئۇلاردىن يۈز ئۆرۈمەيدۇ. ئۇلارنى يەنىلا ياخشى كۆرىدۇ. بالىلىرىغا بولغان ۋەتەن تەربىيەسىنى قاتتىق چىڭ تۇتىدۇ. ئۇلارنىڭ كەلگۈسىدە ھەم جېنىنى

ياخشى باقالايدىغان ھەم ۋەتەنگە پايدىلىق زۆرۈر بولغان كەسپلەردە ئوقۇشنى ئۈمىد قىلىدۇ ھەم شۇنداق قىلىشقا ئەمەلىي ھەرىكىتى بىلەن ئۇرۇنىدۇ. بۇلاردا ۋەتەنپەرۋەرلىكنىڭ بەزى مۇقەررەر بەدەل-قۇربانلىقلىرىغا نىسبەتەن ھەم مەلۇم دەرىجىدە تەييارلىقى بولىدۇ. ئاۋادا شۇنداق ۋاقىتلار كېلىپ قالسا، بەك چۆچۈپ، ئالاقزادە بولۇپ كەتمەيدۇ...

ئەگەر كىشىلەرنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىپادىلىرىنى سۆزلىگىلى تۇرساق گەپ ئۇزىراپ كېتىشى مۇمكىن. بىز پەقەت مۇشۇ بايانلاردىن ئۆزىمىزنىڭ ۋەتەننى زادى قانچىلىك دەرىجىدە سۆيىدىغانلىقىمىزغا ئېنىق دىياگنوز قويالىساقلا بولىدۇ. ھېچكىم ئۆزىنى مەن ۋەتەننى سۆيمەيمەن دېمەيدۇ. ئەمما، ۋەتەن سىزدىن زادى نېمىلەرنى كۈتىدۇ؟ ۋەتەن ئۈچۈن سەن زادى نېمە ئىش قىلىپ بېرەلەيسەن دېگەن سوئالغا نىسبەتەن، گەرچە مەلۇم دەققىلەرنىڭ كىشىلەر ۋۇجۇدىدا يوشۇرۇنۇپ ياتقان ۋەتەنپەرۋەرلىك ھېسسىياتىنى قوزغىتىشى ئۈچۈن ئالاھىدە تەسىرى بولىسمۇ، ئەمما ھەربىر ۋەتەن پۇقراسىنىڭ بۇنداق دەققىلەرنى ساقلاپ تۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق.

شۇنىسى ئېنىقكى، سىز ھەر قانداق ئورۇن، ھەرقانداق ۋاقىتتا ئۆزىڭىز خالىسىڭىزلا ۋەتەنپەرۋەر بولالايسىز. ۋەتەن ئۈچۈن چوڭ ئىشلارنى قىلالمىسىڭىزمۇ قولىڭىزدىن كېلىدىغان كىچىك ئىشلارنى قىلسىڭىز، قىلىشقا تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ باقسىڭىزلا كۇپايە.

ھەممىنى ئۇنتۇپ ۋەتەننىلا ئويلا دېيىش ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن بولمىسىمۇ، ئەمما ئېشىنغان ۋاقىتلىرىڭىزدا ۋەتەن ئۈچۈن غەم يېيىش، ۋاقىتنى ئەھمىيەتسىز ئىشلارغا سەرپ قىلغانىڭ ئورنىدا كىتاب، ژۇرنال ئوقۇپ قويسىڭىزمۇ ياكى بالىلىرىڭىزغا بىرەر قەھرىماننىڭ ھېكايىسىنى سۆزلەپ بەرسىڭىزمۇ، ھەتتا مەھەللىڭىزنىڭ تازىلىقىغا كۆڭۈل بۆلۈپ قويسىڭىزمۇ، تۇپرىقىڭىزنىڭ بىر تامچە سۈيىنى تېجىسىڭىزمۇ، بىر تۈپ گىياھنى ئاسرىسىڭىزمۇ، پەرۋىش قىلسىڭىزمۇ، باشقىلار بىلەن بولغان تۈرلۈك ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت ۋە سورۇنلاردا ئۆز خەلقىڭىزنىڭ ئوبرازىنى ساقلىسىڭىزمۇ، خەلقىڭىزنىڭ ئەخلاق ئۆلچىمى بويىچە ياخشى بىر تۇرمۇش ئادىتى يېتىلدۈرسىڭىزمۇ، ۋەتەننى سۆيگەنلىك بولىدۇ. بىلىسىز، ئاددىي ئىشلارنى قىلىش بىلەنمۇ ۋەتەننى سۆيگىلى بولىدۇ. ئۆزىنى ئاددىي ئىشلارنى قىلىش ئارقىلىق ۋەتەننى سۆيۈشكە ئادەتلەندۈرەلمىگەن ئادەم ھەرگىزمۇ چوڭ ئىشلار ئارقىلىق سۆيەلمەيدۇ. كۈندىلىك ھايات كۈنتەرتىپىدىن ۋەتىنىگە ئازراق ئورۇن بېرەلمىگەن ئادەمنى قانداقمۇ ۋەتەنپەرۋەر دېگىلى بولىدۇ؟ سىز توپ ئويناش، كىنو كۆرۈش، رەسىم سىزىش، ناخشا ئاڭلاش دېگەنلەرگە قىزىقسىڭىزمۇ، قىزىقمىسىڭىزمۇ بولىدۇ. ھەتتا مەلۇم ئادەمنى ياخشى كۆرسىڭىزمۇ، كۆرمىسىڭىزمۇ بۇنىڭ كارايىتى چاغلىق. بۇلار ئالدىدا سىز مۇھەببىتىڭىزنى قانداق بېكىتىشكە ھوقۇقلۇق. ئەمما، سىز ۋەتىنىڭىزنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئېتىراپ قىلسىڭىزلا، ھەققانىيەت نۇقتىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا سىزدە ۋەتەننى سۆيۈش، سۆيمەسلىك ئەركىنلىكى بولمايدۇ، بۇ يەردە پەقەت ئۇنى سۆيۈشتىن ئىبارەت بىرلا يول بار. ۋەتەننى سۆيمەسلىككە ھېچقانداق باھانە كېرەك ئەمەس، ئۇنىڭ بىز ئۈچۈن «ۋەتەن» ئىكەنلىكىنىڭ ئۆزىلا كۇپايە، ئەمدى ئۆزىڭىزدىن سوراپ بېقىڭ: سىز زادى ۋەتەنپەرۋەرمۇ؟

ۋەتەنپەرۋەرلىك تارىخىيلىققا ئىگە بولۇپ، ئوخشاش بولمىغان تارىخىي شارائىت ۋە مەدەنىيەت مۇھىتىدا بارلىققا كەلگەن ۋەتەنپەرۋەرلىكنىڭ مەزمۇنىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ. مەسىلەن، يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلاب دەۋرىدە ۋەتەنپەرۋەرلىكنىڭ كونكرېت ئىپادىسى «ئۈچ چوڭ تاغ»نى ئاغدۇرۇپ يېڭى جۇڭگو قۇرۇش بولسا، ھازىرقى باسقۇچتا سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئۈچۈن ئۆزىنى بېغىشلاش، يەنى تېخىمۇ كونكرېتلاشتۇرغاندا، ئۇرۇش دەۋرىدە ۋەتەن ئۈچۈن ئۆز ھاياتىنى تەقدىم قىلىشقا ھەر ۋاقىت تەييار تۇرۇش، تىنچلىق دەۋردە ئۆزىنىڭ ئىدىيە، سۆز - ھەرىكىتىدە مەسئۇلىيەت ۋە مەجبۇرىيىتىنى ھەرۋاقىت ئادا قىلىشنى كۆرسىتىدۇ. چۈنكى، ۋەتەنپەرۋەرلىك ئەمەلىيەتتە شۇ دۆلەت خەلقىنىڭ ئۆز ۋەتىنى، مىللىتى، ئىرقى، مەدەنىيىتىگە بولغان چوڭقۇر ھېسسىياتىنى كۆرسىتىدۇ. مەيلى سىز چەت ئەلدە بولۇڭ، جۇڭگودا بولۇڭ، ئاق تەنلىك بولۇڭ، قاراتەنلىك بولۇڭ، باي بولۇڭ، نامرات بولۇڭ، ئەر بولۇڭ، ئايال بولۇڭ، سىز ھامان بىر

ۋەتەنگە تەۋە بولىسىز. شۇڭا «ۋەتىنى يوقنىڭ ئۆيى يوق، ئۆيى يوقنىڭ ئۆزى يوق»... دېمەك ئاتا-ئانىمىز قانچە نامرات ۋە يوقسۇز بولسىمۇ پەرزەنتنىڭ ئاتا-ئانىسىغا بولغان مۇھەببىتى سۇسلىشىپ قالمايدۇ ۋە سۇسلىشىپ قالماسلىقى كېرەك. بىزدە: «ئاتىلىقلار، ئانىلىقلار، دەستە-دەستە گۈل ئىكەن. ئاتىسىزلار، ئانىسىزلار كۆيۈپ ئۆچكەن كۈل ئىكەن...» دېگەن خەلق قوشىقى بار. مەيلى ئۇنى قانداق سۆز-ئىبارە بىلەن سۈپەتلەيلى، ئۇ ئەڭ ئېسىل ۋە چىرايلىق سۆزلەر بىلەن سۈپەتلىنىشى كېرەك. يەنى، ۋەتەن بىزنىڭ ئاتا-ئانىمىز، بىز قۇدرەتلىك ۋەتىنىمىز ئارقىلىقلا «دەستە گۈل»گە ئايلىنالايمىز. ئۇنداقتا بۇنى قانداق چۈشىنىش كېرەك؟ بىز بۇ نۇقتىنى سۈن جۇڭشەن ئەپەندىنىڭ باشقىلارغا سۆزلەپ بەرگەن مۇنۇ ھېكايىسى ئارقىلىق چۈشىنىپ كۆرەيلى:

جەنۇبىي دېڭىزدىكى ياۋا ئارىلى (ھىندونېزىيەنىڭ ياۋا ئارىلى) دا جۇڭگولۇق بىر مىليونېر بولۇپ، بىر كۈنى ئۇ دوستىنىڭ ئۆيىگە مېھماندارچىلىققا بېرىپتۇ. يېرىم كېچە بولغاندا ئاندىن ئائىلىسىگە قايتماقچى بولۇپ خوشلىشىپ مېڭىپتۇ. ئۇ بەش قەدەم ئالمايلا يانچۇقىنى ئاختۇرۇپ كېچىدە يول يۈرۈش گۇۋاھنامىسىنى ئېلىۋالمىغانلىقىنى بايقاپتۇ. يەرلىكنىڭ قانۇن بەلگىلىمىسى بويىچە جۇڭگولۇقلار كېچىدە يول يۈرگەندە چوقۇم يول يۈرۈش گۇۋاھنامىسى ئېلىپ مېڭىش شەرت ئىكەن. ئەگەر ئۇنداق قىلمىغاندا، گوللاندىيەلىك چارلىغۇچىلار بايقاپ قالسا يېنىك بولغاندا جەرىمانە، ئېغىر بولغاندا تۈرمىگە تاشلىنىدىكەن. ھېلىقى مىليونېر بۇنىڭغا تەۋەككۈل قىلالماپتۇ. بىراق ئۇ ئۆيىگە قايتمىسا بولمايتتى. قانداق قىلىش كېرەك؟ ئۇ توساتتىن ئۆزىگە يېقىن بىر جايدا ياپونىيەلىكلەرنىڭ بىر پاھىشەخانىسى بارلىقىنى بايقاپ، پۇل خەجلەپ بىر پاھىشەنى ئېلىپ چىقىپ كوچىدا ئۇنى قولتۇقلاپ مېڭىپ ئۆيىنىڭ ئالدىغا بارغاندا قايتۇرۇۋېتىدۇ. پاھىشە ئۇنىڭغا ھەمراھ بولۇپ ماڭغانلىقى ئۈچۈن گوللاندىيەلىك چارلىغۇچىلار ئۇنىڭدىن سوئال سوراشقا پېتىنالمىغان. شۇنداق قىلىپ ئۇ ئۆيىگە خاتىرجەم قايتقان.

پېكىر قىلايلى، بىرى مەرتىۋىلىك مىليونېر، يەنە بىرى تۆۋەن دەرىجىلىك پاھىشە. توغرا، ئادەتتىكى ئەھۋالدا مىليونېر چوقۇم پاھىشەدىن يۇقىرى ئىناۋەتكە، ئابرۇيغا ئىگە بولۇشى كېرەك ئىدى. بىراق ھېلىقى مىليونېر جۇڭگولۇق، ھېلىقى پاھىشە ياپونىيەلىك ئىدى. ياپونلۇق پاھىشە گەرچە نامرات بولسىمۇ دۆلىتى قۇدرەتلىك، كۈچلۈك ئىدى. شۇڭا ئۇنىڭ خەلقئارادىكى ئىناۋىتى يۇقىرى، كىشىلىك ئەركىنلىك ھوقۇقى كاپالەتكە ئىگە بولغان. جۇڭگولۇق باي گەرچە مىليونېر بولسىمۇ، بىراق ئۇنىڭ ۋەتىنى ئاجىز، نامرات بولغاچقا ئۇنىڭ يول يۈرۈش ئەركىنلىكىمۇ پاھىشە ئايالچىلىك كاپالەتكە ئىگە بولالمىغان. بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئەگەر ۋەتىنىڭ ئاجىز، نامرات بولۇپ سەن ھەرقانچە مىليونېر، مىلياردېر بولساڭمۇ باشقىلارنىڭ پاھىشە ئاياللىرىغا تەڭ كېلەلمەيسەن. ۋەتىنىڭ ئاجىز ۋاقىتتا خەلقىڭ ئوخشاشلا ئاجىزلىقنىڭ ئازاب-ئوقۇبىتىنى، خورلۇقىنى تارتىدۇ.

دېمەك، بىزنىڭ تەقدىر-قىسمىتىمىز ۋەتەن بىلەن چەمبەرچاس باغلانغان، ئۇنىڭ كۈلكىسى بىزنىڭ كۈلكىمىز، ئۇنىڭ يىغىسى بىزنىڭ يىغىمىز. ئۇنىڭ بەخت ياكى ئازابى ئوخشاشلا بىز بىلەن بىرگە. ۋەتەن كۈلگەندە، ۋەتەندىن ئىبارەت بۇ مۇبارەك زېمىن پاك سۈبھى نۇرىغا چۆمۈلگەندە، ئاندىن بىزنىڭ نەۋباھارىمىز بولىدۇ.

---

ئاپتور: خوتەن پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكومى سىياسىي-تارىخ فاكۇلتېتىنىڭ لېكتورى.

**بۇ سانىنىڭ مەسئۇل كوررېكتورى: قەييۇم تۇرسۇن؛ تەرجىمە ئەسەرلەرنىڭ تەكلىپلىك تەھرىرى: ھەبىبۇللا مۇھەممەت؛ كومپيۇتېر مەشغۇلاتىدا: ماشىنىست ۋە بەتچى نۇرمۇھەممەت ئۆمەر ئۈچقۇن، گۈلنار رۇستەم (تەكلىپلىك).**

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



# لوگىكىلىق ئايرىش تەپەككۇرنىڭ جېنى

ئابلەت مۇھەممەت

پۈتكۈل ئىجتىمائىيەت، جەمئىيەت ھادىسىلىرى ھەققىدىكى قاراش، ھۆكۈم، پىكىر-مۇلاھىزە ۋەھاكازالارنىڭ ھەممىسى لوگىكا(مەنتىقە)دىن ئايرىلالمايدۇ. ھەتتا تەبىئەت دۇنياسى، ئادەمزاتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مەۋجۇداتنىڭ ئۆزىمۇ بىر تەبىئىي لوگىكا، ئالەمدىكى قانۇنىيەتلىك ۋە ماسلىقنىڭ ئۆزىمۇ بىر تەبىئىي لوگىكا. ئالەمدىكى قانۇنىيەتلىك ۋە ماسلىق شەكلىنىڭ ئالەملىك مەۋجۇدىيىتى لوگىكىنىڭ ھەممە شەيئىدىكى مەڭگۈلۈك مەۋجۇدىيىتىنى ئىسپاتلاپ تۇرۇپتۇ.

جانلىقلار مەۋجۇدات دۇنياسىدىكى بىردىنبىر ئاڭ ۋە تەپەككۇر قابىلىيىتىگە ئىگە قىلىپ يارىتىلغان بىز ئىنسانلارنىڭ پۈتكۈل جىسمىمىز، ئۆزئارا يۈكسەك ئۇيغۇنلۇق ھالىتىمىز بىزنى ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئىجتىمائىي پائالىيەت مەيدانىنىڭ ئاكتىپ ئىشتىراكچىسى بولۇش شەرتى بىلەن تەمىنلىگەنىدى.

بىز مۇشۇ ئادەملەر يۈكسەك قانۇنىيەتلىك ئۇيغۇنلاشما سەنئىتىنىڭ مەھسۇلى بولۇپ تۇرۇقلۇق ئۆزىمىزنىڭ بىر تەبىئىي لوگىكا ئىكەنلىكىمىزنى چۈشەندۇقمۇ؟ ئۆزىمىزگە مۇناسىۋەتلىك ئىشلىرىمىزنى ئاشۇ لوگىكىلىق تەلەپ ۋە ئېھتىياج بويىچە بىر تەرەپ قىلالىدۇقمۇ؟ بۇنىسى ناتايىن.

مەن لوگىكا ھەققىدىكى قائىدە-قانۇنىيەتلەر ھەققىدە يېزىلغان بىر قىسىم ئەسەرلەرنى كۆرگەنىدىم. لېكىن ئەڭ ئاخىرىدا ئەڭ ئاممىباب، ئەڭ ئاددىي لوگىكىلىق ئۇقۇم دەپ مۇنداق بىرلا يەكۈنگە كەلگەن ۋە ئۇنى ھاياتلىق مۇساپىمىزدا تەۋرەنمەي قوللىنىشىمىز زۆرۈر ئىكەن دەپ قارىغانىدىم. ئۇ بولسىمۇ «ئېنىراپ قىلىش» ئىدى. بۇ، شۇنداق دېگەنلىككى، مۇئەييەن ھالەت، ھادىسە، شەيئىلەرنىڭ ئەسلىي ھالىتى، ماھىيىتى بويىچە شۈبھىسىز ئېنىراپ قىلىش، چۈشىنىش ۋە چۈشەندۈرۈش. شۇ ئاساستا ئۇقۇملارنى زىددىيەتلىك، ئۆتكۈنچى ھالەتتىن ئازاد قىلىپ، تەرتىپلىك تەبىئىي قانۇنىيەتكە سىغدۇرۇش، تەبىئىي قايىللىق بويىچە راستچىللىق يولىدا مېڭىش دېگەنلىك ئىدى. ئەپسۇسكى، ئەتراپىمىز ئۆز مەۋجۇدىيىتىمىزگە تامامەن زىت بولغان، ئاخىرقى ھېسابتا ئۆزىمىزگە ئۆزىمىز زىيان سالىدىغان «مەنتىقە» ئۇقۇملىرى بىلەن قورشىلىپ كەتتى. قانداقتۇر مۇئەييەن «مەقسەتكە مۇۋاپىقلاشتۇرۇش» ئۈچۈن «پايدىسىز راست گەپ»تىن «پايدىلىق يالغان گەپ»نى تەشەببۇس قىلىش، ئەسلىي ھالەتنى پەرداز ئىچىگە يوشۇرۇش، شەكىل، ئوبراز يارىتىش، كاپالەت بىلەن سودا ئېلان - تەشۋىقاتلارنى قىلىش، بىر قىسىم پېتەكچى رولىلۇق تىپنىڭ كىشىلەر قەلبىدىكى سۆزلەرنى تېپىپ چىرايلىق سۆزلىشى ، ۋەدىلەرنى بېرىشىمۇ بىر لوگىكا. يىغىپ ئېيتقاندا، سەممىيەتسىزلىك، سۆز بىلەن ھەرىكەتنىڭ بىردەك بولماسلىقى زامانىمىزدىكى لوگىكا كېسەللىكلىرىدۇر.

روشەنكى، ئەمەلىيەتتىن چەتنىگەن، ئۆزئارا ۋە

يۇقىرى- تۆۋەننى ئالداشنى مەقسەت قىلىدىغان ھەرقانداق ئىنكاس، تەشۋىقىي ئىبارىلەر كىيىن لوگىكىنىڭ ئىلكىدە بولغاچقا، ئۇ، كىشىلەرنى قايىل قىلىش مەقسىتىگە يېتىشنىڭ ئەكسىچە، قارشىلىق، غەزەپ- نەپرەتنى پەيدا قىلىدۇ. گەرچە بىز لوگىكا دائىرىسىنى ئىجتىمائىي تۇرمۇش كەڭلىكىنىڭ بارلىق ساھەسىدە قوللىنىشنى تەشەببۇس قىلىدىغان، ئەمەلىيەتتىمۇ شۇنداق بولىدىغان بولسىمۇ، لوگىكىنىڭ ئەڭ تۈپكى يارقىن ئىپادە شەكلى سۆز- ئىبارىلەردىكى تەبىئىي قايىللىقتا يېتىشتۇر. ئەمەلىيەتتە مۇئەييەن ئىجتىمائىي ئۈنۈمگە ھەقىقىي ئېرىشىش مەقسەت قىلىنغان بارلىق پائالىيەتتە زۆرۈرەن نەرسە، سەممىيەتنى ئاساس قىلغان تىل سەنئىتىدۇر.

ئەلۋەتتە بۇ، كىشىلەردىن ئىلمىي لوگىكا قانۇنىيىتىگە ئەمەل قىلىپ، رېئاللىقتىكى ساۋاقلارنى ئەينەك قىلىپ، زىددىيەتلىك ئامىللارنى ئادىل، توغرا ھەل قىلىشقا كۈچ بېرىپ، ھۆرمەت، قايىللىقنىڭ داغدام يولىدا تەۋرەنمەي مېڭىشنى تەلەپ قىلىدۇ.

ئەمما بىز مۇنداق بىر جەمئىيەت رېئاللىقنى دىققەتتىن ساقىت قىلالمايمىز. نۆۋەتتە، بۇ يەردە بىز دەۋاتقان ئاتالمىش زامان لوگىكىسى چەكتىن ئاشقان شەخسىيەتچىلىكنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىدۇر. بىز بۇ ھەقتە مۇنداق «تەشەببۇس» لارنى بىلىمىز: «لوگىكا دېگەن نېمە؟— زامانىمىزدا پۇل- بايلىق»، «باي بولۇشنى خالامسەن؟— ۋاستە تاللىما، رەھىمسىز بول، يولۋاستەك ۋەھشىي خاراكتېرنى يېتىلدۇر. كۆرمەيۋاتامسەن، ئەتراپىڭنىڭ ھەممىسى ئاغزىنى يوغان ئېچىپ تۇرغان يولۋاسلار بىلەن تولغان. دەپ باقە، راست سۆزلەپ، راست ئىش قىلىپ قېنى كىم مەقسىتىگە يېتەلىگەن، بېيىيالىغان!؟ بىلىپ قويغىنكى، پارا ئېلىشنى، پارە بېرىشنى بىلىشنىڭ ئۆزىمۇ زامانىنىڭ لوگىكىسى»، «ئىقتىدارسىزلارنىڭ قولىدىكى بايلىقنى ئىقتىدارلىقلارنىڭ قولىغا تۇرلۇك يول بىلەن چۇشۇرۇۋېلىش» نى بىلىشنىڭ ئۆزىمۇ بىر لوگىكا ۋە ھاكازالار. قارىغاندا، تۇرمۇش— ھاياتلىقتا يېڭى لوگىكا كەشپىياتلىرى تولۇپ كېتىپتۇ. مانا بۇلار قەيەرنىڭ لوگىكىسى؟ ئامېرىكىچە لوگىكىمۇ؟ ياۋروپا ياكى ئافرىقىچە لوگىكىمۇ ۋە ياكى...؟ مەيلى قانداق بولسا بولسۇن، بىز شەرتسىز ۋە بەلكى شۇبھىسىز ئېتىراپ قىلىمىزكى، ھەقىقىي لوگىكا ماھىيەتتە بىرلا— ئۇ ئاخىرقى ھېسابتا ئاداققىچە غالىبلىقنى نامايان قىلىپ تۇرىدىغان راستچىللىق، ھەققانىيەت لوگىكىسىدۇر. قەيەردە توغرا لوگىكا يۈزلىنىشى بولمىسا، شۇ يەردە ئىجتىمائىي فۇنكسىيە پالەچلىكى يۈز بېرىدۇ. بۇ پالەچلىك سىستېما قالايمىقانچىلىقى ۋە ھۆكۈمەتسىزلىكتۇر.

بىر جەمئىيەت لوگىكىسىنىڭ قانداقلىقى، شۇ جەمئىيەتنىڭ تەقدىرىنى بەلگىلەپ قويىدۇ. بىزنىڭ مىللىي قوۋم رېئاللىقىمىز بۇ نۇقتىنى تولىمۇ روشەن كۆرسىتىپ تۇرۇپتۇ. مەن «ئېتىراپ قىلىش» نى يازمىلىرىمىزدا ئەڭ ئاددىي، ئەڭ ئاممىباب لوگىكا ئۇقۇمىنىڭ تۈپكى شەرتى سۈپىتىدە قوللىنىشنى مىزان قىلىشتىن ئەسلا چەتنىمەسلىك زۆرۈر دەپ قارايمەن. رېئاللىقنىڭ ئەسلىي ھالىتىنى شەرتسىز ئېتىراپ قىلغاندىلا ئاندىن شەيئىلەر، ھادىسىلەر ئۈستىدىكى ئۇقۇملار ئاشۇ غول ئېقىمنى مەركەز قىلىپ توغرا، ھەققانىي يوللارنى بويلاپ قايىل قىلىش نۇقتىسىغا ئۇتۇشلۇق ئىلگىرىلەۋېرىدۇ.

بىز ئالەملىك زىددىيەت قانۇننى ئېتىراپ قىلىمىز. خۇددى ماددا بىرلەمچى، ئاڭ ئىككىلەمچى دېگەندەك ھەممە شەيئىنىڭ ئاساس(يادرو) قىسمى بىلەن يادرو سىرتىدىكى قىسمىدىن تەشكىل تاپىدىغانلىقنى، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ بىر- بىرىنى شەرت قىلىپ بىر پۈتۈنلۈكتە تەڭلا مەۋجۇت بولۇپ، بىر- بىرىنى ئىلگىرى سۈرىدىغانلىقنى بىلىمىز. ئەگەر دۇنيادىكى بارلىق شەيئى بىر پۈتۈن تەكشىلىكتە ئوخشاشلىق ھالىتىدە تەسەۋۋۇر قىلىنىدىغان بولسا، تەبىئىيكى، دۇنيا ئالىقاچان گۇمران بولغان، بەلكى مەۋجۇتمۇ بولمىغان بولاتتى. شۇڭا بىز ئالەملىك زىددىيەتنى، ھاياتلىقتىكى رىقابەتنى رېئاللىق سۈپىتىدە ئېتىراپ قىلىشنى ئۆز مەۋجۇدىيىتىمىزنى ساقلاش، ئىلگىرى سۈرۈشنىڭ لوگىكىلىق ئاساسى دەپ قارىماي تۇرالمايمىز، ئەلۋەتتە.

ئەمما بىز ئىجتىمائىي تۇرمۇشتا ئاشۇ لوگىكىلىق قانۇنىيەتلەرنى كۆپىنچە ئېسىمىزدىن چىقىرىپ قويىمىز، ئەمەلىي قوللىنىلىشچانلىقىغا ئىگە قىلالمايمىز. داغدۇغا ھالىتىدىكى ئىككىلەمچى شەيئىلەرگە تولىمۇ ماھىرلىق بىلەن بېرىلىپ كېتىپ، ئاساس بولغان بىرلەمچى شەيئىلەرگە ياكى سەل قارايمىز ياكى تونۇمايمىز. نەتىجىدە، ئاساس بىلەن كاتالىزاتور(تېزلەتكۈچ) نىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىرتەرەپ قىلمىغانلىقىمىز ئارقىسىدا

بىھۇدە ئاقىۋەتلەر بىلەن تۈگەللىنىمىز.

بىزنىڭ مىللىي قوۋمىمىزنىڭ پىسخىكىسى قانداق؟ لوگىكىسىدا مەسىلە بارمۇ ـ يوق؟ كۆزىتىشىمچە، بىزنىڭ پىسخىكىمىز ئېرىشچانلىققا مايىل، ھېسسىياتنى چىقىش قىلىدۇ. شۇڭا بىزنىڭ مەسىلىلەر ئۈستىدىكى لوگىكىمىزمۇ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ئەھۋالىمىزغا ماس ھالدا بىر تەرەپلىمىلىكنى ئىپادىلەپ تۇرۇپتۇ. روشەنكى، بىزدىكى لوگىكىلىق مەسىلە مۇناسىۋەتلىك شەيئىلەرنىڭ ئورۇن مۇناسىۋىتىنى ئىلگىرى ـ كېيىنلىك تەرتىپى بويىچە قاراشتىكى يېتەرسىزلىكتە ئىپادىلىنىدۇ. بۇ ھالەت ئىجتىمائىي ئەسەرلەردە ، ئىجتىمائىي ھادىسىلەرگە باھا بېرىشتە تولىمۇ ئېنىق نامايان بولماقتا. بۇ بىزنىڭ لوگىكىمىزدا ھەقىقەتەنمۇ مەسىلە بارلىقىنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن، بىز ئىلىم ـ پەن، تېخنىكا بىلەن ئەدەبىيات ـ سەنئەتكە بولغان پوزىتسىيەمىزنى لوگىكا نۇقتىسىدا تۇرۇپ كۆزىتىپ باھا بېرىپ باقايلى.

بىزنىڭ ئادەملىرىمىز ماددىۋىلىقنى ئاساس قىلغان پەن ـ تېخنىكىنى بىرلەمچى، مەنىۋىيەتنى ئاساس قىلىدىغان سەنئەتنى ئىككىلەمچى دەپ تىلغا ئېلىشتىن تولىمۇ ھەزەر ئەيلەيدۇ. ئۇلارچە بولغاندا، ھەرئىككىلىسى ئوخشاش، بىرىنى يۇقىرى، ئىككىنچى بىرسىنى تۆۋەن ئورۇنغا قويۇشقا بولمايدۇ. بۇ يەردە يۇقىرى ـ تۆۋەن ئورۇنغا قويۇش مەسىلىسى مەۋجۇت بولمىسىمۇ، ئۇلار بىرلەمچى، ئىككىلەمچى دېگەن ئۇقۇملارنى شۇنداق چۈشىنىدۇ. ئەمەلىيەتتە،ئۇلارنىڭ باراۋەر ئورۇنغا قويۇش چۈشەنچىسى مىللىي پىسخىكىمىزنىڭ سەنئەتكە بولغان كۈچلۈك ھېرىسمەنلىك ۋە مۇھەببەت خاھىشىنىڭ ئىنكاسى بولۇپ، ئەمەلىيەتتە بىر تەرەپلىمە مايىللىق بىرتەرەپلىمە تەرەققىياتقا ئىلھام بېرىپ، ئوبيېكتىپ شەيئىلەرنىڭ ئەتراپلىق تەرەققىي قىلىش ئىمكانىيىتىنى چەكلىمىگە ئۇچرىتىپ قويىدۇ. رىقابەتلىك تەرەپلەر ھاسىل قىلىپ تۇرىدىغان ئىجتىمائىي تەرەققىيات تەڭپۇڭلۇقىنى ئاڭلىق ياكى ئاڭسىز ھالدا بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىتىدۇ.

بۇ بىزنىڭ شەيئىلەرگە بولغان قارىشىمىزدىكى تېخى يېتىمچە، قانۇنىيەتلىك يۈنىلىشكە ئادەتلىنەلمىگەن لوگىكىلىق مەسىلە.

ئەمما بىز مەۋجۇدىيەت، ئىستىقبال نۇقتىسىدىن تۇرۇپ ئالەملىك زىددىيەت قانۇنى، بىرلەمچىلىك ۋە ئىككىلەمچىلىك پرىنسىپلىرىنى قىلچىمۇ مۇجمەللەشتۈرمەي ئېتىراپ قىلىشىمىز زۆرۈر. ئەكس ھالدا ئەتراپلىق تەرەققىيات ھەم ئەركىنلىكنىڭ داغدام يولىغا چىقالىشىمىز ئەسلا مۇمكىن ئەمەس.

دۇنيادىكى ھەممىلا شەيئىنى، جۈملىدىن ئادەم ـ ئۆزىمىزنى مىسال قىلساق، مىلياردلىغان ئادەملەر ئىچىدە بىر ـ بىرىگە مۇتلەق ئوخشايدىغان ئادەملەرنى تاپماق تەس، بىزنىڭ بىر تەكشىلىكتىكى بەش بارمىقىمىز بىزگە ئەڭ ياخشى لوگىكا چۈشەنچىسىنى بېرەلەيدۇ. ئۇزۇن ـ قىسقىلىقى ئوخشاش بولمىغان بەش بارمىقىمىزنىڭ پائالىيەت ئۇيغۇنلاشمىچانلىقى شۇنداق تەبىئىي، بىر ـ بىرىنى شەرت قىلىپ، ھەرقايسىسى ئۆز ئورنىدا رولىنى تولىمۇ ياخشى جارى قىلىدۇ.

دېمەك، ھەرقانداق شەيئىنىڭ مۇئەييەن ئورۇن مۇناسىۋىتىدە بولىدىغانلىقى ۋە ئۆز نۆۋىتىدە يەنە بىر ـ بىرىنى ئىلگىرى سۈرىدىغانلىقى بىر ئىلمىي قانۇنىيەت. بىز ھەممە ھەرىكىتىمىزدە بۇ قانۇنىيەتكە ھۆرمەت قىلمىساق، ئۇلارنىڭ بىر ـ بىرىنىڭ ئورنىنى ھەرگىز باسالمايدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلمىساق بولمايدۇ.

تەرەققىي قىلغان مىللەتلەر ئىلىم ـ پەن، تېخنىكا بىلەن سەنئەتنىڭ مۇناسىۋىتىنى ناھايىتى توغرا بىر تەرەپ قىلغان. بۇ ھال ئۇلاردا بىرلەمچى ئامىللارنىڭ تەرەققىياتىنى كۈچلۈك ئىلگىرى سۈرۈپ، ئىككىلەمچى ئامىللارنىڭمۇ گۈللىنىشىگە ئىمكانىيەت ھازىرلاپ، جەمئىيەتنىڭ سىجىل تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇپ كەلدى. ماددىي ۋە مەنىۋى تەرەققىياتنى تەڭ تۇتۇش دېگەن ئىبارە مانا شۇ.

بىزدە سەنئەتنىڭ گۈللىنىشى ھەقىقەتەنمۇ كىشىنىڭ دىققىتىنى تارتىدۇ، ئەمما بىرلەمچى ماددىي ئاساسىمىز كۆڭۈلدىكىدەك بولمىسا ماس ھالدا گۈللەندى، دەپ مەمنۇنىيەت بىلەن ئېيتالامدۇق. سانائەت، پەن ـ تېخنىكا ئاساسىمىز قانچىلىك يارىتىلدى؟ ئالىملار قوشۇنىمىز زادى قانچىلىك؟

بىزدىكى بىرلەمچى ۋە ئىككىلەمچى ئامىللار تەرەققىياتىدىكى تەتۈر يۈزلىنىش بۇ بىر ئېغىر لوگىكا مەسىلىسى. ئەلۋەتتە، بۇنىڭ كۆپلىگەن ئىچكى ۋە تاشقى سەۋەبلىرىنى چەتكە قاقمايدىغان بولساقمۇ، ئەمما بىزدىكى لوگىكىلىق تەپەككۇر مەسىلىلىرىگىمۇ سەل قارىيالمايمىز، ئەلۋەتتە.

2008 ـ يىلى 14 ـ ماي مەركىزىي خەلق رادىيو ئىستانسىسى ئاڭلاتقان مۇنداق بىر خەۋەر كىشىلەرنى

www.uyghurkitap.com

بىزنىڭ ھاياتلىق لوگىكىمىز ھەققىدە ئويلاندۇرماي قويمايدۇ. ئۇنىسۇ ناھىيەسىدىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئوقۇغۇچىسى ئىلجان بەش خىل كەشپىياتنىڭ پاتېنت ھوقۇقىغا ئېرىشكەن، ئىككى خىلىدا ئالىي دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن، يەنە 100 خىل كەشپىياتنىڭ چېرتيوژىنى سىزىپ، تەييارلاپ قويغان تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ 18 ياشلىق ئوقۇغۇچىسى بولسىمۇ ئالىي ئىنژېنېرلىق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن، ئەمما شۇنچىۋالا پاتېنتلىرىغا بۇ يەردىن خېرىدار چىقماي، تۇرمۇش قىيىنچىلىقىدا ئۇلارنى سېتىۋەتمەكچى بولۇپ ئۈرۈمچى كوچىلىرىدا خېرىدار ئىزدەپ يۈرگەن، ئىلگىرى كەشپىيات كۆرگەزمىسىدە بىر چەت ئەللىك سودىگەر ئۇنىڭ «كۆپ ئىقتىدارلىق پورتمال»ىنىڭ پاتېنت ھوقۇقىنى 11 مىليون يۈەنگە سېتىۋالماقچى بولغان بولسىمۇ، ئىلجان رەسمىيەت ھەققى ئۈچۈن تۆلەشكە تېگىشلىك بىرنەچچە مىڭ يۈەننى تۆلىيەلمىگەچكە، بۇ سودا قىلىپ قالغان ۋە باشقىلار. ئەگەر سەزگۈر مۇخبىرلىرىمىز ئىلجان ھەققىدىكى كىشىنى ئەپسۇسلۇق ھالدا ئويغا سالىدىغان يۇقىرىقى خەۋەرنى يازمىغان بولسا، بۇنداق بىر تالانت ئىگىسىنى، زامانىمىزدىكى « كىچىك ئىككىنچى ئېدىسون » دەپ تەرىپلىنىشكە مۇناسىپ بۇ گۆھەرنى بەلكىم يەنىلا كۆپلىگەن كىشىلەر بىلمىگەن، ئەھۋاللاردىن خەۋەر تاپمىغان بولار ئىدى. توقسۇندىن چىققان يەنە بىر «ماشىنا تېخنىكىسى كەشپىياتچىسى» شەرىپىدىن ئەزىزنىڭ پاتېنتىمۇ ئوخشاشلا ئىقتىسادىي قىممەتكە ئايلىنالمىغان.

نېمە ئۈچۈن ۋەتەن، مىللەت يۈكسەكلىكىدە پەخىرلىنىشكە، قوللاشقا، ئىلھام بېرىشكە تېگىشلىك ئىنسانلارنىڭ كەم تېپىلىدىغان مۇشۇنداق ئەقىل بايلىقلىرى، تېگىشلىك ئېتىبارغا ئېرىشەلمەيدۇ؟ كىشىلەر ۋاقتىدا بىلىشى، ئاسرىشى، قەدىرلەپ بېشىغا ئېلىپ كۆتۈرۈشى كېرەك ئىدىغۇ؟

«تەڭرىتاغ» ژۇرنىلىنىڭ 2005-، 2006- يىللىق سانلىرىغا «پارىژدىكى ئۇيغۇر قىزنىڭ بايانى» دېگەن سەرلەۋھە ئاستىدا پارىژدىكى ئوقۇغۇچى قىز مۇقەددەس مىجىتنىڭ دولان خەلق سەنئەتكارلىرىنى پارىژغا تەكلىپ قىلىپ، پارىژ سەھنىسىدە ئۇيغۇر خەلق سەنئىتىنى دۇنياغا نامايان قىلىش يولىدىكى تەسىرلىك، پىداكارلىق ئىشلىرى خەۋەر قىلىندى. يات بىر ئەلدە ھېچنېمىسى يوق بىر كىچىك ئوقۇغۇچى قىزنىڭ بۇنداق بىر چوڭ ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرىشى ئۈچۈن غايەت زور ئىرادە، پىداكارلىق روھى ۋە ۋەتەنپەرۋەرلىك روھى بولۇش كېرەك، ئەلۋەتتە.

مۇشۇنداق قەدىسدارانە روھ بىزدە تېگىشلىك دولقۇن ۋە ئېتىبار قوزغىشى كېرەك ئىدى!

«ئانا يۇرت» رومانىنى ئوقۇغان ۋاقتىمىزدا، ئۇ ياقتا جەڭچىلەر قان كېچىپ جەڭ قىلىۋاتسا، بۇ ياقتا بىر قىسىم يۇرت چوڭلىرىنىڭ كەڭرى باغدا بەزمە بىلەن مەشغۇل بولۇپ سەنئەت تورمۇشىنىڭ «پەيزىنى سۈرۈۋاتقان» لىق بايانلىرىدىن سەنئەتنىڭ ئادەمنىڭ روھىيىتىگە بولغان بۇنداق زور كونترول قىلىش كۈچىنى ھېس قىلماسلىقىمىز مۇمكىن ئەمەس.

بىزنىڭ شەيئىلەر ئۈستىدىكى تەپەككۇرىمىزدىكى لوگىكا نامراتلىقى توغرا ۋە خاتا ئۈستىدىكى ھۆكۈمگە بولغان پوزىتسىيە مىزانىنى ھېسسىياتقا بېقىندۇرۇپ، بىزنى داۋاملىق تەتۈر يۆنىلىشكە باشلاپ كېتىۋاتامدۇ، قانداق؟ بىز تەپەككۇرىمىزدىكى لوگىكا مەسىلىسىنى دۇنيادىكى ھەممىلا خەلققە ئورتاق بولغان ئىلىم - پەن ۋە ئالىملار بىلەن سەنئەت ۋە سەنئەتكارلارغا بولغان پوزىتسىيەمىزدىكى ئەمەلىي رېئاللىقىمىز ئاساسىدا ئوقۇملار ئارقىلىق كۆرۈپ چىقىپ يەكۈنگە كېلەيلى.

1. ئالىملار ھەققىدىكى بايان

مەلۇمكى، پۈتكۈل ئىنسانىيەت دۇنياسىدا «ئالىم بولساڭ، ئالەم سېنىڭكى» دېگەن ھەقىقەت تەۋرەنمەس ھەقىقەت سۈپىتىدە زامان تەرەققىياتى مۇساپىسىدە كىشىلەر قەلبىدە تېخىمۇ چوڭقۇر يىلتىز تارتتى. ئالىملار بۈيۈك ئىنسان، ئىنسانلار ئارىسىدىكى پىداكارلىق ئەلچىسى—دانكودۇر. ئۇلار ئۈن-تىنسىز جاپالىق ئىزدىنىش روھى بىلەن تويۇنغان ئىلمىي ئەمگەكلىرى ئارقىلىق ئۆزىنى ئىلىم - پەن ھەقىقىتىگە ئاتىغان ئەڭ سەممىي كىشىلەردۇر.

مىليارد يىللىق چەكسىز ئالەم مۇساپىسىدە، پەقەت بىرلا قېتىم دۇنياغا ئاپىرىدە بولۇشى بىلەن ئەڭ بەختلىك سانىلىش ھەقلىق بولغان ئىنساننىڭ مۇشۇ ئالەمگە پەقەت بىرلا قېتىم مەنسۇپ بولغان چەكلىك ھاياتىنى، سانسىزلىغان ئىنسانلارنىڭ كەلگۈسى ئۈچۈن قىلچە ئايانماي تەقدىم قىلىش روھى، شەخسىي راھەت - پاراغەت، پەس ئارزۇ- ھەۋەسلەرگە بېرىلمەي، بەختنىڭ مەزمۇنىنى ئۆزىنى بېغىشلىغان ساھەلەردىن

www.uygurkitap.com

ئىزدەپ قىممەت يارىتىش ئىرادىسى تولىمۇ ئاز ئادەمگىلا تالىق بولىدۇ. ئىلىم ـ پەن ھەقىقىتىنى تېپىشتىن ئىبارەت تەبىئەت تاپشۇرغان بۇ پەۋقۇلئاددە «ۋەزىپە»، ھەتتا بىر ئۆمۈر ھوددىسىدىن چىقىشمۇ بەسى مۇشكۇل بولغان مۇشكۇلاتنى ئۆزىگە بىر ئۆمۈر يار قىلىش ئىدى. بۇنداق يېگانە روھنى ئادەتتىكى ئادەملەرنىڭ چۈشىنىپ يېتەلىشى مۇمكىن ئەمەس. ئەگەر سىز بىر ئاتا ـ ئانا بولسىڭىز، ياكى ئۆزىڭىزنى ئاشۇ ئالىمنىڭ قىرىندىشى ئورنىدا ھېس قىلىش تۇيغۇسىدا بولسىڭىز ئېھتىمال بۇنىڭدىن ھەم پەخىرلىنىش ھەم ئازاب ياشلىرىنى ئۈنسىز تۆكۈشىڭىز، بۇنداق پىداكارانە ئۇلۇغۋار روھتىن تەسرلەنمەسلىكىڭىز مۇمكىن ئەمەس. دېمەك، ئالىم ـ كەشپىياتچىلار شۇنداق ئىنساندۇركى ــ ئىنسانىيەت ئالىمىنىڭ تەڭداشسىز يورۇق يۇلتۇزلىرىدۇر. ئىنسانىيەتنى «زۆرۈرىيەت ئالىمىدىن ئەركىنلىك ئالىمىگە» (ماۋزېدۇڭنىڭ سۆزى) باشلاپ مېڭىۋاتقان ئەڭ خالىس سەركىلەردۇر.

ئەلۋەتتە، باشقىلار قاتارى بىزنىڭ بۇ مىللىي قوۋمىمىزمۇ ئالىملارنى ئەسلىدىلا ئەڭ چوڭ كۆرەتتى. بوۋاق تۇغۇلۇپ، قىرىق سۈيى قۇيۇلغاندا ئېيتىلىدىغان بىرىنچى تىلەك سۆزى ئومۇمەن «ئالىم بولسۇن»دىن باشلىناتتى. ھازىرغىچە ھېلىھەم بىز مۇشۇنداق ئۇلۇغۋار تىلەك ئىچىدە ياشاپ كەلگەن. بىزنىڭ بۇ مىللىتىمىزمۇ تارىخىي، قەدىمىي مەدەنىيەت يىلتىزلىرىغا ئاساسلانغاندا «ئالىملار ماكانى» دېگەن تەرەققىيات يۆنىلىشى بويىچە مېڭىشىمىز تامامەن زۆرۈر ئىدى. ۋەھالەنكى كېيىنكى تارىخىي مۇساپىمىزدە ئۇنداق بولالمىدۇق. قەدەملىرىمىز كۈچسىزلىنىپ، ھالسىراپ، ئاڭ، ئىلىم ـ پەن، مەدەنىيەت ۋەيرانچىلىقىغا دۇچ كەلدۇق، گۇمراھلىق، جاھالەت قارا قۇيۇنلىرى ئەسىرلەپ دەۋران سۈرۈپ، مىللەتنى ھالاكەت گىردابىغا ئېلىپ كەلدى. بۇ نېمدېگەن قورقۇنچلۇق مۇساپىلىك مەنزىل ـ ھە؟

دۇنيا ئىلىم ـ پەن سەركىلىرىنىڭ جاھالەت تۇمانلىرىنى يېرىپ، نۇرلۇق كېلەچەكنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن جان تىكىپ قىلغان بىرمۇنچە كۈرەشلىرى ئاخىرى دۇنيانى يېڭى دەۋر تېڭىغا يەتكۈزدى. بۈگۈنكى كۈندە بىزنىڭ بۇ مىللىي قوۋمىمىزمۇ بىز كۆرۈۋاتقان تەبىئىي پەن ئالىملىرىمىز بولغۇسى ئېلىجان، شەرىپىدىن ئەزىز قاتارلىق كەشپىياتچىلىرىمىز ئاشۇ ئىلىم ـ پەن قۇياشىنىڭ دىيارىمىزغا چېچىلىۋاتقان نۇر دەستىلىرىدۇر، بۇ نۇر ئېقىمى ئۈزۈلمەستۇر. بىز تەبىئىي پەن ئالىملىرى، مۇتەپەككۇر پەيلاسوپ ـ ئالىملارنى ئىنسانىيەتنىڭ كۆركى، مىللەتنىڭ گۈل تاجى، ھەقىقىي، راستچىل، ئەڭ سەممىي كىشىلەر دەپ شۈبھىسىز تونۇشقا ھەقلىقمىز.

شۇنداق، قەدىرلەشكە، ئالىي ھۆرمەتلەشكە توغرا كەلسە بىرىنچى نۆۋەتتە سالاھىيەت ئىگىلىرى ــ ھەقىقىي دىققەتكە سازاۋەر ھەقدارلار باشقا ھەر قانداق سالاھىيەت ئىگىلىرى ئەمەس، بەلكى ئاشۇ ئالىملاردۇر.

بىر كۆزگە كۆرۈنگەن ئالىم، كەشپىياتچىنىڭ يېتىشىپ چىقىشى ئۇنچىۋالا ئاسان ئىش ئەمەس، ئون مىڭ ئەمەس يۈزمىڭ، ھەتتا مىليون ئادەمنىڭ ئىچىدىن تالاي يىلدا ئاران بىر ياكى بىر نەچچىسى يورۇققا چىقىشى مۇمكىن. بىز ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن، ئابباس بۇرھان، خالمۇرات غوپۇر، ھوشۇر ئىسلام، رەنا قاسىم، مەدەنىيەت ئابلىكىم، ساھىبجامال دۆلەت... قاتارلىق ھازىرقى زامان ئالىملىرىنىڭ نامىنى نەچچە ئەسىرلىك تارىخىمىزدىن بۇيان ئەمدىلا ئاڭلىدۇق. شۇڭا بىز ئالىملارنى ئەڭ يۇقىرى ھۆرمەت سۆيۈنىدىكى ئادەملەر، ئىنسانىيەتنىڭ ئەڭ قىممەتلىك بايلىقى، كەم تېپىلىدىغان گۆھەرلەر دەيمىز. ئەمما بىزنىڭ لوگىكىمىز نېمىنى قەدىرلەشكە مايىل بولۇپ كەلدى. مەسىلىلەرنى قانداق لوگىكا بىلەن بىر تەرەپ قىلىۋاتىمىز. بۇنى ئۇبدانراق ئويلىنىپ قويساق بولىدۇ.

2. بىزدىكى سەنئەت مەنتىقىسى ھەققىدە بايان

روشەنكى، بىز گەرچە «ئىلىم ـ پەن ماكانى» دېگەن نامغا مۇيەسسەر بولۇشتىن ھازىر يەنە يىراقتا تۇرۇۋاتقان بولساقمۇ، ئەمما «ناخشا ـ ئۇسسۇل ماكانى» دېگەن چىرايلىق نامغا ئىگە ئىكەنمىز. دۇنيا شۇنداق تونۇمىدۇ ياكى ئۆزىمىزمۇ، بۇنىسى ماڭا نامەلۇم، ئەلۋەتتە بىزدە ناخشا ـ ئۇسسۇلغا بولغان كۈچلۈك ھېرىسمەنلىك مىللەت ئومۇمىيلىقى خۇسۇسىيىتى سۈپىتىدە كۈچلۈك نامايان بولۇپ تۇرۇپتۇ. بىزنىڭ باللىرىمىز «ئايىغى چىقىپلا ئۇسسۇل ئوينىيالايدۇ، تىلى چىقىپلا ناخشا ئېيتالايدۇ». ئېھتىمال بۇ بىزنىڭ تۇغما تەبىئىي ئالاھىدىلىكىمىز بولسا كېرەك. بۇ ھەققەتەنمۇ ئوبيېكتىپ باھا.

بىز ئەسلىمىزدىن ئەنە شۇنداق «سەنئەت مىللىتى»

نامى ئۈچىدە ياشاپ كەپتۇق. ئامموۋى سەنئەت سورۇنلىرىمىز، ئەنئەنىۋى سەنئىتىمىزنى ئەجدادلىرىمىزدىن ئەۋلادلىرىمىزغا ئۇلاپ يەتكۈزۈشنىڭ كۆمۈلمەس ئوچاقلىرى، ھازىرقى زامانىۋى سەھنىلەر بولسا، ھاياتىمىزنىڭ گۈزەل كارتىنىلىرى بوپتۇ. بىز سەنئەتچىلەرگە سۇنۇلغان قىزغىن گۈلدەستىلەرنى كۆرۈپ تۇردۇق. گۈلدۈراس ئالقىشلارنىڭ شاھىتى بولدۇق. بېشىمىزغا ئېلىپ كۆتۈرگەن «شەرەپ تاجى» كىيگەن سەنئەتكارلىرىمىز بار. سەنئەتمۇ ۋاپىغا يەتكۈزۈلۈپ ئورۇندىلىشى زۆرۈر بولغان بىر تۈرلۈك ئالاھىدە جاپالىق ئەمگەك جەريانى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۇمۇ ئەنە شۇنداق ھۆرمەتنىڭ ھەقدارى بولۇشقا تامامەن ھەقلىق. بۇلارنى ھەممىمىز بىلىمىز، ئەلۋەتتە.بۇلار بىزنىڭ سەنئەتسۆيەر ئالاھىدىلىكىمىز ۋە مىللىي ئالاھىدە خاسلىقىمىزنىڭ گەۋدىلىك ئىپادىلىنىشى بولسا كېرەك.

سەنئەت ئۆزىنىڭ خاسلىقى بىلەن مۇئەييەن دەۋردە كىشىلەرنىڭ يۈكسەك، جۇشقۇن جەڭگىۋار كەيپىياتىنى ئەۋجىگە چىقىرىشتەك قۇدرىتىنى نامايان قىلالايدۇ. شۇنداقلا يەنە كىشىلەرنى پاسسىپ، سەلبىي يۆنىلىشكە باشلىۋېتىشتەك ئىقتىدارىنىمۇ ھەم كۆرستەلەيدۇ.

سەنئەت بىر مىللەتنىڭ مەنىۋى ھاياتىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولۇش سۈپىتى بىلەن كەم بولسا بولمايدۇ. تۇرمۇشنى سەنئەتسىز تەسەۋۋۇر قىلىش توختام سېسىق سۇدا بېلىقنىڭ ياشىيالمايدىغانلىقىدەك مەززىسىز ئۆلۈك ھايات خالاس. شۇڭا سەنئەتنىڭ ئۆز خاسلىقى بويىچە داۋاملىق زامان بىلەن ماس قەدەمدە تېخىمۇ جۇشقۇن ھالدا تەرەققىي قىلىپ مېڭىشى تامامەن زۆرۈر. بىز شۈبھىسىزكى سەنئەتكە، سەنئەتكارلارغا شۇنداق قارايمىز، مۇشۇ تۈپكى نۇقتا بويىچە مۇئامىلە قىلىمىز. ئەمما بىز يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا سەنئەتكە مەنتىقە نۇقتىسىدىن توختىلىپ ئۆتۈش زۆرۈر دەپ قارىغان ۋاقتىمىزدا يەنە بىر ئويلىنىپ قويۇشقا تېگىشلىك دەپ قارىغان نېمىلەر بار؟ مەلۇمكى، سەنئەت مۇئەييەن جەمئىيەتلەردە مۇئەييەن چەكلىملىك خاراكتېرگە ئىگە بولۇپ، مۇتلەق ئەركىن شەيئى بولمىغان. بۇنى ئۇنىڭ ئۇستقۇرۇلما-ئاڭ كاتېگورىيەسىگە مەنسۇپلۇق ھالىتى بەلگىلىگەن. ئۇ مۇئەييەن سىنىپنىڭ قورالىمۇ، ھوقۇقنىڭ، دۆلەتنىڭ قورالىمۇ بولغان.

بۇ ئۇنىڭ ئىلىم-پەنگە ئوخشىمايدىغان خاسلىقى ۋە پەرقى، بىز ئىلىم-پەن، تېخنىكا، ئالىملار بىلەن سەنئەت ۋە سەنئەتكارلارغا باھا بەرگەندە ئۇلارنى ئۆز خاسلىقىدىن ئايرىۋېتىپ، نوقۇل ھالدىلا بىرسىنى يۇقىرى، يەنە بىرسىنى تۆۋەن ئورۇنغا قويۇپ مۇئامىلە قىلمايمىز. ئەمما سەنئەتنى «ئىشچى، دېھقان، ئەسكەرلەر ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ» دەپ كەلگەندەك، ئۇ ھامان بىرلەمچى ئورۇندا تۇرىدىغان مۇئەييەن جەمئىيەت تەرەققىياتى، بىرىنچى ئىشلەپچىقىرىش كۈچى بولغان پەن-تېخنىكا ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغانلىقىنى مۇبالىغىسىز ئېتىراپ قىلىمىز. روشەنكى، ئىككىلەمچى شەيئىلەر بىرلەمچى شەيئىلەرنىڭ تەرەققىياتىدا كەم بولسا بولمايدۇ.

بۇ خۇددى ئۇزۇن-قىسقىلىقى ئوخشاش بولمىغان بەش قول بارمىقنىڭ زىچ، ماس مۇناسىۋەتتە خىزمەت ئىشلەيدىغانلىقىغا ئوخشايدۇ.ئەمما بىزنىڭ بۇ مىللىي قوۋمىمىزدە خۇددى باشقا ساھەدىكىلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋەتتىكى لوگىكىلىق ئايرىش بىنورماللىقىدەك سەنئەت بىلەن ئىلىم- پەن، ئالىم بىلەن سەنئەتكارلار مۇناسىۋىتىنى تونۇشتىمۇ ئېغىر لوگىكىلىق نۇقسان مەۋجۇتلۇقىنى تەن ئالماي ئامالىمىز يوق.

بىزدە ھازىر روشەن گەۋدىلىنىۋاتقان رېئاللىق نېمە؟ بۇ نۇقتىنى توغرا چۈشىنىپ ئېنىق ئايرىش، «ئىش تەقسىمات»لىرىنى مۇناسىپ، مۇۋاپىق بەلگىلەش بىر مىللىي قوۋمنىڭ ساھەلەر بويىچە ماس قەدەمدە ئىلگىرىلىشىدە تولىمۇ مۇھىم ئىكەنلىكىنى كۆرستىدۇ.

ئەگەر بىر قوۋمنىڭ «ئىش تەقسىمات»ى كىشىلەرگە بىردىنبىر سەنئەت بولۇپ قالغاندەك تۇيغۇ بېرىدىغان بولسا، ياكى نوقۇل دېھقانچىلىق ھالىتىدە ئىپادىلەنسە ياكى نوقۇل ھۈنەر-سەنئەت ھالىتى فورمىسىدىلا ئىپادىلەنسە ئۇ چاغدا ئاشۇ ساھەلەردىكى ئەنئەنىۋى قىزغىنلىقتا ئوخشاش ئىمكانىيەتلەرنى بىرلەمچى بولغان ئىلىم-پەن، تېخنىكا ساھەلىرىگىمۇ يېتەرلىك يۆتكەش زۆرۈرمۇ-يوق؟ نېمە ئۈچۈن يۆتكىيەلمەيمىز؟ دېگەن سوئاللارغىمۇ تەبىئىيلا دۇچ كېلىمىز. ئەمەلىيەتتە بىزنىڭ كەشپىياتچىلارغا، ئالىملارغا بولغان قىزغىنلىقىمىز، سەنئەتكارلارغا، ئەمەل-ئىمتىياز ئىگىلىرىگە، خوجايىن-دىرېكتورلارغا بولغان قىزغىنلىقىمىزدىن بەكلا سۇسمۇ، قانداق؟ بىر قوۋم ئەڭ مۇھىمى نېمە بىلەن قەد كۆتۈرىدۇ؟ بىزگە

نىسبەتەن بىرلەمچى ئامىل زادى نېمە؟ بۇنى دادىللىق بىلەن ئويلىنىپ باقايلى، بىرلەمچى ۋە ئىككىلەمچى بولغان شەيئىلەرنىڭ دىيالېكتىكلىق مۇناسىۋىتىنى ئامال بار توغرا ھەل قىلىپ، تەپەككۇردىكى لوگىكىمىزنى خۇددى باشقا خەلقلەردەك توغرا ئىزغا سالايلى.

دېمەك، بىز ئۇنىۋېرسال (ھەر تەرەپلىمە) تۈزەش، ئۇنىۋېرسال تەرەققىي قىلىش دېگەن شوئار، ئاتالغۇلارنى دائىم ئاڭلاپ تۇرۇۋاتىمىز. ئەمەلىيەتتە بۇ شوئار، ئاتالغۇلار تەرەققىي قىلغان ھەم قىلىۋاتقان خەلقلەرنى ھەل قىلغۇچى ئىجتىمائىي - ئىقتىسادىي ھاسىلاتلارغا يېتەكلەپ كەلگەن شوئارلاردۇر.

ئەمما، بىزدىكى بىر قىسىم كىشىلەر بولسا مانا مۇشۇنداق ئېنىق لوگىكىلىق تەپەككۇر بىلەن ئېتىراپ قىلىنىشى كېرەك بولغان يەكۈنلەرنى تىلغا ئېلىشتىن ھەزەر ئەيلەيدۇ، بىر تەرەپلىمە قىزغىنلىق ھېسسىياتىنىڭ ئىلكىدىن چىقىپ كېتەلمەيدۇ. مىسال قىلساق، بىر خەلقنىڭ سەنئىتى «ھەممە» دەپ قاراپ بەكلا بېرىلىپ كېتىشى كۆپىنچە ھاللاردا شۇ خەلقنىڭ روھىيىتىنى بىر تەرەپلىملىككە، بىخۇدلىششقا باشلاپ كېتىدىغانلىقى، ياخشى بىلەن يامانىنى ئېنىق ئايرىش لوگىكىسىدىن ئايرىۋېتىدىغانلىقى ھەققىدە ئاشۇ قەدىمكى زاماندىن تارتىپ مۇنداق تولىمۇ ئەقلىيلىك رىۋايەت ساقلىنىپ كەلگەن:

بۇندىن ئىككى، ئۈچ مىڭ يىل مۇقەددەم، قەدىمكى يۇنانىستان(گرېتسىيە) دە ئۆتكەن ئەما ئەدىب ھومېرنىڭ دۇنياغا مەشھۇر قەھرىمانلىق داستانى «ئودىيسسا» دا مۇنداق بىر ۋەقە رىۋايەت قىلىندۇ— تىرويا (كىچىك ئاسىيانىڭ غەربىي دېڭىز قىرغىقىدىكى شەھەر) ئۇرۇشىغا قاتنىشىپ، يۇرتىغا قايتقان يۇنان قەھرىمانلىرى دېڭىز سەپىرىدە بىر كىچىك ئارالنىڭ يېنىدىن ئۆتىدۇ. بۇ ئارالدا بېشى ئادەمنىڭكىگە، تېنى قۇشقا ئوخشايدىغان سىرىنلار دېگەن جاندارلار ياشايدىكەن. ئۇلار تولىمۇ ساز، يېقىملىق ئاۋازدا ناخشا ئېيتىپ، ئارال يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان كېمىلەردىكى يولۇچىلارنى مەستخۇش قىلىپ ئۇخلىتىۋېتىدىكەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار دېڭىز سەپىرىدە ئامان قالمايدىكەن. ئەمما بۇنى بىلىۋالغان يۇنان باتۇرى ئەقىللىق ئودىيسسوس بولسا دەل شۇ ئارالنىڭ يېنىغا كەلگەندە قۇلىقىنى ئېتىۋېلىپ، بۇ يەردىن ئامان - ئېسەن ئۆتۈپ كەتكەنلىكىدەك

ھوشيارلىقى بايان قىلىنىدۇ. بۇ بىر تولىمۇ دىققەتكە سازاۋەر رىۋايەت. روشەنكى، بۇ بىزگە سەنئەتكە بەكلا بىر تەرەپلىمە بېرىلىپ كېتىشنىڭ خەتەرلىك، بىخۇدلۇققا باشلايدىغانلىقىنى، بىزنىڭ ھايات لەززىتىنى سۈرۈۋاتقان ۋاقتىلاردىمۇ، يەنە شۇ ھاياتنى چىن مەنىسى بىلەن كاپالەتكە ئىگە قىلىپ تۇرىدىغان باشقا نەرسىلەر ئۈستىدىمۇ جىددىي ئويلىنىپ قويۇشىمىز لازىملىقىنى سەممىزگە سالىدۇ.

شۈبھىسىزكى، ناخشا - ئۇسسۇل، مۇزىكا سەنئىتى ھەرقانداق بىر خەلق تۇرمۇشىنىڭ مۇھىم مەزمۇنى، ئايرىلماس بىر تەركىبىي قىسمى. ئەمما ئۇ ھەممە ئەمەس. ئۇ بىر خەلقنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي يۈكسىلىشىدە، ئىلىم - پەن تەرەققىياتى مۇساپىسىدا ھامان ئىككىلەمچى ئورۇندىكى كاتالىزاتورغا ئوخشاش ئۆز خاسلىقى رولىنى ئۆتەيدۇ. شەيئىلەرنىڭ خاراكتېرىگە نىسبەتەن ھەم ئىجابىي رولىنىمۇ ھەم سەلبىي رولىنىمۇ ئوينىيالايدۇ. مانا بۇ بىز دادىل قوبۇل قىلىشقا تېگىشلىك لوگىكىلىق نۇقتا.

### توغرا مەنتىقلىق ئايرىش مۇناسىۋەتلەر تەرەققىياتىنىڭ جېنى

دۇنيادا ناخشا - ئۇسسۇل، مۇزىكا سەنئىتىنى ياقتۇرمايدىغان قايسى خەلق بار؟ گېرمانىيەلىكلەرنىڭ بېتخوۋېن، موزات، ستراۋس قاتارلىق كىلاسسىك مۇزىكانتلىرى ۋە مۇزىكىلىرىدىن پەخىرلىنىش تۇيغۇسى، رۇسلارنىڭ چايكوۋىسكى مۇزىكىلىرى ۋە «ئاق قۇ كۆلى» بالېتىدىن ئىپتىخارلىنىشى، ئامېرىكىنىڭ داڭلىق نېگىر ناخشا چولپىنى جېكسونغا بولغان دۇنيادىكى چوقۇنۇش، مەدونىنانىڭ سېھرىي كۈچىگە بولغان ھېرىسمەنلىك ۋە باشقىلار مەنىۋى مەدەنىيەت تۇرمۇشىنىڭ دۇنيادا ھەممە خەلقتىكى پەۋقۇلئاددە ئومۇمىي ھادىسە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە يەنە ئۇلارنىڭ بىرلەمچى ۋە ئىككىلەمچى شەيئىلەرگە بولغان مۇناسىۋەتلىرىدىكى مەنتىقلىق ئايرىشتا بىز بىلەن روشەن پەرققە ئىگە ئىكەنلىكىنىمۇ كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. شۇڭا بىز بۇ يەردە تۇرمۇشنىڭ مەزمۇنىغا قارىتا يەنە ئۆز ئارا ھاسىلات پەرقىنىڭ تولىمۇ زور بولغانلىقىنى كۆرمەي، تەكىتلىمەي تۇرالمايمىز. گەرچە تەرەققىي تاپقان دۇنيادا سەنئەت شەكلى يۇقىرى باسقۇچقا كۆتۈرۈلگەن بولسىمۇ، ئۇلار يەنىلا سەنئەت، مۇزىكا مىللىتى نامىدىكى ئورۇن بىلەن

www.uyghurkitap.com

ئەمەس، بەلكى ئىلىم-پەن مىللىتى، سانائەت مىللىتى نامى بىلەن ھەقىقىي مەنىدە دۇنياغا تونۇلدى. تەبىئىي ھەم ئىجتىمائىي پەن ساھەلىرىدىكى ئالەمشۇمۇل ھاسىلاتلىرى ئونلاپ، يۈزلەپ تۆر مۇكاپاتلىرى، نوبېل مۇكاپاتى ھەقدارلىرى بىلەن ئىنسانىيەتنىڭ ئەڭ دىققەت مەركىزىدىكى خەلقلەرگە ئايلاندى. دېمەك، بىر خەلقنى دۇنياغا تەبىئىي پەن ئالىملىرى، مۇتەپەككۇرلىرى بىلەن زاۋۇتلىرىنىڭ ئەسلىرى، ياڭراق گۇدۇكلىرى تونۇتۇپ كەلدى. مانا بۇ بىرلەمچى رېئاللىق. كىشىلەر ھەۋەس بىلەن تىلغا ئالىدىغان يەھۇدىي خەلقىنى دۇنياغا تونۇتقان نەرسە دەل ئۇلارنىڭ تەبىئىي پەنلەردىكى شانلىق مۇۋەپپەقىيەتلىرى، يۇقىرى ساپادىكى ئىلىم-پەن، مائارىپ ئاساسچىلىقى ئىدىيەسى، شۇنداقلا ماركس، ئېينىشتېين، مەتناغا ئوخشاش كۆپلىگەن ئىلىم-پەن گىگانتلىرى، مۇتەپەككۇر ئالىملىرىدۇر. مانا مۇشۇنداق زور ئالىملار قوشۇنى ۋە ئۇلارنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرى يەھۇدىيدەك بۇنداق ئەسىرلەر بويى سەرسان-سەرگەردانلىقتا ۋەتەنسىز ياشىغان بىر خەلقنىڭ ئىجتىمائىي-ئىقتىسادىي ئورنىدا كىشىلەر ھەيرەتتە قالغۇدەك ئاجايىپ ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىشلەرنى ھاسىل قىلىپ، ئۇلارنى دۇنيا سەھنىسى ئاسمىنىدا چاقناۋاتقان ئالاھىدە نەزەردىكى چولپان مىللەتكە ئايلاندۇردى.

بىز يەھۇدىيلار بىلەن ئوخشاشلا دۇنيادىكى سەرگەردان يەنە بىر خەلق—نامى ئۆچۈپ كېتىۋاتقان سەنئەتكار سىگانلارنى سېلىشتۇرساقلا، ھومىرنىڭ بۇندىن نەچچە مىڭ يىل ئىلگىرى رىۋايەتتە ئېيتقان ئاگاھلاندۇرۇشىنىڭ دانا ھەقىقەت ئىكەنلىكىنى تەن ئالماي ئامالىمىز يوق.

ئەسقەر ھوشۇر «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ 2008-يىللىق 2-سانىدا «تەپەككۇر كۆزى» سەھىپىسىدە «سەنئەتنى ھەددىدىن زىيادە ئۇلۇغ بىلگەن مىللەت، باشقىلارنىڭ ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرىپ بېرىدىغان مىللەتتۇر. بۇنىڭ مىسالى سىگانلاردۇر» دەپ ئورۇنلۇق ئەسلىتىدۇ. تونۇلغان ئوبزورچى يالقۇن روزىمۇ ماقالە- نۇتۇقلىرىدا «سەنئەت بىزنىڭ بايلىقىمىز، ئەمما بارلىقىمىز ئەمەس» دەپ ھېكمەتلىك ئاگاھلاندۇرۇش بېرىدۇ.

ئەنگلىيەنى ئەينى دەۋر سانائەت ئىنقىلابىنىڭ دۇنياۋى پاراۋۇزىغا ئايلاندۇرغان نەرسە دەل ئۇلارنىڭ قۇدرەتلىك سانائەت، ئىلىم - پەن مىللىتىگە ئايلىنىشىدا مۇستەھكەم ئۇل سالغان نيۇتون، دارۋىن، ۋات كەبى تەڭداشسىز ئۇلۇغ ئالىملىرىدۇر. كوپېرنىك، گالىلېي، كيۇرى خانىم، ئېدىسون ۋە باشقا كۆپلىگەن پەن ئالىملىرى، ئىختىراچىلىرىنىڭ ئۈن - تىنىسىز تەتقىقات، جاپالىق ئەمگەك مېۋىلىرى بۈگۈنكى ياۋروپا-ئامېرىكىنى ئورنىدىن دەس تۇرغۇزۇپ، ئىلىم - پەن كۈچىنىڭ دۇنياۋى قۇدرەتلىك ماكانىغا ئايلاندۇردى. دۇنيانىڭ قىياپىتىنى غايەت زور دەرىجىدە يېڭىلىدى. روشەنكى، ئەگەر ھازىر بىز دەۋاتقان تەرەققىي قىلغان دۇنيادىن ئىلىم-پەن گىگانتلىرى ئۈزۈلمەس ئېقىندەك كەينى-كەينىدىن چىقمىغان بولسا، دۇنيا بۈگۈنكى غايەت زور ئۆزگىرىش دەۋرىگە كىرەلمىگەن، پەن - تەتقىقات ھاسىلاتلىرى بولمىغان بولسا، نەزىرىمىزدىكى ئاشۇ تەرەققىيات دۇنياسىمۇ، ئۇلارنىڭ قانداقتۇر دۇنيانىڭ سىياسىي تەقدىرىنى بەلگىلىيەلىگۈدەك سالاھىيەت بىلەن مەيدانىغا چىقىشىمۇ، قىسقىسى، ئۇلارنىڭ بۈگۈنكىچە بولغان ئەسىرلىك تونۇلۇشىمۇ بولمىغان بولاتتى. بۇنى ھەممىمىز چۈشەنىمەي، ئېتىراپ قىلماي تۇرالمايمىز.

يۇقىرىقىلارغا ئاساسەن مۇنداق سوئالغا تەبىئىيلا دۇچ كېلىمىز: نېمە ئۈچۈن بەزى خەلقلەر تەرەققىياتتىكى ئىنچىلىقنى نەچچە ئەسىرلەپ ساقلاپ كەلدى؟ بەزى خەلقلەر بولسا تەرەققىيات قەدىمىنى تولىمۇ كېچىكىپ باشلىدى؟ يەنە بەزىلىرى بولسا تېخىچىلا جاھالەت يولىنى تۇتىدۇ؟

بىز زامانىمىزغىچە داۋاملىشىپ كەلگەن بۇ پەرقنى پەلسەپە نامراتلىقى ئىلكىدىكى خەلقلەر تەپەككۇرىدىكى ئاددىيلىقتىن، ئىشلىرىغا ئىلمىي لوگىكا نۇقتىسىدىن چىقىپ مۇئامىلە قىلمىغانلىقىدىن كۆرمەي ئامالىمىز يوق. ئۆز ئىشلىرىمىزنى بىر تەرەپ قىلىش ئۇسۇلىمىزدىكى قانۇنىيەتلەرگە ھۆرمەت قىلىنمايۋاتقان، تەتۈرلۈككە ماھىر تەپەككۇرىمىز بىزدەك خەلقلەرنىڭ ئۇزۇن زامانلاردىن بۇيان سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە پەن-مەدەنىيەت ساھەلىرىدە نامرات، قاتمال، قاششاق ھالەتتە داۋاملىشىپ كېلىشىنىڭ ماھىيەتلىك سەۋەبلىرىنىڭ بىرىدۇر. بىزنىڭ ئەمەلىي لوگىكىلىق ئايرىش ھەققىدىكى ئەقەللىي سېلىشتۇرما، بايان ۋە يەكۈنلىرىمىز ئەنە شۇلاردىن ئىبارەت.

---

ئاپتور: غۇلجا شەھەر باھار كوچا 3- كوچا يان 62- قورۇدا

# ئايرىمخانىدىكى لەتىپە



(ھېكايە)

ئابدۇرەھمان ئەزىز ئوغلى

تامدىن تورۇسقىچە، ھەتتا پولغىچە كىشى ئەيمىنىپ قارىغىلى بولمايدىغان ئالىي دەرىجىلىك نەقىشلىك ئايرىمخانا قىزىپ كەتكەن ئىدى. يۇمىلاق شىرەنى چۆرىدەپ ئولتۇرغان، بىرى كەپكە، بىرى خۇرۇم قالپاق، يەنە بىرلىرى دوپپا كىيگەن ھەرخىل چىرايدىكى مېھمانلار سالاپەتلىك، سىپايە ئولتۇرغان سېمىز باشلىققا ھە دەپ خۇشامەت قىلىش بىلەن ئاۋارە ئىدى.

ــ مۇئاۋىن باشلىق، مانىڭدىن ئاغاچ ئوتتاسىلا، مانىڭدىن...

ــ بولدى بولدى،سىلە ئېلىڭلا،ــ دېدى مۇئاۋىن باشلىق يوغان گەۋدىسىنى ئارقىغا تاشلىغىنىچە.

ــ ئانداغ دېمىسىلە، بىز بەك خىجىل بولاپ قالدىكەممىزباشلىق، ئاغاچ ئوتتاسىلا.

ــ دوسقىنىمىزنى ئاددىي كۆرەپ قالدىلمۇيا؟

ــ نەدىكىنى،شۇنداغ بەلەن بولاۋاتىدۇ. بۇگەن سەل ھېرىپ قاپتىمە.

ــ شۇ، بۇگەن جاپانى پىشتكە تاتىپ قاللا، شۇڭا ئۆزلىرىنىڭ ھادۇقىنى چىقىرىپ قويىلى دەپ بۇ دوسقانىنى ھازىرلىغان. ئېچىلىپ ئوتتۇراپ بەسلە بىي، بومىسا بىز بەك جىددىيلىشىپ نېمە قىلىشىمىزنى بىلەممەي قالدىكەممىز.

يۇمىلاق شىرەدىن تورۇستىكى كېپىنەكسىمان لامپۇچكىلارنى چۇشۇرۇۋەتكۇدەك كۇلكە ساداسى كۆتۈرۈلدى. مۇئاۋىن باشلىق قولىغا چوكا ئېلىپ قورۇمىغا ئۇزاتقاچ ئېغىز ئاچتى.

ــ سىلىزە غو سۇڭجاڭ، مۇشۇنداغ ئىدەمنىڭ ئاغزىدىن چىرىپ بۇنىدىن چىقىپ ئاسانلام ئاچچىغىمنى ياندۇرىۋالىلا جۇما. بومىسا بۇگەنكى ئەلپازىمدا سىلىنى سۇڭجاڭلىقتىن ئېلىپ دىخان خەخ بىلەن بىر قاتادا ھەشەرگە ھەيدەي دېگەن يەگە كەگەنتىم.

ــ چۇشتىكى ئىشتا مېنى بىزقىتىم ئەپۇ قىلسىلا مۇئاۋىن باشلىق. مەن بۇ ئىشنى قاتتىق بىر تەرەپ قىلمەن.بۇدا بۇنداغ ئىش قايتا يۈز بەمەيدۇ.

ــ ئەمدى يۈز بەمگەن بىلەن ۋىلايەت ـ ناھىيىنىڭ بىرلەشمە كۆزدىن كەچۈرگۈچىلىرىنىڭ ئالدىدا مېنى بەكمۇ ئوسال قىلدىڭلا جۇما.ئەدەملىرىڭلا تۇلۇمدىن توقماق چىققاندەك،ژۇتۇق ئىشتاندىن بىژمە چىققاندەك لوڭڭىدە باشلىقلارنىڭ ئالدىغا چىقىپ «بىزنىڭ مەھەللە كادىرىمىز يەر تەۋرەشكە چىداملىق ئۆي قۇرۇلىشى مەبلىغىنى دايىم ئۆزلىرىنىڭ ئۆي ئىشلىرىنى قىلىشىپ

سەھرادىكى ھېكايىلەر

بېرىدىغان يېقىنلىرىغا بېرىدۇيدى، ھەممە ئىدەمگە ئوخشاش مامىلە قىلمايدۇيدى، ئۇن مو بوغداي تېرىپ ئەللىك ـ ئاتمىش مو بوغدايغا تولۇقلىما ئالدىيدى...»

ۋويجۇ ۋويجۇ،نىمىنداغ سىركىدەك ئۇششاق گەپلە بۇ؟قانداغ خىزمەت قىلىسىلە زادى؟

كەپكە كيگەن كىشى قولاشمىغان تەرزدە ھىجايدى. ئاندىن مەكتەپ بالىسىدەك يەرگە قاراپ تىرنىقىنى تاتىلىدى.

ــ بۇ ...بۇ...

ــ غو سۇڭجاڭ بۇرۇنلام كەتكۇزۇپ قويابتۇ ئەسلى،ــ دېدى بېشىغا خۇرۇم قالپاق كيگەن سېمىز كىشى كۇل رەڭ بۇرۇتلىرىنى دىقماق بارماقلىرى بىلەن قاشلاپ تۇرۇپ،ــ ئەسلى ئاشۇنداغ سۆزلەيدىغان ئەسكى ئادەملەرگە ئانچە ـ مۇنچە بىژمە بېرىپ قويسا جىم بولىتى.قاۋايدىغان ئىشتقىمۇ سۆڭەك تاشلىسا جىم بولىدۇ ئەمەسما...

ــ سىلى تولا سالاچىلىق قىممىسلا جۇما!ــ دېدى مۇئاۋىن باشلىق يېنىدىكى خۇرۇم قالپاقلىق كىشىگە بۇرۇلۇپ قاراپ،ــ سىلىمۇ با،سىلىنىڭ كەنتتە خىزمەتنى زادى سىلى قىلامىلا خوتۇنلىرىمۇ؟

ــ ۋويبي، بۇ نېمە دېگەنلىرى؟ــ دېدى خۇرۇم قالپاقلىق كىشى رەڭگى ئۆڭۈپ.

ــ سىلىنىڭ ئىدەملەدىن بىژ مۇنچە سېسىق گەپ ئاڭلىدىم جۇما مەن. غو سۇڭجاڭ مەھەللە كادىرلىقىنى خوتۇنى بىلەن شېرىك قىلىدۇ دەپ ژۇرۇيدىكەن.

ــ ئانداغ ئىش يوق، قايداغراق قەلەندەنىڭ ئاغزىدىن چىقىپتۇ شۇگەپ؟

ــ ھاي،ھاي، چىچاڭشىماي ئاڭلايلى گەپنى، سىلىنىڭ خوتۇنلىرى مەلە ـ كويدىكى خوتۇنلانى ژىغىپ زىرائەت ئوتاشقا، پاختا تېرىشكە، غوزەك ئۇزۇشكە، يانا ئۇششاق ئۆي ئىشلىرىغا سالىدىكەن.

ــ قۇرۇق گەپ،ھەممىسى قۇرۇق گەپ!

ــ مېنىڭ ئالدىمدا تولا پاك بولىۋالمىسىلا، سىلىلا ئەمەس،مۇشۇ ئالدىمدا ئوتتاغان ئون نەچچە كەنتنىڭ باشلىقلىرى ئىچىدە كۆپىنچىڭلارنىڭ تۆۋەن تۇرمۇش، ئىجتىمائى ياردەم، قۇتقۇزۇش، نامراتلارنى يۆلەش دېگەندەك تۇرلەردە خوتۇنۇڭلار سىزىپ كۆرسەتكەن يول بىلەن نامزات بېكىتكەن ئىشلارنىڭ كۆپلىكىنى خېلى ئومدان بىلىمەن. ئەمما زە مەن دەپ قويااي، ھەممىڭلانىڭ خوتۇن خەقلىرى مەلە ـ كويلادا ئاغزىغا ئىگە بولاپ ژۇسۇن. قاملاشتۇرامىسا ئى بىژ يەلىرىنى غىت قىسىپ ژۇسۇن. خىزمەت قىزغىنلىقىغا تەسىر يېتىپ قالمىسۇن، دەپ بەزى ئىشلاردا كۆزەڭلىغا چىرىۋامماي ژۇسەك بوگەنكىدەك ئىدەم ئوسال قىلىدىغان ئىشلار چىققىلى تۇدى. مانداغ ئىدەم زاڭلىق قىلىپ خىزمەت قىلساڭلا بىرەسىڭلانىڭ نوقتا ـ ھالقىسىنى تاتىپمۇ قويالايمەن جۇما يانا مۇئاۋىن بوسامىمۇ !...

ئەتراپتىكىلەر شۈك بولۇپ قېلىشتى. ئارىلىقتا تاماققا چوكا ئۇزاتقان ھېچىكىم بولمىدى. ئايرىمخانا ئىچىدە ھۆكۈم سۇرگەن بىردەملىك ئېغىر سۈكۈتتىن كېيىن دوغىلاق، باشلىرى گەۋدىسىدىن يوغان كەلگەن، ئالىغاي قارايدىغان بىر كىشى خۇشامەت ئارىلاش ھىجايدى.

ــ ئەمدى مۇئاۋىن باشلىق،بىزنىڭ ‘ھېقىل سىلىنىڭكىدىن ئۇستۇن ئەمەس. بەزىدە ھېقىلسىزلىق قىلىپ دېگەن يەلىرىدىن چىقامايمۇ قالىدىكەممىز، خاپىمىسىلا. بوگەن سىلى خاپا بولىدىغان كۈن ئەمەس، بىرنەنچىدىن، سىلى ئەتىگەننىياغى ژۇقىرىدىن كەگەن رەھبەرلەنى ئۇزىتىپ ژۇرۇپ بەكلا ھېرىپ كەتتىلە. ئىشكىنەنچىدىن ئەتە ئوغاللىرىنى مەكتەپكە يولغا سالىدىكەللا. سىلىنى بىز خاپا قىلغان بوساقمۇ بالىنى ژىراق جايغا ئۇزىتىدىغان چاغدا كەيپىياتلىرىغا تەسىر يېتىپ قالمىسۇن. شۇڭا بىژدەم بوسىمۇ خۇشال ـ خۇرام ئولتۇراپ بەسىلە بى، قانداغ دېدىم ئاغىنىلە؟

ئولتۇرغانلار ئالىغاي كۆزلۈك كىشىنىڭ سۆزىنى بىر ئېغىزدىن قۇۋۋەتلەشتى.

ــ توغرا، توغرا،خاپىمىسىلا باشلىق...

ــ خاپىلىقلىرىنىمۇ ياندۇرىۋالمىز مانداغ....

ــ ئۆزلىرى بەكلا كەڭ قوساق جۇما...

ــ شۇ، سىلىدىن بۆلەك كىشى بوسا بىزگىمۇ تەستى، ئۆزلىرى ئوبدان بوغاچقا ئەكىلەپ قاغان يەلىرىمىز با...

ــ شۇ، ئەكىلەپ قاپتۇق...

— ئەمدى ئۇيقۇمىزنى ئىچىۋېتىمىز...

— بېشىمىزنى سىلىكىۋېتىمىز...

— ۋەششى...

— مۇئاۋىن باشلىق، — دېدى بۇرۇتلىرى تۈتلىك كېلىدىغان قارىمۇتۇق كىشى تۇش يانچۇقىنى كوچىلاپ،— ئەتە سىلىنىڭ ئوغال مەكتەپكە ماڭغاندا بىز ئۇچرىشالايمىزمۇ يوق، — شۇڭا مانى ئاز بوسمۇ ئوغاللىرىغا «مەختىكائىنىڭ يولىلىقى» دەپ بېرىپ قويالا...

— ۋاي بۇ نېمە قىلغانلىرى؟ ئانداغ قىممىسلا مەخەت سۇڭجاك. بۇنىڭ ھاجىتى يوق...

— سىلى بىز ئۇنداغ دېيىشمەيمىز مۇئاۋىن باشلىق. بۇ دېگەن كىچىككنام بى كۆڭەل، قىنى...

— ئەستا... بالا ھەر تەتىلدە مەكتەپتىن كەسە مۇشىنداغ ئەۋارە بولاۋاتىسلە. ھەپتىلىك دەم ئېلىشقا كەگەندىمۇ يانا ئىدەمنى خىجەلەت قىلىپ... ئەستا...

ئولتۇرغانلار بەس-بەستە ئۆز كۆڭۈللىرىنى ئىزھار قىلىپ مۇئاۋىن باشلىقنى تەكەللۇپ دېگەنگە كۆمۈپ تاشلاشتى. مۇئاۋىن باشلىق سەل ئىچىلغانىدەك بولۇپ كولۇمسىرىگەنچە يۇمىلاق شىرە ئەتراپىدىن ئۆزىنى مەركەز قىلىپ سۇنۇلغان قىزىل-يېشىل قەغەزلەرنى بىر-بىرلەپ ئېلىشقا باشلىدى.

— رەخمەت، رەخمەت...كېرەك ئەمەستى...

— ھە،— دەپ يېنىك نەپەس ئالدى خۇرۇم قالپاقلىق كىشى،— ئەمدى نېمىش قىلدۇق بالالا؟ مۇئاۋىن باشلىقنى بۇيەدە ھادۇق چىقىرىمىز، دەپ ئوتتاغۇزۇپ زېرىكتۇرۇپ قويساق بومماس؟ ئەمدى ئانچە-مۇنچە گۇڭۇر-مۇڭۇر قىلىشامىز؟

— قىلىمىز، نېمىشقا قىممايمىز؟ قاشقا دېگەن ژۇتنىڭ كىندىكىدىكى رېستورانغا كېلىپ جىم ئوتتاغىلى بولامتىكى! تېخى ھېلى گولدۇر-گۇپپاڭمۇ قىلىمىز!

— ھا ھا ھا...

ھەممەيلەن كولۇشتى. سورۇننىڭ باياملىقى جىددىيچىلىكى سەل تۈگىگەندەك قىلاتتى. خۇرۇم قالپاقلىق كىشى ئىشىككە قاراپ:

— خانقىز !— دەپ چاقىرىۋىدى،ئىشىك تۈۋىدە بىر قىز پەيدا بولدى، خۇرۇم قالپاقلىق كىشى قىزغا يەۋەتكۇدەك قاراپ ھىجايدى.

— خانقىز، مۇشۇ رېستوراننىڭ ئەڭ نوچى ھارىقىدىن بى ئېچىرىڭا، جىك ئەكەك ئىچىدىغىنىدىن.

— ماقۇل، بىردەم كۈتۈپ تۇرۇۋشسىلا، ھازىرلا كېلىدۇ.

قىز چىقىپ كەتتى، خۇرۇم قالپاقلىق كىشى قىزنىڭ كەينىدىن يەۋەتكۇدەك قارىغىنىچە چاقچاق قىلدى.

— ھەجەپ بى چوكا بىلەن قىسىپلا يېۋەتكۇدەك بالىكەن ماۋۇ! جىك، جىك، جىك....

ئۇنىڭ قارشى تەرىپىدە ئولتۇرغان ئالىغاي كىشى ئاغزىدىكى توخۇ قورۇمىسىنى چاينىغانچە خۇرۇم قالپاقلىق كىشىگە قاراپ:

— سىلى بۇنداغ قىز باللىنى يەممەيلا،ئىئا ئۆيلىرىدىكى خەيرىگۈل جۇرىنى يەممىگەن كىشى...

— چىم دەيدۇ ؟— خۇرۇم قالپاقلىق كىشى چوكنى قولىغا ئېلىپ بىر پارچە توخۇ گۆشىنى قىسقانچە،— مانا مانداغلام قىسىپ «ھاپ»لا ژۇتنۇۋېتىمىز جۇما بىز !...

— ھا ھا ھا...

ئۇلار چاقچاق قىلىشىۋاتقاندا كۆتكۈچى قىز پەتنۇسقا تىزىلغان ھاراقنى كۆتۈرۈپ كىرىپ يۇمىلاق شىرە ئۈستىگە قويۇپ چىقىپ كەتتى. خۇرۇم قالپاقلىق كىشى بوتۇلكىنىڭ ئېغىزىنى چىشى بىلەنلا چىشلەپ ئېچىۋەتكەندىن كېيىن:

— مانا قالىسلا، تۆمىنى چىشلەپ قايرىۋەتكىنىمنى كۆردىلىما؟ئىنداغ قىز باللىنى خام يېۋېتىمىز جۇما!....— دېدى ماختىنىپ، ئاندىن ئىستاكانلارغا ھاراق قۇيۇپ مۇئاۋىن باشلىققا يۈزلەندى،— ئەمدى مۇئاۋىن باشلىق، ئالدىلىرىدا ئاتىكاچىلىق قىپ قالدۇق، بۇگەن بىزدىن خاپىلاپ قاغان بوسىلىمۇ كۆڭەل ئىزدەپ بۇيەدە بىردەم-يېرىمدەم ئوتتۇراپ بەگەنلىرىگە رەخمەت. شۇڭا بۇگەنكى ئىشتا بىزنى ئەپۇ قىلىپ قولامدىن بىزنى ئېلىپ ئىچىپ بەسلە.

مۇئاۋىن باشلىق ئېغىزىدىكى كۆك تۈتۈننى ئاسمانغا پۈۋلىۋەتكەندىن كېيىن تاماكا قالدۇقىنى ئالدىدىكى كۈلدانغا قويۇپ خۇرۇم قالپاقلىق كىشىنىڭ قولىدىكى ئىستاكاننى ئالدى.

ــ بولاپتۇ، ھەقاسىڭلانىڭ بۇگەن بۇ يەدە مەن ئۇچۇن دوسقان راسلاپ ئوتتاغىنىڭلا ئۇچۇن كۆپ رەخمەت. يېزا باشلىغىمىز سىرتتا خىزمەت بىلەن ژۇرۇپ، بۇ يەدىكى ئىشلاغا مەن مەسئۇل بولۇپ تۇغاندابۇگەنكىدەك ئىشلار يۇز بەرمەسلىكى كېرەكتى.باشلىغىمىز كېلىپ بۇ ئىشلارنى ئۇقسا ماڭىمۇ ياخشى بومايدۇ. مەن ھازىر مۇۋەققەت بولۇپ تۇرغان بىلەن،يېزا باشلىغىمىز پات يېقىندا يۆتكەلسە بۇيەدە سىلى بىز قىلىپ بىر- بىرىمىزگە تايىنىدىغان گەپ. خىزمەتچىلىكتە گايى- گايى قاتتىق- ژىرىك گەپ قىپ سالىدىكەممىز، لېكىن، قوسقۇمدا يامانلىق يوق، بۇنىڭدىن كېيىنمۇ مەن ھايت دېسەم ھۇيت دەپ ژۇرەسلە.

ــ ئۇنىڭدا چاتاق يوق مۇئاۋىن باشلىق...

ــ چۇشتە مېنىڭ چېچىلغىنىمنى توغرا چۇشىنىڭلا، مېنىڭمۇ سىلىگە پەقەت يامان گەپ قىلغۇم يوق.

ــ ياق، مۇئاۋىن باشلىق، ئۇ دېگەن تەربىيە، يامان گەپ ئەمەس.

ــ شۇ، سىلە بىزگە تەربىيە بەدىلە.

ــ بىز تەربىيىنى قوبۇل قىلىمىز.

ــ جىڭ گەپ!

ئۇلار بىر- بىرىنىڭ گېپىنى تەستىقلاپ،بىر- بىرىگە تەكەللۇپ قىلىشىپ رومكىلارنى ئايلاندۇرۇشقا باشلىدى. پات- پاتلا بىر- بىرىگە جور بولغان كۇلكە ئاۋازى كۆتۇرۇلەتتى. تۇرۇپلا ھەممەيلەن جىمجىت بولۇشۇپ باشلىقنىڭ گېپىگە قۇلاق سېلىشسا، تۇرۇپلا كىمدۇر بىرى يۇمۇر باشلاپ سورۇننى قايتا جانلاندۇراتتى. تۇرۇپلا رومكا تۇتقان بىرسى قولىنى كۆكسىگە قويغانچە ئۆرە تۇرۇۋېلىپ بىر ھازا كۆڭۇل ئىزھار قىلغىلى تۇرسا، تۇرۇپلا كىمدۇر بىراۋنىڭ تەكەللۇپى بىلەن چوكىلار تەڭ ھەرىكەتكە كېلىپ تەخسىلەردىكى قورۇمىلارنى ماتلايتتى. چاقچاق- پاراڭلار ئەۋجىگە چىقىپ ھەممەيلەننىڭ يۇزلىرى خورازنىڭ تاجىسدەك قىزىرىشقان، كۆزلىرى خۇمارلىشىپ خۇشخۇي بولۇپ قېلىشقان، ھاراق ئۆز كۇچىنى كۆرسىتىشكە باشلاپ، ئولتۇرغانلارنىڭ سىپايە- چوڭ سۇپەتلىكلىرى نەلەرگىدۇر يوقاپ، ھەركىم ئۆزىنىڭ ئەسلىدىكى ئادەت- خۇيلىرىنى ئاشكارىلاشقا باشلىغان ئىدى.

ــ مەن سىلىگە دېسەم مۇئاۋىن باشلىق،ــ دەيتتى كەپكە كىيگەن كىشى باشقا بىرسى بىلەن قىزغىن مۇڭدىشىۋاتقان مۇئاۋىن باشلىقنىڭ جەينىكىنى پات- پات نوقۇپ ئۆزىگە قاراتماقچى بولۇپ،ــ بۇگەن چۇشتە ژۇقىرىدىن كەگەن باشلىقلانىڭ ئالدىدا ساقال تارىغان گۆي زادى بەلەن نېمە ئەمەس، قاچانلا قالىسا دىيەنىشىدە ئۇنى دېدى، گېزىتتە بۇنى بېسىپتۇ، رادىيودا مانداغ دېدى، دەپ ئىدەمگە داۋلى تاقاپلا ژۇرىيدىغان ژۇت ئەسكىسى نىمتى، ئاشۇ گۆينىڭ دەستىدىنمۇ كەنتكە كەگەن گېزىتلانى مەدەنىيەت ئۆيىگە قويامايدىغان بولاپ قالدىم.ھازىر گېزىت كەسە ئىشخانامغىلا ئېچىرىۋالىمەن،بەڭگى گۇيلاغا بەش- ئون تاختىدىن بېرىپ قويسام خۇش بولاپ ئۆي ئىشلىرىمغا قالىشىپ كېتىشىدۇ تېخى...

ــ ھە،ــ دەپ قويدى مۇئاۋىن باشلىق ۋە يېنىدىكى ئادەم بىلەن قايتىدىن خۇددى باشلىرى ئۇسۇشۇۋاتقاندەك يېقىن كېلىشىپ پاراڭغا چۇشتى.

ــ مەن سىلىگە دېسەم مۇئاۋىن باشلىق،ــ دېدى كەپكە كىيگەن كىشى مۇئاۋىن باشلىقنىڭ جەينىكىنى قايتا نوقۇپ، مۇئاۋىن باشلىق ئامالسىز ئۇنىڭغا يەنە قاراشقا مەجبۇر بولدى،ــ يېقىننىياغى كەنت كادىرلىرىنى رەسمىيلەشتۇرۇش گېپى خېلى ئەدەپ قالدى، تەشكىلات بۆلۇمىدە يېقىن ئىدەملىرى بولاپ قاسا «ئۇشىتتىدە» قىلىپ قويىسلا،قانچىلىك بىژمە كەتسە مانا مەن با جۇما.

ــ بۇ تەس ئىش، ــ دېدى مۇئاۋىن باشلىق بېشىنى چايقاپ،ــ لېكىن تىڭتىڭلاپ باقساق بولىدۇ.

ــ ھەببەللى!ــ كەپكە كىيگەن كىشى قولىغا رومكىنى ئالدى،ــ مۇشۇ گەپلىرى ئۇچۇن بىژنى.

ــ ئەمدى بولامىكى، جىق ئىچىپ كەتتۇق. ئەتە يانا خىزمەت با.

ــ پەقەت بىژنىلام، بىژنى، بىژنى...

ــ ئۆتكەنىدە،ــ دەيتتى مۇئاۋىن باشلىقنىڭ قولتۇقىغا دېگۇدەك كىرىۋالغان يەنە بىر كىشى،ــ سىلى بىزنىڭ مەھەللىدە ئېتىزغا قېلىن چىگەن سۇغا جەرىمانە ئاغاندا بىزنىڭ ئىدەملە نايىگە ئەز قىلغىلى

مېڭىپتىكەن، مەن «ما قېتىم نايىگە بېرىپ ئەزىڭلانىغۇ ئاقتۇراسىلە، ئەممىلىكىن بۇدا يانا بىي سۇ لازىم بوغاندا ئېرىقتا سۇنى قانداغ ئاقتۇراسىلە؟»دەپ بىژلام داۋلى بىلەن ئۇلانى قوقۇتۇپ توساپ قويدۇم قالىسلا. ھازىر ھەممىدىن موقۇملۇق ئەلا، ئەرزخورلا نايىگە باسا سىلىگە ياخشى ئەمەسلىكىنى ئۇمدان بىلمەن. مەنزە دايىم سىلىنى ئويلايمەن قالىسلا.

ــ مەنمۇ بىلىمەن سىلىنى، شۇڭا سىلىنىڭ ئىشلاغا ئارتۇق ـ تۆشىك گەپ قىممايمەن ئەمەسما، قىلدىممۇ يا؟

ــ يا، يا، ياق، ھەرگىز دېسلە ھەرگىز...

ــ دا سۇڭجاڭ،ــ دېدى قارشى تەرەپتە ئولتۇرغان ئالىغاي كۆز كىشى،ــ مۇئاۋىن باشلىقنى بىزمۇ بىژ تالدىن بېلەتكە بەلگى قويۇپ سايلىغان، بىزگىمۇ بېرىڭلا گەپ قىلدىغان نۆۋەتنى.

ئەتراپتىكىلەر پاراققىدە كۈلۈشتى.

ــ ئانداغ بوسا،ــ دېدى ئالىغاي كۆز كىشى كارتتىدە بىرنى كېكىرىۋېلىپ،ــ بىژ چۆچەك باتى دەپ بېرەي، بىزنىڭ مەلىنىڭ مەدىنىيەت ئۆيىدىكى بىژ كىتاپتىن ئوقۇۋاغان، مۇشۇ كىتاپ دېگەن بىژمىنى قولامغا ئاسالا كۆزەم ئىمىي ـ چىمىي بولاپ ئۇيقۇم كېلىپ كېتىدۇ. مۇشۇ بىژ چۆچەكنى ئالاھەزەل بىرە ھەپتىلەدە ئوقۇپ بوغاندىمەن.

ــ ھەي تۇ سۇڭجاڭ،ــ دېدى كەپكە كىيگەن كىشى،ــ ھېلىقى چاغدا تەربىيلەشتە بىللە ئوقۇغىنىمىز يادىڭلادا باما؟

ــ قا چاغدا؟ــ دېدى ئالىغاي كۆز كىشى ئەسلىيەلمەي .

ــ ۋاي ھېلىقى بىژ ۋاختىچۇ؟ مەس بولاپتۇ ما ئاداش...

ــ ھە، ھە، ھە، يادىمغا كەلدى،ھېلىقى نايىدىكى تەربىيلەش ئوقۇشنى دەمسلە ؟

ــ شۇ شۇ، ئاشۇ چاغدا بىزگە دەس ئۆتكەن مەلىم ھەجەپ پىشت ئۆچەي ئاداشكەن دېسە!

ــ ۋاي سىلى بۇدا مەن كۆگەن مەلىمدەك سىركە پىياز ئاداشنى كۆمدىڭلا، دەس ۋاختىدا تاماكا چەككىلىمۇ قويمىدى. بۇرۇنقىدەك رېستۇرانغا ئېچىرىپ تازا بىي مىيمان قىلىپ كىتاپ ئوقۇپ خەت يازغاندىن قۇتۇلامىزمىكى دىسەك پەقەت ئەپلەشمىدى. شۇ چاغدا كىتاپ ئوقۇپ خەت يازغاندىن توياپ كەتكەنتىم، سىلى قانداقمۇ كىتاپ ئوقىغلى نېرۋىلىرىنىڭ چولىسى تەگكەندۇ دەيمىنا!؟

ــ مەن دىسەم قالىسلا، بۇ بىي پايدىلىق گەپلە با چۆچەككەن، شۇڭا ئوقۇپ باققان.

ــ ھە ھە، دىسلە بىي ئاڭلاپ باقلى بىزمۇ.

ــ ماقا،باشلايمۇ؟

ــ باشلىسلا.

ــ ئەمسە باشلىدىم، ھە... بۇرۇنىنىڭ بۇرۇنىسدا، چار توخۇنىڭ دۇلىسدا، قىرغاۋۇل جەدىكەن،ئەرسىز خوتۇن يەدىكەن. شۇ زامانلادا بىي سۇناي ياسايدىغان ئۇستام بولاپتىكەن. ئۇستا بەك جىق سۇناي ياسىغان بوسىمۇ ھېچكىم ئاماي سۇنايلىرى دۆۋىلىشىپ كىتىپتۇ. سۇنايچى ئۇستام پادىشا بىلەن ئاغىنە ئىكەن.ئۇ پادىشانىڭ يېنىغا چىرىپ:

ـ دات پادىشايى ئالەم! ياسىغان سۇنايلىرىمنى ھېچكىم ئاممىدى، قانداغ قىلىشىم كېرەك؟ بىي ياردەم قىسلا بولاپتىكەن،ــ دەپ داتلىنىپتۇ. پادىشا ئۇنىڭغا:

ــ سەن سۇناينى تېخىمۇ جىق ياسا،ــ دەپتۇ.

ــ تېخىمۇ جىق ياسامدىمەن ؟

ــ تېخىمۇ جىق ياسا.

سۇنايچى قايتىپ كېلىپ يانا جىق سۇناي ياساپتۇ. سۇناي يوغان بىي ئۆيگە لىق توشقاندا قانداغ بولاپتۇ دىمەمسلە؟

ــ قانداغ بولاپتۇ؟ــ سوردى بۇرۇتلۇق كىشى ئاخىرىغا قىزىقىپ.

ــ مانداغ بولاپتۇ، ــ دەپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى ئالىغاي كۆز كىشى،ــ سۇناي ئالىدىغان خېرىدارلار سۇنايچىنىڭ ئىشىك ئالدىغا ئۆچىرەت بولاپ كېتىپتۇ !

ــ ما ئىشنى!ــ دېدى خۇرۇم شەپكىلىك كىشى ھەيران قېلىپ،ــ نېمشقا ئۇنداغ؟

ــ ئەسلىدە،ــ دېدى ئىگىز بوي كىشى يەنە بىرنى كارتتىدە كېكىرىۋېلىپ ــ پادىشا ھەممە ئىدەم يولدا سۇناي چېلىپ ماڭسۇن، دەپ يارلىق چۈشۈرۈپتىكەن ئەمەسما...!

ــ ھا ھا ھا !...

ــ كەلدى كەلدى...

ــ ئوخشىدى، ئوخشىدى...

ئولتۇرغانلار قاتتىق كۈلۈشتى. ئېگىز بوي كىشى كۈلكىدىن توختاپ مۇئاۋىن باشلىقنىڭ قۇلىقىغا ئېگىشتى.

ــ مەن بۇ چۆچەكنى باكا ئېيتمىدىم جۇما مۇئاۋىن باشلىق،ــ دېدى ئۇ كۆزلىرىنى پارقىراتقىنچە،ــ كۆزەم ئىيمىر-چىيمىر بولاپ كەتسىمۇ چىداپ تۇرۇپ ھەپتىدە ئاران ئوقۇغان چۆچەك بۇ قالىسلا. سىلىگە دېمەكچى بوغىنىم، جىگدىلىك مەيداندىكى50 مو جىگدە كۆچىتىنى بۇ ئىشقا سىلى مەسئۇل بوغاندىكىن بىژتەرەپ قىپ بەسلە بولىتى.

ــ چۆچەكنى باكاغا سۆزلىمەپلا ھە؟ــ دېدى مۇئاۋىن باشلىق خىرىلداپ كۈلگەنچە.

ــ ئەمدى، ئۈگىنىش، ئۈگىنىش يانا ئۈگىنىش دېگەن شۇ. قاغىننى مەنمۇ قالاپ تۇمايمەن...

ــ خاتىرجەم بوسىلا، ۋاختى كەگەندە بىژ ئامال قىلامىز.

ــ ھە راس، مۇئاۋىن باشلىق،خوشنا يېزىدا ئۆزلىرىدەك مۇئاۋىن باشلىق بولۇپ ئىشلەيدىغان بىر سىڭىللىرى باغۇ؟

ــ ھە.

ــ ئاشۇ تەرەپلەدە جىگدە كۆچىتىگە ئېھتىياجلىق يەلىرى بوسا مانداغ بىي پىلان تۈزگەن ۋاختا بىژ كۆزنى قىسىپ قويسا بولىتى، بەلەن رازى قىلاتتىم.

ــ قېنى ئەۋالغا قالامىز جۇما.

ــ ھەي باللا،ــ دېدى شاپ بۇرۇت، سەپكۈن يۈز بىرسى،ــ بۇدا نايىگە يېگى كەگەن باشلىق يامان ئىدەم ئوخشىمامدۇ؟

ــ قانداغ؟ــ ئولتۇرغانلار قۇلاقلىرىنى دىڭ قىلىشىپ شاپ بۇرۇتقا قاراشتى،ــ بىرە گەپ-سۆز ئاڭلىمىغانلا؟

ــ گەپ- سۆزغۇ ئاڭلىمىدىم، ئەمما، بۇ باشلىق خىزمەت تەكشۈرگەندە بۇرۇنقىلارغا ئوخشاش بىر تەييالىق قىلغان تەرەپكە ماڭماي ئۆزى خالىغان دىخاننىڭ ئۆيىگە ئۇسسۇپ چىرىپ دىخانلا بىلەن پاراڭلىشىدىكەن.

ــ جىلىڭ گەپ!ــ دېدى كەپكە كىيگەن كىشى ئولتۇرغان جايىدىن يېرىم ئۆرە بولۇپ،ــ بۈگەن چۈشتىكى كۆزدىن كەچۈرۈشتە ھېلىقى باشلىق بىز باشلاپ ماڭغان تەرەپكە ماڭماي: «بولدى سىلەنى ئەۋارە قىمماي،ئۆزەم ئايلىنىپ چىقاي» دەپ بىسمىللا دېمەستە ھېلىقى بىزنىڭ ئاۋرۇيىمىزنى تۆككەن قەلەندەنىڭ ئۆيىگە چىرىپ كېتىپ بارىدۇ! ھېلىقى قەلەندەنىڭ بىژ ئۆيىدە لىق كىتاپ بارلىقىنى كۆرەپ باشلىق بەك خوش بولاپ كەتتى. «تەرەققىيات ــ تېخنىكا ئىگەللىگەن، ئىلىم- پەنگە يۈزلەنگەن زىيالىي دىخاننىڭ رولىغا ئېھتىياجلىق» دەمدا؟ ئاشۇنداغراق بىژ نىملەرنى دېدى. خۇددى تەرەققىياتتا بىزنىڭ رولىمىز يوقتەك.ئۇ گۈيدەك كىتاپ ئوقىمىساقمۇ ئىدەم باشقۇرۇپ كېلىۋاتمىزغۇ مانا؟ قوساقنى ئەسكەن يېرى، ھېلىقى گۆي باشلىق بىلەن خۇددى مەلىدىكى گۆيلا بىلەن پاراڭلاشقاندەك ئەركىن- ئازادە پاراڭلىشىپ كەتكىنىنى بىژ دېمەڭلا! ئېتىزلىققا ماڭسىمۇ رادىيونى شوينىدا چىگىپ بوينىغا ئېسىپ ماڭىدىغان بىژ قوڭالتاقنىڭ نېرىگە قىزىقىپ قالدىكى ھېلىقى باشلىق ؟ بۈگەن پەگادا قاغىنىمغا قوسىغىم بەك كۆپتى جۇما...خەپ !

ــ ھازىر تۆردە ئولتۇرۋاتاملا مانا ؟

ــ ئۈغۇ شۇنداق...ئەمما زە...

سورۇن قىزىپ كەتكەندى. بىرلىرى ئالكىملەردىندۇر ئاغرىنىشسا، بىرلىرى كىمنىدۇر چىشلەپ تارتاتتى. ئىككى-ئىككىدىن بولۇپ باشلىرىنى بىر يەرگە ئەكىلىشىپ دەرد تۆكۈشەتتى، تالىشاتتى. يېرىم-يارتا يېيىلىپ قالايمىقان مالتىلانغان تاماققا ھېچكىمنىڭ ھەپىسلىسى يوق، بىر-بىرىنى هاراققا زورلىشاتتى. يەنە دېگەن گېپىنى يەنە دېيىشىپ كۆڭۈل ئىزھار قىلىشاتتى.

بىر چاغدا ئوچۇق تۇرغان ئىشىكى ئۇدۇلمۇ-ئۇدۇل قوشنا ئايرىمخانا ئىچىدىن بىر توپ ئاياللارنىڭ قىيا-چىيا قىلغان كۈلكە ئاۋازى ئاڭلاندى.

ــ ۋوي، ۋوي!' ما يېنىمىزدا ساپلا تومۇچۇق ساراۋاتامدۇ نېمە؟

ــ ھەئە،شۇنداغدەك قىلىدۇ.

ــ بايامنىياغى نېمىشقا بىلمىدۇق ؟

ــ ئەمدى بوسىمۇ كىچىكمەيمىز ،ھازىر ژۇرەك يوغىنىدى.

ــ سىلىنىڭ ژۇرەك مانى ئىچىسە ئاندىن يوغىنامدا؟

ــ ئەمدى . . .

ــ ھا ھا ھا . . .

ئۇلار كۈلكىدىن توختاپ ، كەپكە كىيگەن كىشى مۇئاۋىن باشلىققا قارىدى.

ــ مۇئاۋىن باشلىق، بىزنى تاتىپ چىقامىلا؟

ــ ياق ، ياق .

ــ ياق دېمىسىلە مۇئاۋىن باشلىق،بىز پەدە ئويناپ قويسىلا مەيدە DVD مۇ باكەن مانا . . .

ــ شۇنى دەيمىزا، ئاقانلىرىنى سىلاپ تۇرۇپ . . .

ــ بەللىرىنى مۇجۇپ تۇرۇپ . . .

ــ كۆزىنىڭ بالىخانىسىغا قاراپ تۇرۇپ . . .

ــ ئەتىر يېدىنى پۇراپ تۇرۇپ . . .

ــ ھا ھا ھا ! . . .

شۇ ئارىلىقتا قىزىل يوپكا كىيگەن،چاچلىرى ئۇزۇن بىر قىزنىڭ قولىدىكى سايراۋاتقان تېلېفونىنى قۇلىقىغا ئاپارغانچە ئىشىكنىڭ يېنىغا ئۆتكىنى كۆرۈندى.

ــ ئاينا، ئاينا . . .

ــ مەن مەس بولاپ قالدىغان بولدۇم . . .

ــ ماڭە ۋا، بۇ دېگەن بىزنىڭ باشلىققا ماس . . .

ــ باشلىق، ئاشۇ قىزبالا بىلەن بىز پەدە تاڭسا ئوينىۋەتمىسىلە سىلىنىڭ ژۇرەكنى كىچىككەن، دەيمىز . . .

ــ ھوي، ھوي، ھوي، ماڭە ساقال تارىماي، باشلىق تاڭسا دېگەننى سۇ ئىچكەندەك . . .

ــ جىڭ گەپ . . .

ئاڭغىچە بايىقى قىز تېلېفوندا سۆزلىشىپ بولۇپ ئارقىغا يېنىۋىدى،ئۇبدانلا تەمشىلىپ قالغان مۇئاۋىن باشلىق ئورنىدىن قوزغالغانچە توۋلىدى.

ــ ھەي سەتەڭ قىز! مايانغا چىرىڭ[illegible]ا بىـي ئوينايلى . . .

بىرسىنىڭ ئۆزىنى چاقىرغىنىنى ئاڭلىغان قىز بۇرۇلۇپ قارىۋىدى، باشلىقنىڭ ئۆڭكى تاتىرىپ كەتتى. ئىشكنىڭ ئۇدۇلىدا تۇرغان قىزنىڭ قولىدىكى تېلېفون يەرگە چۈشۈپ كەتتى.

ــ ئاكا . . .!!!

مۇئاۋىن باشلىقنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان كىشىلەر جىددىيلەشكىنىدىن ئاغزىلىرىنى ھاڭگىدە ئاچقان پېتى داڭ قېتىپ قېلىشتى. قوشقا قاتقان كالىدەك ئېغىر پۇشۇلداپ ئولتۇرغان مۇئاۋىن باشلىقمۇ نېمە دېيىشنى، نېمە قىلىشنى بىلەلمەي قالغان ئىدى.

تۇيۇقسىز مۇئاۋىن باشلىقنىڭ تېلېفونى جىرىڭلاپ كەتتى .مۇئاۋىن باشلىق ئېرىنچەكلىك بىلەن تېلېفونىنى ئېلىپ قۇلىقىغا تۇتتى .

ــ ۋەي . . .ھە مەن شۇ . . .جىددى ژىغىن؟ . . . مۇشۇ كەچتىما؟ . . .نەدە؟ ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتتى ژىغىن زالىدا ؟ . . .

مۇئاۋىن باشلىقنىڭ دىيالوگى ئۈزۈلۈپ قالدى. ئۇنىڭ يېنىدىكى كەپكە كىيگەن كىشى ئاستا ئېڭىشىپ سورىدى:

ــ مۇئاۋىن باشلىق، ئۇلا نىمى دەيدۇ ؟

باشلىقتىن سادا كەلمىدى . . .

---

ئاپتور: قىرغىز، يېڭىشەھەر ناھىيە ئەرمىدۇن يېزا قىرغىز مەھەللىسىدە دېھقان.

## ژۇرنىلىمىزنىڭ 2010 ـ يىل 5 ـ سانىغا تۈزىتىش

تېخنىكىلىق كاشىلا سەۋەبىدىن مەزكۇر ساننىڭ 68 ـ بەت 2 ـ ئىستون يۇقىرىدىن پەسكە 8 ـ قۇردىكى «قىلىدۇ. چۈنكى، بىر مىللەتنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى يامغۇر» دېگەن بىر قۇر خەت چىقماي قالغان. ئاستىنقى قۇرلاردىكى بىر قانچە خەتنىڭ شەكلى ئۆزگىرىپ كەتكەن؛ جۈملىدىن 2 ـ بەت 2 ـ ئىستون 2 ـ قۇردىكى «زاكونشۇناسلىق» «زاكونشۇسلىق» بوپقالغان. تولۇقلاپ، تۈزىتىپ ئوقۇشقىنىزلارنى سورايمىز.

ــ كامالىي ئېھتىرام بىلەن: «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى تەھرىراتى



# غايىب بولغان چىپار كېپىنەك

(ھېكايە)

تۇرسۇن مەھمۇت

قۇياش نۇرى غازاڭ تاشلىغان تېرەكلەر ئارىسىدىن ئۆتۈپ، ئەسكى-تۈسكىلەر بىلەن تولغان ھويلىغا سىپىلىپ تۇرغان ئەتىگىنى مۇسا تورغاي خوتۇنىنى يەنە ئۇرۇشقا باشلىدى. ئايال بېشىنى ئىچىگە تىقىپ تۈگۈلۈۋالغانىدى. مۇسا تورغاي ئېغىر ھاسىرايتتى، تاماكىدىن سارغايغان چىشلىرى گاھ-گاھ كۆزگە تاشلىناتتى. ئۇنىڭ خوتۇنىنى ئۇرمىقىنىغا خېلى كۈنلەر بولۇپ قالغانىدى. ھەر قېتىم خوتۇنىنى ئۇرغاندا يۈرىكى ئاچچىق بىر سېزىم بىلەن ئېچىشىپ كېتەتتى. شۇ ھالدا مۇسا تورغاينىڭ نۇرسىز كۆزلىرى چەكچىيىپ كەتكەنىدى. ئۇشتۇمتۇت يۈز بەرگەن ئىشتىن چۆچۈدىمۇ، سامانلىقنىڭ يېنىدىكى كونا ھارۋىنىڭ شوتىسىغا قونۇپ، پىتلىنىپ تۇرغان چار مېكىيان ئۈركۈگىنىچە قا-قاقلاپ تالاغا قاچتى.

ئالبىيشىل يىپلار بىلەن چىگىلگەن كۆتمەك سۇپۇرگە ئايالنىڭ قىسماقتەك تۈگۈلگەن دۈمبىسىگە تېگەتتى. ئايال زوڭزىيىپ ئولتۇرۇۋېلىپ يۈز-كۆزىنى تۇتۇۋالغىنىچە مۇسا تورغايغا يالۋۇراتتى:

— يۈزۈمگە ئۇرماڭلا، بىز دېيىشكەنغۇ، ئۇنتۇپ قالماڭلا، يۈزۈم كۆكىرىپ قالسا بولمايدۇ.

مۇسا تورغاي ئېغىر تىنىپ قويۇپ خىرىلدىدى:

— مەن سېنىڭ قاچان يۈزۈڭگە ئۇرۇپ باققان. يۈزۈڭگە ئۇرسام، ئەل-جامائەتنىڭ ئالدىغا چىقالمايدىغىنىڭ ماڭا ئايان.

مۇسا تورغاي توپا ئۆرلەپ تۇرغان يەرگە گۈپپىدە ئۆزىنى تاشلاپ، تىزىنى قۇچاقلىغىنىچە ئولتۇرۇپ قالدى.

ئايالى ئاستا بېشىنى كۆتۈرۈپ ئۇنىڭ ساقال باسقان تاتىراڭغۇ چىرايىغا سەپسالدى. ئاندىن ئەپسىز بىر ھالدا ئېرى تەرەپكە سۈرۈلدى.

مۇسا تورغاي يەڭگىل، يېقىملىق سەلكىنىنىڭ باش ئۈستىدىن ئۆتكىنىنى سېزىپ ئاستا بېشىنى كۆتۈردى. ناھايىتى نۇرغۇن چىپار كېپىنەك ئۆينىڭ ئەتراپىدا چىرايلىق دائىرە ھاسىل قىلىپ، لەرزان ئۇچۇپ يۈرەتتى.

— ھەممىسى مېنىڭ كېپىنەكلىرىم.

شۇ قەدەر ئىللىق، يۇمشاق ئاق نۇر ئىچىدە ئويناپ يۈرگەن تۇرغۇنجان دادىسىغا شۇنداق دەپ تاتلىق كۈلدى. تۇرغۇنجان ئاق نۇرغا كۆمۈلگەنىدى. ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىن ئاق نۇر تۆكۈلەتتى. ناھايىتى

نۇرغۇن چىۋار كېپىنەك ئۇنىڭ ئەتراپىدا پىرقىراپ، ئۇچۇشۇپ يۈرەتتى.

مۇسا تورغاي ئېتىلىپ چىققان ياشلىرىنى سۈرتۈشكىمۇ ئۈلگۈرمەي، كۆزلىرىنى بىر نۇقتىغا تىكىپ قاراپ تۇراتتى.

ھەممىسى كۆز ئالدىدىلا غايىب بولدى.

ئاق نۇر، چىۋار كېپىنەكلەر، تۇرغۇنجان.

مۇسا تورغاي ئۆزىنى كاچاتلاشقا باشلىدى. ئايالى ۋارقىراپ ـ جارقىراپ ئۇنىڭ قولىغا ئېسىلاتتى:

ــ مېنى ئۇرسىلا... ئۇرۇۋەرسىلە...

بېشىغا شاپاق دوپپا كىيىۋالغان بىرەيلەن قارا ئېشەكنى يېتىلەپ مۇسا تورغاينىڭ ئۆيىنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقانىدى. ھويلىدىكى غەلۋىنى ئاڭلاپ ئېشەك ئالدىدا توختاپ قالدى. ئۇنىڭ تەمتىرەپ تۇرۇشلىرىدىن يا كىرەلمەي، يا يولغا كېتىۋېرىشنى بىلەلمەي تۇرۇۋاتقانلىقىنى بىلگىلى بولاتتى.

ئېرىنىڭ قولىغا ئېسىلىپ تۇرغان ئايال قانداق كۆرۈپ قالغان، يولدىكى ئادەمگە تىل سالدى:

ــ نېمە پاقا تەشكەن سويمىدەك قاراپ تۇرىسەن ئېشەكباش، بىر كىمنىڭ بىر يېرى ئېچىلىپ قاپتۇمۇ يا بۇ يەردە.

ئايال بېلىنى تايىنىپ، كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ قاراپ تۇراتتى.تۇرقىدىن پوق دېسە ئۇچۇپ كېتىدىغاندەك قىلاتتى. چومۇچتەك پۇتلىرى ئاجىزلاپ كەتكەن ئورۇق ۋۇجۇدىنى تەستە كۆتۈرۈپ تۇرۇۋاتسا كېرەك، پۇتلىرى لاغىلداپ تىترەپ تۇراتتى.

تىل ئېشىتكەن ھېلىقى ئادەم بىردەم قاراپ تۇرۇپ كەتكەندىن كېيىن، ئېشەكنىڭ قولىدىكى باشبېغىنى ئەلەم بىلەن سىلكىپ، يەرگە كۈچ بىلەن دەسسەپ ۋارقىرىدى:

ــ تاياق يەپ ئۆلۈپ قالمىسۇن دەپ ئاجرىتىۋالغىلى قاراپ تۇرۇپ قاپتىمەن پوق يېگەن ساراڭ. تاياقنىڭ تېگىدە قېلىپ ئۆلەمسەن ـ تىرىلەمسەن، نېمە كارىم.. ئەتىگەندە نېمە نەسچىلىك بۇ ... ئېشەكباش دېگىنىنى ما ساراڭنىڭ... مۇشۇنداقمۇ سەت گەپ بولامدۇ.

ــ يامان بولساڭ كېلە، بويىنۇڭنى قۇشقاچنىڭ بويىنى ئۈزگەندەك ئۈزۈۋېتىمەن سەن مەشمەرىقىنىڭ ھېلى... ھۇ ئېشەكنىڭ...

شاپاق دوپپا كىيىۋالغان ئادەم بىلىكىگە ئېسىۋالغان ئورغاقنى ئېلىپ، ئورغاقنىڭ كەينى تەرىپى بىلەن ئېشەكنىڭ دۇمبىسىگە زەرب بىلەن نەچچىنى ئۇرۇۋەتتى.

ئورغاق زەربىدىن بېلى ئېگىلىپ ، تۈگۈلۈپ كەتكەن ئېشەك ھېلىقى ئادەمنى سۆرەشتۈرۈپ تارتىپ ماڭدى. ئۇ، كەينىگە قارىغاچ ئاچچىق بىلەن ۋارقىرايتتى:

ــ زادى ساراڭ دېگەنگە رەھىم قىلغاننىڭ پايدىسى يوقكەن. ئەسكىلىكىدىن خۇدايىم بالىسىدىن ئايرىدى بۇ ساراڭلارنى... ئەتىگەندە ئېشەكباش دەپ تىللىغىنىنى مېنى بۇ ساراڭنىڭ.

ھېلىقى ئادەم ئېشەكنى يەنە ئۇرۇشقا باشلىدى. پېشانىسىدىن مونچاقتەك تەر قۇيۇلاتتى.

مۇسا تورغاي تۇرغان جايىدا خېلى ئۇزاق تۇرغاندىن كېيىن قولىنى سىلكىدى:

ــ خەققى نېمىشقا تىللايسەن بىكاردىن ـ بىكار.

ــ تىللايمەن تازا، تۇرغۇنجان بەك ئۆچتى بۇ ئابدالغا، بۇغدىيىمغا دەسسىدىڭ دەپ ئۇرغىلى تاس قالغان بىر چاغدا.

ــ قايسى زاماندىكى گەپ ئۇ، بولدى، ئۆيگە كىرىپ كەت.

ئايال ئورنىدىن تۇرۇپ مۇسا تورغاينىڭ ئۈستىبېشىدىكى توپا ـ چاڭلارنى قېقىشتۇردى، كىرلەشكەن ئاق ياغلىقنىڭ ئۇچى بىلەن قۇلىقىنىڭ كەينىدىكى ئۇششاق تەرلەرنى سۈرتتى.

ــ كالىغا قارىدىڭىزمۇ؟

ــ ھەئە.

ــ موزاي ئېمىۋالمىغاندۇ؟

ــ ياق.

ــ كالىنى ۋاقتىدا سېغىۋەت، يېلىنى چىڭقىلىپ كېتىپتۇ.

ئايال مۇسا تورغاينىڭ يۈزىنى سىلىدى. يىرىك، تىرناقلىرى ئۆسۈپ كەتكەن بۇ قولدىن قوي مايقىنىڭ ھىدى كېلەتتى. مۇسا تورغاي تەتۈر قاراپ تۇرۇپ قولىنى سىلكىدى:

ــ ماڭ، ئۆيگە كىرىپ كەت، چاققان بول.

ئايال رايىشلىق بىلەن ئۈستىبېشىنى قېقىشتۇرۇپ، ئۆيگە كىرىپ كەتتى. مۇسا تورغاي سامانلىققا كىرىپ زەيلەشكەن تامغا يۆلىنىپ ئولتۇردى. تامنىڭ ئۈركۈپ كەتكەن ئۆلۈك توپىسى رەڭگى ئۆڭۈپ كەتكەن پوررەك چاپىنىغا سۈۋاشتى. سەل نېرىدىكى بۇلۇڭدا مىغىلداپ يۈرگەن ھاشار چومۇلىسى سەپ تارتىپ مىڭىلدىشىپ يۈرەتتى. ئۇ، يۈزىنى چاڭگاللاپ، ئۆزىنى ئۇتالماي يىغلاپ كەتتى. بارماقلىرى ئارىسىدىن تۆكۈلگەن ياش ئىككى يىلدىن بۇيان ئاقىرىپ كەتكەن ئۆسكىلەك ساقاللىرى ئارىسىغا سىڭىشىپ كەتتى. ئورۇق مۈرىسى سىلكىنىپ ـ سىلكىنىپ تىترەيتتى. تۇمشۇقىنى قوتۇر باسقان ئاق ئۆچكە سوزۇپ ـ

سوزۇپ مەرەشكە باشلىدى. سامانلىقنىڭ بۇلۇڭىدىكى كامارنىڭ ئاغزىدا بىر سېرىق چاشقان چېكىتتەك كۆزلىرىنى مۇسا تورغايغا تىكىپ ھوشيارلىق بىلەن قاراپ تۇراتتى. ئۈچكىنىڭ ئاق ئوغلىقى دىكىلداپ كېلىپ مۇسا تورغايغا سۈۋاندى. ئۇ، ئوغلاقنىڭ دۇمبىسىنى سىلاپ تۇرۇپ، قىستاپ كەلگەن يىغىسىنى تۇتۇۋېلىش ئۈچۈن ئاسمانغا قارىۋالدى. ئەمما ئۆزىنى تۇتالمىدى. ئورنىدىن تۇرۇپ پوتىسىنىڭ ئۇچى بىلەن بۇرنىنى ئېرتتى.

سامانلىقنىڭ ئارقىسىدىن سانسىز چېپار كېپىنەك ئۇچۇپ چىقىپ، ئەتراپنى پىرىلداپ ئۇچۇشقا باشلىدى. يالاڭباش، ھاۋارەڭ كۆڭلىكىنىڭ تۈگمىلىرى ئېتىلمىگەن تورغۇنجان كېپىنەكلەر ئارىسىدا يۈگۈرۈپ يۈرەتتى. ئۇنىڭ كېپىنەكلەرنى تۇتۇۋالغۇسى بولسا كېرەك، پىرىلداپ ئۇچۇپ يۈرگەن كېپىنەكلەرگە قولىنى سوزۇپ قوغلاپ، تاقلاپ، سەكرەپ يۈرەتتى. پېشانىسىدىكى ئۇششاق تەرلەر پارقىرايتتى. مۇسا تورغاي شۇنچە زەن سېلىپمۇ ئۇنىڭ يا كۈلۈۋاتقانلىقىنى، يا جىلە بولۇۋاتقانلىقىنى پەقەت بىلەلمىدى. بۇ بالا جاھاندىكى جىمى جانلىققا ئاشىق دېگەنلەرنى خىيالىدىن ئۆتكۈزگەن مۇسا تورغاي بەكمۇ نۇرغۇن چېپار كېپىنەك ئارىسىدا يۈگۈرۈپ، تاقلاپ يىراقلىشىپ كېتىۋاتقان تورغۇنجاننىڭ ئارقىسىدىن قارىغىنىچە ئۇھ تارتىپ قالدى.

بۇ، قاي زاماندىكى ئىشلار. چېپار كېپىنەكلەر يوقاپ كەتتى، تورغۇنجانمۇ، چېپار كېپىنەكلەرمۇ تەڭلا غايىب بولدى. بۇرۇنلاردا تورغۇنجان بار يەردە چېپار كېپىنەكلەر بولاتتى، چېپار كېپىنەكلەر بار يەردە تورغۇنجان بولاتتى.

بىر كۈنى سەھەردە مۇسا تورغاينىڭ ئايالى چاچراپ ئورنىدىن تۇرۇپ چىرقىرىدى:

— كېپىنەكلەر كەتتى، ئەمدى كەلمەيدۇ.

ئايال چاچلىرىنى يۇلۇپ چىرقىراشقا باشلىدى:

— تورغۇنجاننىڭ مىڭ تال كېپىنىكى بار ئىدى.

ئايال بارماقلىرىنى پۇكۇپ ساناشقا باشلىدى. ئاغزىدىن كۆپۈك ئۆرلەيتتى:

— كېپىنەكلەر كەتتى، ئەمدى بىرسىمۇ يوق.

ئايال شۇ كۈنى، ئەتىسى، ئۆگۈنى... نەچچە كۈن مەھەللىنى يالاڭ ئاياغ كېزىپ يۈردى. ئۇچرىغان ئادەمدىن چېپار كېپىنەكلەرنىڭ نەگە كەتكەنلىكىنى سوراشتۇراتتى. چاچلىرى چۇۋۇلغانىدى. پۇتلىرى قاناپ كەتتى. ھەر بىر بۇلۇڭ ـ پۇچقاقنى ئالا قويماي كېزىپ چىقتى. ئەمما ئۇ بىرمۇ كېپىنەك ئۇچرىتالمىدى.

— ھەممە نەرسە تۈگەشتى.

ئايالنىڭ چىرقىراق يىغىسى مەھەللىنى بىر ئالدى. نەچچە كۈندىن بۇيان ئۇنىڭ كەينىدىن مېڭىپ ھالى قالمىغان مۇسا تورغاي ئايالىنىڭ پاتىنىكىدىن تۇتۇپ سۆرەشتۈرگىنىچە ئۆيگە ئەكىلىپ قازناققا سولاپ قويدى. ئۇمۇ شۇنىڭدىن باشلاپ بۇ مەھەللىدە كېپىنەك ئۇچرىماتتى. تورغۇنجان تولىمۇ ئامراق كېپىنەكلەرنىڭ يوقاپ كەتكەنلىكىدىن كۆڭلى بەكلا يېرىم ئىدى.

— يەنە يىغلاپسىلىغۇ، بولدى، مېنى ئۇرۇۋېرىڭلا، مەن چىدايمەن.

ئايال باش ئۈستىدىن چۇچۇلاپ ئۇچۇپ ئۆتكەن قۇشقاچقا ئاچچىق بىلەن توكۇرۇپ قويۇپ ئېرىنىڭ قولىغا ئېسىلدى.

— قېنى، مېنى ئۇرۇڭلا.

— بولدى، يىغلىمىساملا بولمىدىمۇ.

— كۆپ يىغلىسىلا تۈگىشىپ كېتىلا. سىلى بولمىسىلا مېنى كىم باقىدۇ، تورغۇنجان تېخى كىچىك تۇرسا.

مۇسا ياش يۇقى كۆزلىرىنى خوتۇنىنىڭ كۆرۈپ قېلىشىدىن ئېھتىيات بويىنىنى تولغاپ غۇدۇڭشىدى:

— قورسىقىم ئېچىپ كەتتى، چاي قايىندىمۇ؟

ئايال ئۆيگە كىرىپ كەتتى. كىرلەشكەن ياغلىقىنى بويىنىدىن مەھكەم چىگىۋالغانىدى. «ئايال كىشىنىڭ بېشىدىن ياغلىقى چۈشۈپ كەتسە بەختى قاچىدۇ» دېگەن گەپنى ئانىسى قىلغان بولغىيمىدىكىن، يا مومىسى دېگەنمۇ، ئەشقىلىپ ھازىرغىچە ئېسىدە تۇرۇپتۇ.

كىرلەشكەن داستىخان ئۈستىدىكى كاكچا نانلار قېتىپ كەتكەنىدى. ئايال ناننى ئۇششاق پارچىلاپ، ئۈستىگە ياغ سېلىپ چاي قۇيۇپ، تەخسە بىلەن يېپىپ قويۇپ ئېرىنىڭ ئۇدۇلىغا جايلىشىپ ئولتۇردى.

— كىچە قانداق چۈشەپلا، بىزنىڭ تورغۇنجان قانداقراق تۇرۇپتۇ؟

مۇسا تورغاي بىردەم جىمجىت ئولتۇرۇپ كەتكەندىن كېيىن، ئايالىنىڭ سوئالىغا ئالدىرىماي جاۋاب بەردى:

— تورغۇنجان ناھايىتى ئوبدان تۇرۇپتۇ. خېلىلا سەمرىپ قاپتۇ، يەنە شۇ توشقىنى بىلەن ئويناۋاتقان ئوخشايدۇ. ساپلا لەيلىگۈل، قىزىلگۈللەر ئېچىلغان بىر باغدا ئاق توشقىنى بىلەن ئويناپ يۈرۈپتىكەن، مېنى كۆرۈپ قېشىمغا يۈگۈرۈپ كەلدى. ئۇ قانداق بىر باغ، بىلمەيسەن، بەكلا ئاجايىپ، بىزنىڭ ئەي ماۋۇ ھەسەنباينىڭ بېغى ئويناپ كەلسۇن ئۇنىڭ ئالدىدا، ئەشقىلىپ ئاجايىپ.

— بالا نېمە دېدى. ئۇ گەپ قىلماي قالمايتتىغۇ، مېنى سورىغاندۇ؟

ئايال ئاقارغان چېكە چاچلىرىنى ياغلىقنىڭ ئاستىغا قىستۇرۇپ، ئىلىشاڭغۇ كۆزلىرىنى ئېرىگە تىكىپ ئولتۇردى، مۇسا تورغاي ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ئەيمەنگەندەك يەرگە قارىۋالدى.

— سورىدى. سېنى ئوغلىقمىنى ئوبدان بېقىپ قويسۇن دەيدۇ. يەنە كۈچۈككىنى سورىدى... ھە، ياق، كۈچۈككىنى سورىمىدى. كۈچۈككىمۇ ئۇنىڭ يېنىدا ئەمەسمۇ.

— ئەمىسە بايا ئۇنىڭ يېنىدا توشقىنىلا باركەن دەۋاتاتتىلىغۇ؟

— ئۇنىڭ ئاق توشقىنى بىلەن كۈچۈكى بۇرۇندىن چىقىشالمايدىغان ئەمەسمۇ، شۇڭا بۇ قېتىم توشقىنىنى ئويناتقىلى ئاچىقىپتۇ. بەلكىم ئەتە كۈچۈككىنى ئويناتقىلى ئاچىقىشى مۇمكىن. بىلىشىڭ كېرەك، توشقان بىلەن كۈچۈك چىقىشالمايدۇ. تۇرغۇنجان ئۇنىڭ ھەر ئىككىسگە ئامراق بولغاندىكىن، ئۇلار ئۇرۇشۇپ قالسا تەڭلىكتە قالىدۇ ئەمەسمۇ، شۇڭا بىرىنىلا ئاچىققان ئەپ.

— ناخشا ئېيتىمۇ، چوقۇم ناخشا ئېيتىپ بەرگەندۇ. ئۇ ناخشىنى بەك چىرايلىق ئېيتاتتى.

— ياق، ناخشا ئېيتمىدى.

— ئېيتىدۇ، نېمىشقا ئېيتمايدۇ. ئۇنىڭ ئاۋازى شۇنداق چىرايلىق تۇرسا، ناخشا ئېيتمىسا قانداق بولىدۇ.

يىراقتىن تىراكتورمۇ، يا ماشىنىمۇ، شۇنداقراق بىر نېمىنىڭ سىگنالىنىڭ ئاۋازى بوش ئاڭلاندى. مۇسا تورغاي تەمتىرەپ قېلىپ گاچىلىشىپ كەتتى:

— بۇ قېتىم ناخ... شا... ناخشا ئېيتمىدى.

ئايال ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ قولىغا سۈپۈرگىنى ئالدى، كۆزلىرىدىن مۆزدەك بىر ئۇچقۇن چاچراپ تۇراتتى. ئۇ، سۈپۈرگىنى مۇسا تورغاينىڭ باش ئۈستىدە بىردەم تۇتۇپ تۇرغاندىن كېيىن يەنە جايىغا كېلىپ ئولتۇردى. ئېڭەكلەپ چىگىۋالغان ياغلىقنى يېشىپ، قېقىشتۇرۇشقا باشلىدى، ئايالنىڭ چۇۋۇلغان، پۈتۈنلەي دېگۈدەك ئاقىرىپ كەتكەن شالاڭ چاچلىق بېشى مۇسا تورغايغا بىر قىسىملا كۆرۈندى. ئايالنىڭ ئوڭ قولىنىڭ سىلكىنىپ تىترەۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، مۇسا تورغاينىڭ يۈرىكى ئېچىشىپ كەتتى. خوتۇنىنىڭ نەچچە يىل بۇرۇنقى قاچانلا قارىسا كۈلۈپلا تۇرىدىغان چېھرى، كىشىگە ئەركىلىگەندەك قارايدىغان چىرايلىق كۆزلىرى لىپپىدە خىيالىدىن ئۆتتى. ئايالنىڭ كۆز قارىچۇقلىرى ئارقىغا تارتىشىپ قالغاندەك كۆرۈنەتتى. ئۇ ھازىرلا ئېتىلىپ كېلىپ بىرسىنىڭ كانىيىنى بوغۇپ قويىدىغاندەك قىلاتتى. يەنە باشلاندى، دەپ ئويلىدى مۇسا تورغاي ئاچچىق بىر سېزىم بىلەن.

— سەن قېرى دۆت يادىڭدا تۇتالمىغان گەپ بولمىسا نېمىشقا ناخشا ئېيتمايدۇ ئۇ، ھۇ ئەقلى يوق ئېشەك...

ئايالنىڭ ئىلىشاڭغۇ كۆزلىرى قورقۇنچلۇق چاقناپ كەتتى. مۇسا تورغاي يۈرىكىنىڭ بىر يەرلىرىنىڭ چىملىداپ ئېچىشىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلغىنىچە ئاستا غۇدۇڭشىدى:

— ھەئە ناخشا ئېيتتى، بىر ناخشا ئېيتىپ بەردى.

ئايال بىر قەدەم ئالدىغا چامدىدى:

— ھېلى ئېيتمىدى دەۋاتمامتىڭ.

— ئەمدى يادىمغا كەلدى.

ئايال كۆزلىرىنى مۇسا تورغايغا مىختەك تىكىپ جىممىدە ئولتۇردى.

— قايسىسىنى...

— ھېلىقى «كىچىك بالا ئەمەسمەن» دېگەن ناخشىسىنى.

— ۋاھ، ئۇ بۇ ناخشىنى بەك چىرايلىق ئېيتىۋېتەتتى. قېنى، قانداق ئېيتتى.

ئايالنىڭ قانسىز چىرايىغا سۆيۈنۈشلۈك بىر كۈلۈمسىرەش ياماشتى. ئۇ، كىرلەشكەن ئاق ياغلىقنى مىجىقلاپ مۇسا تورغاينىڭ ئالدىغا شىپاپ يېقىنلاشتى.

— قانداق ئېيتتى.

— بۇرۇنقىدەك ئېيتتى شۇ.

— قانداق ئېيتتى، دوراپ باقە.

مۇسا تورغاي ئايالنىڭ بىر نۇرلۇك خۇشاللىقتىن باشقىچە بوپكەتكەن چىرايىغا ئۈمىسلا قاراپ قويدى. ئايالنىڭ يۈزىدىكى قورۇقلار ئارىسىدا سۆيۈنۈش، ئامراقلىقنىڭ تاتلىق نۇرلىرى جىمىرلايتتى.

— ياغلىقىڭنى چىگىۋال.

ئايال ياغلىقنى يەنە بىر قېتىم قېقىشتۇرۇپ، تۈجۈپىلەپ چىگدى.

— ھە، قېنى دوراپ باقە، قانداق ئېيتتى؟

— مەن ئۇنى قانداق دورىيالايمەن، ئۇ دېگەن كىچىك بالا تۇرسا، مەن چوڭ ئادەم تۇرسام.

— سەن چوڭ ئادەم بولغاندىكىن كىچىك بالا دېگەننى دورىيالايسەن. قېنى دورا، چاپسان بول، بەك ئاڭلىغۇم كېپكەتتى. ئۆز ئەينى ئېيتىپ بەر.

مۇسا تورغاي يامراپ كەلگەن يىغىسىنى تەستە بېسىۋېلىپ ناخشىنى باشلىدى. ئاقارغان ساقاللىرى

قىچىشىپ، نەچچە قېتىم قاشلاپ قويدى.

كىچىك بالا ئەمەسمەن

ئېمىزگۈ ئالدىيالماس...

— ئوخشىمىدى. تۇرغۇنجان ھەرگىز بۇنداق ئېيتمايدۇ بۇ ناخشىنى.

مۇسا تورغاي قولىدىكى موخوركىسىنى كۈلۈڭگە تاشلىۋېتىپ قولىنى كۆتۈردى. ئايال دەرھال مۇلايىملىق بىلەن دۇمبىسىنى تۇتۇپ بەردى. كۈلۈڭدىكى قالدۇق موخوركىدىن ئاخىرقى ئىس چىقىۋاتاتتى. مۇسا تورغاي ئېگىز كۆتۈرگەن قولىنى چۈشۈرۈپ، ئولتۇرۇۋالدى. ئۇنىڭ نۇرسىز كۆزلىرى بىر نۇقتىغا تىكىلىپ قالغانىدى. ئايال بىردەم دۇمبىسىنى تەڭلەپ تۇرغاندىن كېيىن بېشىنى تولغاپ مۇسا تورغايغا قارىدى. مۇسا تورغاي كۆزىنى يۇمۇپ ئولتۇراتتى. ئۇنىڭغا ھاردۇق يەتكەنلىكىنى بىلىپ ئايال ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇنىڭ يۈزىنى سىلىدى:

— نان چىلاپ قويدۇم، چايلىرىنى ئىچىپ بولۇپ بىردەم ئارام ئالسىلا. قالغىنىنى ئەتە بىر نېمە دېيىشەرمىز.

قۇملۇق تەرەپتىن كېلىۋاتقان ئىسسىق شامال سازلىقتىن سېسىغان لاۋا سۇنىڭ ھىدىنى ئەكىلەتتى. زەيلىكنىڭ قىرىغا باغلاپ قويۇلغان قارا كالا كۆشەپ ياتاتتى. مۇسا تورغاي ئېگىز دۆڭنىڭ ئۈستىگە چىقىپ غەمسىز كۆشەپ ياتقان كالىغا، يىراقتا ئىسسىق تەسىرىدىن سالپىيىپ تۇرغان دەرەخلەرگە قاراپ، بۇ دۇنيادا ئاللا ياراتقان جانلىقلارنىڭ ئىچىدە مۇنۇ كالا بىلەن ئاشۇ دەرەخنىڭ ھېچقانداق دەرد- غېمى يوقكەن دېگەنلەرنى ھەسرەت بىلەن ياددىن ئۆتكۈزدى. قۇرۇپ قالغان بىر نەچچە تۈپ قومۇش بىلەن يانتاقنىڭ تۈۋىدىن بىر كەسلەنچۈك پىلدىرلاپ چىقىپ ئۇنىڭغا قاراپ تۇرۇپ قالدى. كەسلەنچۈكنىڭ قورسىقى لىپىلداپ تۇراتتى. مۇنۇ كەسلەنچۈكمۇ بىر جان سۈپىتىدە مۇشۇ دۇنيادا ياشاۋاتىدۇ، دۇنيانىڭ شاملىنى يەۋاتىدۇ، ئەمما مۇشۇنداق ئېتىبارسىز بىر مەخلۇق ياشاۋاتقان، ياشاشقا پۇرسەت تاپقان دۇنيادىن تۇرغۇنجانغا ئورۇن چىقمىدى. ئاللانىڭ ئىرادىسى دېيىشىدۇ، تەقدىر دېگەن مۇشۇنداقمۇ رەھىمسىز بولامدۇ.

— نان چىلاپ قويدۇم، يەۋالسىلا.

— يەپ بولدۇم، تېخى ھېلىلا.

— ياق، يېمەپسىلا، قاچىدا تۇرىدۇ.

— دېدىمغۇ ، سەن يەنە چىلاپ قويغان ئوخشايسەن، بولمىسا مەن تېخى ھېلىلا يەپ بولغانتىم.

مۇسا تورغاي قىغىزى يىمىلىشمەي تۆكۈلۈۋاتقان موخوركىسىنى ئەپلەشتۈرەلمەي ئايالىغا كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا قاراپ قويدى.

— تېخى يېمىدىلە، بولمىسا قاچا قۇرۇق بولاتتى.

— دېدىمغۇ يەپ بولدۇم دەپ، سەن يەنە چىلاپ قويغان چېغىڭغۇ.

ئايال ئىككى تاقلاپ مۇسا تورغاينىڭ ئالدىغا كېلىپ دېۋەيلىدى:

— مەن ساراڭمىدىم، يەپ بولغان ئادەمگە يەنە نان چىلىغىلى. چاپسان يېسىلە، ئورنۇڭدىن تۇر... سەن چېغىڭدا مېنى ساراڭ چاغلاپ قالغان ئوخشىمامسەن.

ھويلا ئاسمىنىدا ناھايىتى نۇرغۇن چىپار كېپىنەك پىرىلداپ ئۇچۇشۇپ يۈرەتتى. كېپىنەكلەر بىر-بىرىدىن چىرايلىق، رەڭدار ئىدى. شۇنداق چىرايلىق كېپىنەكلەر گاھ بىر يەرگە توپلىشىپ، گاھ ھەر يان چېچىلىپ ئۇچۇشۇپ يۈرەتتى. مۇسا تورغاي كېپىنەكلەرگە قاراپ ھاڭقىيىپ ئولتۇرۇپ قالدى. كېپىنەكلەر كەلگەن ھامان تۇرغۇنجان بىللە كېلەتتى، بۇ قېتىم ئۇ يوققۇ، نېمە ئىش بولغاندۇ.

مۇسا تورغاي خىيالدىن سەگىپ جىممىدە بوپقالدى. ئۇ، ئايالىغا قاراپ چۆچۈپ كەتتى.

ئايالىنىڭ ئىلىشاڭغۇ كۆزلىرى چەكچىيىپ كەتكەنىدى. ئۇ، كەينىگە بۇرۇلۇپ، ھويلىدىن كۆرۈنۈپ تۇرغان دۆڭلۈكنىڭ يانباغرىدىكى يول تەرەپكە قاراپ تۇرۇپ قالدى. ئۇنىڭ كۆزلىرى يىراقتىكى تار يولدا چايقىلىپ كېتىۋاتقان يۈك ماشىنىسىغا تىكىلىپ قالغانىدى. ماشىنا كېلەڭسىز گەۋدىسىنى چايقاپ، كاتاڭ يولدا سىلكىنىپ كېتىپ باراتتى.

— ھەي، ماشىنا كەلدى، قوپ ئورنۇڭدىن، ئۇچقاندەك بېرىپ تۇرغۇنجاننى ئۆيگە ئەكىرىۋەت، بالا شوخلۇق قىلىپ ماشىنىغا سوقۇلۇپ كەتمىسۇن.

ئايالىنىڭ كۆزلىرىدىن ياش قۇيۇلۇشقا باشلىدى. ئۇنىڭ توختاۋسىز تۆكۈلۈۋاتقان ياشلىرى ئاغزىدىن ئېقىۋاتقان شالۋاقلىرى بىلەن ئارىلىشىپ كېتىۋاتاتتى.

مۇسا تورغاينىڭ يۈرىكىنى چىدىغۇسىز قورقۇنچ قاماللىۋالدى. ماشىنا خۇددى ئۇنىڭغا قاراپ ھۆركىرەپ، باستۇرۇپ كېلىۋاتقاندەك قىلاتتى.

مۇسا تورغاي ئالدىرىغىنىچە پالاقلاپ كېلىپ ھويلىنىڭ ئەگۈنىنى پۇختىلاپ چېگىپ بولۇپ خوتۇنىغا ۋارقىرىدى:

— چاپسان بول، ئۆيگە كىرىپ كەت، تېز بول.

ئايال پايپاسلاپ ئۆيگە كىرىپلا ئىشىكنى ئىچىدىن پۇختىلاپ زەنجىرلىدى.

مۇسا تورغاي ئۆينىڭ كەينىدىكى دۆڭگە چىقىپ، ئىسسىقتا ئالۇۋۇن لىغىرلاپ تۇرغان سازلىققا قارىدى. سازلىقنىڭ نېرىسى كۆز يەتكۈسىز قۇملۇق ئىدى. پىژغىرىم ئىسسىقتا پايانى يوق قۇملۇق ئۇنىڭغا خۇددى ئۇنى چاقىرىۋاتقاندەك سىزىم بەردى. ئۇنىڭ ئاشۇ قۇملۇققا كىرىپ كەتكۈسى، مەڭگۈ شۇ يەردىن قايتىپ كەلمەي، غايىب بوپكەتكۈسى باردەك قىلاتتى.

شاپاق دوپپىلىق ئادەم ئۆزى دېمەتلىك يەنە بىرەيلەن بىلەن مۇسا تورغاينىڭ ئۆيىنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، ئۇنىڭ ئىشىكىگە قاراپ ئاچچىقى بىلەن تۈكۈردى.

ــ نېمانداق قىلىسىلە، ــ دېدى يەنە بىرەيلەن، ــ غەلۋە تېرىغۇچىلا بارمۇنېمە. بىرەرسى ئاڭلاپ قالدىدىغان بولسا...

ــ ئەكىلىڭلا موخوركاڭلىنى، ئىككى شوراي.

ــ مانا موخوركا، نېمىگە بۇنچە جىلە بولىسىلە، نېمە بولدى.

ــ ئەتىگەندە ئەجەب ئاچچىق يۇتۇۋالدىم دېسە. ما مۇسا تورغاينىڭ سارىڭى بىر مۇنچە ئاھانەت قىلدى ماڭا. نېمە دەيدۇ دېمەمسىلە، مېنى تېخى ئېشەكنىڭ كۆتىگە ئوخشايسەن دەۋاتىدۇ ئۇ سارالڭ... ساقىلىم چارلاشقۇچە مەن بۇنداق تىل ئىشىتىپ باقمىغان بىر كىمدىن.

ــ بولدى، ئۇنىڭ بىلەن تەڭ بولماڭلا. بالىسىنى ماشىنا سوقۇپ ئۆلتۈرۈپ قويغاندىن بۇيان ئىككىلىسى بىر قىسما بوپقالدى، ئوڭ يا سارالڭلىقىنى بىلگىلى بولمايدۇ.

ــ بۇنىغۇ بىلمەن. ساراڭ بولغاندىكىن ئۆزىگە تۇشلۇق بولماي، تېخى قاراڭلا ئادەم تىللاپ يۈرگىنىنى بۇ غېرىمالنىڭ.

ــ توۋا دەيلى، بىزنىڭمۇ بالا ـ چاقىلىرىمىز بار ئادەملەر. تۇرغۇنجان قانداق چىرايلىق بالىدى، بىلىسىلەرغۇ، بالا دەردى يامان.

قۇملۇقتىن كېلىۋاتقان ئىسسىق شامال دەمنى سىقاتتى. مۇسا تورغاي ئىلگىرى تۇرغۇنجان بېشىغا قويىدىغان ياستۇقنى قۇچاقلاپ ئۇخلاپ قالغان خوتۇنىغا بىردەم قاراپ تۇرغاندىن كېيىن ئۆچكىگە ئوت بېرىش ئۈچۈن سىرتقا ماڭدى. تۇرغۇنجاننىڭ سومكىسى ئىشىكنىڭ يېنىغا ئېلىپ قويۇلغانىدى. تۇرغۇنجان سىزغان ئىككى پارچە رەسىم سامانلىق لاي بىلەن يېرىك سۇۋالغان تامغا چاپلاپ قويۇلغانىدى. رەسىمنىڭ بىرسىدە سۇدا ئۈزۈۋاتقان غازنىڭ كۆرۈنۈشى بار ئىدى. غازنىڭ پېشانىسىدىكى دوقمىسىدىن باشقا جايلىرى بويالمىغانىدى. يەنە بىر پارچە رەسىمدە پەغەزگە قونۇپ ئولتۇرغان كەپتەر بار ئىدى.

نامازدىگەردىن كېيىن ئالەم ـ جاھان سالقىن تارتىپ، جانغا ئازراق ئاراملىق بېرىشكە باشلىدى.

مۇسا تورغاي ئايالى بىلەن قارىشىپ ئولتۇرۇپ چاي ئىچتى. نېمىشقىدۇر كۆڭلى تىنچىپ قالغانىدى. يۈرىكىدە بىر تۇيغۇ بار ئىدى.

ــ ساڭا دەيدىغان گېپىم بار ئىدى.

ــ مەنمۇ سىلىگە بىر گەپنى دەي دەپ تۇرغان.

مۇسا تورغاي چوڭ چىنىدىكى قېنىق چاينى غۇرتۇلدىتىپ ئىچىپ بولۇپ، قولىنىڭ كەينى بىلەن ئاغزىنى سۈرتۈپ قويدى. چارلاشقان ساقال ـ بۇرۇتىغا نان ئۇۋاقلىرى يۇقۇشۇپ قالغانىدى.

ــ قېنى، دېگىن.

ــ سىلە ئاۋال دەڭلا.

مۇسا تورغاي پۈرلەشكەن گېزىت قەغىزىنى تىزىغا بېسىپ تۈزلەپ موخوركا ئورىغاچ دېدى:

ــ تۇرغۇنجاننىڭ قېشىغا كەتسەكمىكىن.

ــ مەنمۇ سىلىگە شۇ گەپنى دېمەكچىدىم، كەتسەك كېتەيلى، قاچان ماڭىمىز.

مۇسا تورغاي موخوركىسىنى كۈچ بىلەن شورىدى. ئاچچىق موخوركىنىڭ كۆكۈچ ئىسلىرى ئارىسىدا ئۇنىڭ چىرايى كۆرۈنمەي قالدى. ئۇ، كۆزلىرىنى يۇمۇپ خاتىرجەم ئاھاڭدا پىچىرلىدى:

ــ مېنىڭ دېگىنىم، كەلمەسكە كېتەيلى بالىنىڭ يېنىغا.

ــ كەتكەندىكىن شۇنداق قىلىمىز ـ دە. تۇرغۇنجان بولمىسا بىز نېمىش قىلىمىز بۇ يەردە، بۇ ئۆينىڭ، بۇ زېمىننىڭ بىزگە نېمە كېرىكى.

ــ مەن تەييارلىق قىلىپ قويغان.

ــ ئوبدان بوپتۇ، بالىنى بەك كۆرگۈم كېپكەتتى، بولسا بالدۇرراق.

ئايال يىرىك قوللىرى بىلەن مۇسا تورغاينىڭ بويىنىنى سىلىدى. مۇسا تورغاي قايرىلىپ خوتۇنىغا قارىدى، ئايالىنىڭ ئىلىشاڭغۇ كۆزلىرى ئەسلىگە كېلىپ، نۇرلىنىپ قالغاندەك، تاتارغان يۈزىگە قان يۈگۈرۈپ قالغاندەك قىلاتتى. ئۇ، خوتۇنىنىڭ بۇنداق خاتىرجەم چىرايىنى كۆرمىگىلى ناھايىتى ئۇزۇن بولغانلىقىنى يادىغا ئېلىپ، ھەيرانلىق ئىچىدە كۈلۈپ قويدى.

ئۇ، سىڭارىيان بولۇپ، ئىشتان يانچۇقىدىن

www.uyghurkitap.com

كىچىككىنە قوتىنى چىقىرىپ بولالماي ئەپسىز بىر ھالدا تەستە تارتىپ ئالدى.

— مۇشۇنى ئىشلەتسەك بولىدۇ. كۈچى ياخشى، دەيدۇ. ئىككى يىلنىڭ ئالدىدا بۇۋىخانمۇ مۇشۇندىقىنى ئىشلىتىپتىكەن، دوختۇرلارمۇ قوتقۇزىمىز دەپ ھېچ ئامال قىلالمىغان.

ئايال قوتىنى قولىغا ئېلىپ ئۆرۈپ-چۆرۈپ قارىغاندىن كېيىن ئاستا بۇرنىغا ئاپىرىپ پۇراپ قويدى.

— پۇرىقىنىڭ يامانلىقىدىن بۇنىڭ ياخشىلىقى چىقىپ تۇرىدۇ. مۇشۇ بولغۇدەك. ئىشىك-تۈڭلۈكلەرنى مەھكەم تاقاپ، ھېچكىم كىرەلمەيدىغان قىلىپ قويايلى، بولمىسا، يەنە بىركىملەر كۆرۈپ قالسا، تۇرغۇنجاننىڭ قېشىغا بارىمىز دېگىنىمىز بىكار بولىدۇ.

مۇسا تورغاي موخوركىسىنى كۈچ بىلەن شوراپ، بۇرنىدىن ئىس پۇرقىدى. سىرتتىن ئېشەكنىڭ ھاڭرىشى ئاڭلاندى. ئايال ئورنىدىن تۇرۇشقا تەمشىلىۋىدى، مۇسا تورغاي قولىنى پۇلاڭلىتىپ، خوتۇنىنى توختىتىپ قويدى:

— بىز ئەمدى بىر كىم بىلەن ئۇرۇشمايلى، جىم ئولتۇر.

— ئېشىكنى قەستەن بىزنىڭ ئۆينىڭ ئالدىغا ئەكىلىپ ھاڭرىتىۋاتىدۇ ئۇ توخۇ پوقى.

— نېمە بولسا مەيلى، بەربىر كېتىدىغان بولغاندىكىن بۇنداق ئىشلار بىلەن كارىمىز بولمىسۇن.

مۇسا تورغاي ئورنىدىن تۇرۇپ ھويلىدىكى سۇپىنىڭ يېنىدىكى بىر يۇدە يۆگىمەچ ئوتنىڭ ئارغامچىسىنى يېشىشكە باشلىدى. ئۇ، يۇمشاق كاشا ئارغامچىنى توخۇناقنىڭ ئىلمىكىدىن چىقىرىپ بولالماي رەللە بولاتتى.

— ئوتنى يىگۈزۈپ بولغاندىن كېيىن ئۆچكىنى قويۇۋېتەيلى.

— ئوغلىقى تولا مەرەيدىغان چىقىپ قالامدۇ نېمە بۇنىڭ.

— تۇرغۇنجاننىڭكىسى بۇنداق شىپىلە ئەمەستى.

مۇسا تورغاي دىڭگوسلاپ بىرىپ ئەگۈنى ئارغامچا كېسكى بىلەن پۇختىلاپ تاڭدى. ئەگۈنى كۈچەپ تارتىپ بېقىپ، ئىشەنچ قىلغاندىن كېيىن غۇدۇڭشىپ قويدى:

— ئىشقىلىپ ئىشىمىزغا پۇختا بولايلى.

— كۈن قىزىلدىن كېيىن ئىشنى باشلىساق، ئەتىسى ئەتىگەنگىچە ھېچكىم كىرمەيدۇ، خاتىرجەم بول.

— ئالمادىس بىرەرسى كۆرۈپ قالسا...

مۇسا تورغاي ئىچىنى تىڭشاپ تۇرۇپ كەتكەندىن كېيىن، يەرگە ئېڭىشىپ، بايا ئۆزى تاشلىۋەتكەن موخوركا كۆيۈندىسىنى قولىغا ئېلىپ، چارلاشقان ساقال-بۇرۇتلىرى ئارىسىدىكى قانسىز كالپۇكلىرىغا قىستۇردى. ئۇ، موخوركا ئىسىنى تەشنالىق بىلەن شۈمۈرۈپ ئىچىگە پۇرقىغاندىن كېيىن قولىنى سىلكىپ ئاستا دېدى:

— ئەمىسە ئەدلىياتقۇدا باشلايلى.

گۇگۇم قاراڭغۇسى جاھانغا يېيىلىۋاتاتتى. ئەتراپنى كۆرۈك ئوتۇننى ئىسسىنىڭ قاڭسىق ھىدى قاپلىدى. پاشا-كومۇتىلارنىڭ غىڭىلداشلىرى سۇس ئاڭلىناتتى.

— تۇرغۇنجان بۇ چاغقا چوڭ بوپكەتتى ھەقچان، ئىككى يىل بولدىغۇ.

— ياق، ئىككى يىل تۆت ئاي.

— شۇنداق، ئىككى يىل تۆت ئاي ئون بەش كۈن، ئەتە تاڭ ئاتسا نەق ئىككى يىل تۆت ئاي ئون ئالتە كۈن بولىدۇ. ئۇنىڭ بويى چوقۇم ئۆسۈپ كەتتى. بىزنىڭ تۇرغۇنجان سېلىماخۇننىڭ قۇربانجاندىن بىر ئايلىق چوڭ ئىدى. قايسى كۈنى قارىسام قۇربانجان چوپچوڭلا بوپكېتىپتۇ.

— تۇرغۇنجاننى قانداقمۇ ئۇنىڭغا سېلىشتۇرغىلى بولسۇن. قۇربان دېگەننىڭ چاچلىرى سېرىق، كۆزلىرىمۇ قارا ئەمەس.

— راست، شۇنداق.

مۇسا تورغاي بوينىنى سوزۇپ ئۆينىڭ قىبلە تام تەرىپىدىكى جىگدىنىڭ ئارىسىدىن كۆرۈنگەن ئورغاق ئايغا قاراپ قويدى.

— تەييارلاپ قويغان ئورۇنلۇقنى باشقىلارغۇ ئىگىلىۋالماس.

— ياق، ئۇنداق بولمايدۇ، مەن ئىمامئاخۇنۇمغا ئاللىبۇرۇن دەپ قويغان، يەنە بىر ۋاراق قەغەزگە يېزىپمۇ قويدۇم. قەغەزنى ئاسان كۆزگە چېلىقىدىغان يەرگە قويۇپ قويساقلا بولىدۇ.

مۇسا تورغاي ئورنىدىن تۇرۇپ ئۆينىڭ ئارقىسىغا ئۆتۈپ كەچكى شەپەقتىن رەڭ ئالغان سازلىققا قارىدى. بىرمۇنچە قوي-كالا سازلىقتا ئوتلىشىپ يۈرەتتى. كۆيدۈرگۈچى ئاپتاپنىڭ ئۆتۈپ كېتىشى بىلەن سازلىق، سازلىقتىكى ئوت-چۆپ، مال-ئۇلاغلارنىڭ ھەممىسىگە قايتىدىن جان كىرىپ قالغاندەك ئىدى.

— دادا، ماڭا توشقان ئېپبەر، ئاق توشقان.

— نېمە قىلىسەن، بالام.

— باقىمەن. توشقان دېگەن بەك چىرايلىقكەن،

كۆزلىرى قىزىلكەن... ئوغلىقىمنى، كۈچۈكۈمنى، يەنە توشقىنىمنى بىللە باقىمەن.

ـ ماقۇل، چوقۇم ئېلىپ بېرىمەن.

قىزىللىققا تولغان سازلىقنىڭ كۆل تەرىپىدىن تۇرغۇنجان كۈچۈكىنى، ئوغلىقىنى، يەنە توشقىنىنى ئەگەشتۈرۈپ يۈگۈرگىنىچە چىقىپ كەلدى. ناھايىتى چىرايلىق چىپار كېپىنەكلەر تۇرغۇنجاننىڭ باش ئۈستىدە لەرزان ئۇچۇشۇپ يۈرەتتى. ئالا كۈچۈك تۇرغۇنجان بىلەن بەسلەشكەندەك تېز ـ تېز يۈگۈرۈپ ئۇنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ كېتەتتى، ئاندىن كەينىگە قايرىلىپ، ئالدى پۇتلىرىنى كۆتۈرۈپ تۇرغۇنجانغا ئېسىلاتتى. توشقان بىلەن ئوغلاق شوخ سەكرىشىپ تۇرغۇنجاننىڭ گاھ ئوڭ تەرىپىگە، گاھ سول تەرىپىگە ئۆتۈپ، تاقلاپ يۈگۈرۈيتتى. تۇرغۇنجاننىڭ ئۆسكىلەڭ چاچلىرى شامالدا يەلپۈنەتتى. تۇرغۇنجان، ئۇنىڭ كۈچۈكى، توشقىنى، ئوغلىقى يۈگۈرۈپ، تاقلىشىپ مۇسا تورغاينىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كەتتى. تۇرغۇنجاننىڭ كىچىككىنە يۈزى تەرلەپ كەتكەنىدى، پېشانىسىدىكى، چېكىسىدىكى چاچلىرى تەرگە پىشىلىپ، چاپلىشىپ كەتكەنىدى.

مۇسا تورغاي ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان تۇرغۇنجاننىڭ شادلىقتىن قىزىرىپ كەتكەن يۈزىنى، كۈلكە پارلاپ تۇرغان كۆزلىرىنى كۆرۈپ ئۆلگۈردى.

ـ نەگە بارىسەن، بالام؟

مۇسا تورغاي يۈرىكىنىڭ يېرىلىپ كېتىشىدىن قورققىنىچە قولىنى سوزۇپ ئالغا ئۇمتۇلدى.

ـ ئەتە كېلىمەن، ئانامغا دېگىن، ماڭا ھالۋا ئېتىپ قويسۇن، شىرنە ھالۋىسى...

مۇسا تورغاي چۆچۈپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. تۇرغۇنجاننىڭ، كۈچۈكىنىڭ، توشقاننىڭ، ئوغلاقنىڭ قارىسى كۆرۈنمەيتتى. ئۇ بايا ئۇلار ئۆتۈپ كەتكەن يەرگە بېرىپ ئۇزاق سەپسالدى، مۇسا تورغاي ئۇلارنىڭ ئىزىنى ئىزدەۋاتاتتى.

ناھايىتى نۇرغۇن چىپار كېپىنەك بايا تۇرغۇنجان كەتكەن تەرەپكە قاراپ ئۇچۇشۇپ كېتىپ باراتتى. كېپىنەكلەر بەك كۆپ ئىدى، ئۇلار تۇرغۇنجاننىڭ كەينىدىن يېتىشەلمەيتتۇ. مۇسا تورغاي كېپىنەكلەرنىڭ نېپىز قاناتلىرى ئارىسىدىن چىقىۋاتقان يەڭگىل، تاتلىق سەلكىننى ھېس قىلغىنىچە تۇرغۇنجان كەتكەن تەرەپكە قاراپ قالدى.

ئۇ ئۆيگە كىرگەندە خوتۇنى تەقەززالىق بىر نەزەر بىلەن ئۇنىڭغا تىكىلدى. قانداقتۇر بىر نېمىگە ئالدىراۋاتقاندەك قىلاتتى، قولىدا ھېلىقى قۇتا بار ئىدى.

ـ بىز بۇنداق قىلساق بولمىغۇدەك.

ـ نېمىشقا، تۇرغۇنجاننىڭ قېشىغا كېتىدىغان بولغانمۇ؟!

ـ بىراق تۇرغۇنجان قايتىپ كېپقالسا... بىز بولمىساق بالىنىڭ قورسىقى ئېچىپ قالىدۇ، يەنە ئوغلىقى بىلەن توشقىنىمۇ ئاچ قالىدۇ، يەنە كۈچۈكىمۇ بار.

ئايال كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ ئۇزۇندىن ـ ئۇزۇن تۇرۇپ كەتتى. ئۇ، قولىدىكى قۇتىنىڭ ئاغزىنى بوشىتىشقا باشلىدى.

ـ بولدى، ئىچمە، ـ مۇسا تورغاي ئايالىغا قاراشقا بەرداشلىق بېرەلمەي يەرگە قاراپ تۇرۇپ غودۇردى، ـ ساڭا دېدىمغۇ، تۇرغۇنجان كېپقالسا...

ـ خەقلەرغۇ مەيلى، سەنمۇ مېنى ساراڭ كۆرۈپ قالغان ئوخشىمامسەن، مەن ئۇنىڭ يېنىغا بېرىشىم كېرەك، ئۇقتۇڭمۇ.

ـ چىپار كېپىنەكلەر كەلدى، تۇرغۇنجان چوقۇم مۇشۇ ئەتراپتا بار، ئۇ كېلىدۇ، كەلسە، بىز بولمىساق قانداق قىلىدۇ...

ـ ئاغزىڭنى يۇم...

مۇسا تورغاي ھاڭقايغىنىچە ئايالىغا قاراپ قالدى.

ـ تۇرغۇنجان كەتكەندىن كېيىن مەن گۈل ئېچىلغىنىنى كۆرمىدىم، شۇ كۈندىن باشلاپ كاككۇكمۇ سايرىماس بولدى، يەنە بىزنىڭ بۇ مەھەللىدىكى كېپىنەكلەر تامام تېزىپ كەتتى، ئەمدى يەنە نېمە بار بۇ يەردە. بولدى، سەن قال، مەن بالىنىڭ يېنىغا بارىمەن.

مۇسا تورغاي خوتۇنىنىڭ كۆزلىرىدىكى تەنىنى شۈركۈندۈرىدىغان بىر قىزغۇچ نۇرنى كۆرۈپ، ئەمدى ئۇنىڭغا گەپ قىلغاننىڭ پايدىسى يوقلۇقىنى ھېس قىلدى.

ـ سەن قانداق قىلسەن.

ئۇ، يەرگە قارىغىنىچە ئۈن ـ تىن چىقارمىدى. ئايالىنىڭ كۆزلىرىنىڭ ئۆزگە قادىلىپ تۇرغانلىقىنى سېزىپ تۇراتتى. كۆڭلىگە بارا ـ بارا يەڭگىل بىر تۇيغۇنىڭ يامراۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىپ قالدى.

ئۇ خېلى ئۇزۇندىن كېيىن بېشىنى كۆتۈرۈپ، ئاغزىنى ئۆمەللىدى.

---

ئاپتور: چەرچەن ناھىيەلىك مەدەنىيەت يۇرتىنىڭ خادىمى



# سىزنى سۆيۈپ قوياي چۇ، دادا

خەدىچە شەمشىدىن

**مۇڭداشقىلى مەن كەلدىم**

ھەربىر بېتى كۆز ياشلىرىم بىلەن نەمدەلگەن كىچىككىنە خاتىرە دەپتەرنى تۇتۇپ ئۆكسۈگىنىمچە، مەن بىلەن تەڭ يىغلاۋاتقان تۇتۇق ئاسمانغا قاراپ ئولتۇرۇپتىمەن.

مەن بىر ئاتا، لېكىن ئۆز پەرزەنتىنىڭ كۆڭلىنى ئالالمىغان، ئۆز پۇشتىدىن تامغان بالىسىغا مېھرىبانلىق ئاتا قىلالمىغان رەھىمسىز، باغرى تاش ئاتا. مەن مۇشۇنداق يىغلىغانغا ئوماق ئوغلۇم قايتىپ كېلەمدۇ؟ ياق، ياق! ئۇ مەندەك ئەقىلسىز ــ قارا يۈرەك ئاتىسىنىڭ يېنىدىن مەڭگۈلۈك ئايرىلدى. ئىچىمنى تاتىلاۋاتقان روھ غەليانلىرى ماڭا نەپرەتلىك شىۋىرلىماقتا. باشقا ئاتىلارنىڭمۇ مەندەك ئۆمۈرلۈك ئازابقا قالماسلىقى ئۈچۈن قىسقا، لېكىن ئۇنتۇلماس ھېكايەمنى سىلەرگە سۇنماقچىمەن.

تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى يېزىدا پۈتكۈزگەن بولساممۇ، ئىچكىرىدىكى داڭلىق ئالىي مەكتەپتە ئوقۇپ كەلگەندىن كېيىن شەھەرگە خىزمەتكە تەقسىملەندىم. خىزمەتتە ئۆزۈمگە تولىمۇ قاتتىق تەلەپ قوياتتىم، خىزمەتكە چىقىپ بىر يىلدىن كېيىن نەچچە يىل مۇھەببەتلىشىپ يۈرگەن سۆيگىنىم بىلەن ئاددىي، لېكىن تولىمۇ كۆڭۈللۈك توي مۇراسىمى ئۆتكۈزۈپ بەختلىك ئائىلەمنى قۇرۇۋالدىم. ئىككى يىلدىن كېيىن ئوغلۇمنىڭ تۇغۇلۇشى كىچىككىنە غېرىبانە كۈلبىمىزنى تېخىمۇ بەختىيارلىققا چۆمدۈردى.

كاللامدا بالىغا كىچىكىدىنلا ناھايىتى قاتتىق تەربىيە قىلىش كېرەك، دەيدىغان ئىدىيە بولغاچقا، ئۇ يېشىغا توشۇپ بىر نەرسىنى بىلگۈدەك بولغاندىن تارتىپلا تولىمۇ قاتتىق قول بولۇشقا باشلىدىم. بىر نەرسىلەرنى بۇزۇۋەتسە قاپىقىمنى تۈرگەن ھالدا ئۇنىڭ كۆزىگە تىكىلىپ تۇرۇپ تەنبىھ بېرەتتىم، مانا مۇشۇنداق ھەيۋە ـ پوپوزىلار بىلەن بالام مەكتەپ يېشىغا تولدى.

ئۇنىڭ باشقا باللاردەك كوچىدا ئوينىشىغا ئاسانلىقچە يول قويمايتتىم. مەكتەپتىن كەلگەندىن كېيىنلا يەنە سومكىسىنى ئېچىپ تاپشۇرۇقنى، نېمە دەرسلەرنى ئۆتكەنلىكىنى سورايتتىم. مۇشۇ ئۇسال مىجەزىم تۈپەيلى بالام باشقا كىچىك باللاردەك شوخ ئەمەس، ناھايىتى ئېھتىياتچان، مۇستەقىل ئىش قىلالمايدىغان يۈرەكئالدى چوڭ بولۇپ قالدى. لېكىن، مەن ئۇنىڭ ئەدەپلىكلىكىدىن، دەرستە ياخشىلىقىدىن باشقىلارنىڭ ئالدىدا چوڭ سۆزلىيەلەيتتىم. ئايالىم ئوغلۇمغا قىلغان مۇئامىلەمدىن بەك نارازى ئىدى. لېكىن مەن بالىنى ياخشى تەربىيەلىمىسە، ھازىرقى جەمئىيەتتە كۆيۈمسىز، ھۇرۇن بولۇپ قالىدىغانلىقىنى ئۇنىڭغا تالاي قېتىم سۆزلەپ، ئېزىپ ئىچۇرۇۋەتتىم.

مەن باشقىلارنىڭ دادىلىرىغا ئوخشاش بالامغا دائىم

www.uyghurkitap.com

ئويۇنچۇقلارنى ئېلىپ بەرمەيتتىم، كىچىككىنە بالامنى كىتابخانىغىلا ئاپىرىپ، ئۇنىڭ پىروفېسسورلارغا ئوخشاش كىتاب ئوقۇپ ئولتۇرۇشىنى تەلەپ قىلاتتىم. بۇ قىلغانلىرىمنىڭ بەكلا چەكتىن ئېشىپ كەتكەنلىكىنى شۇ ۋاقىتلاردا بىلسەممۇ، مەن بۇنى پەقەت بالامغا بولغان بىردىنبىر «كۆيۈنۈش ئۇسۇلى» دەپ قاراپ كەپتىمەن.

ئۇ يېنىمغا كېلىپ، كۆزلىرىمگە تىكىلىپ تۇرۇپ، باللارچە سوئاللارنى سورىغىنىدا، گېپىنىڭ شېخىغا ئۇرۇپلا، بۇ سوئاللارنىڭ جاۋابىنى كىتابنىڭ ئىچىدىن تېپىشقا ياكى مۇئەللىمدىن سوراشقا مەجبۇرلايتتىم. ئۇ مەكتەپكە كىرگەندىن تاكى 5 ـ يىللىققا چىققانغا قەدەر بارلىق ئوقۇش نەتىجىلىرى تولىمۇ ياخشى بولدى. ئەمما ئۇنىڭ مىجەزى بارغانسېرى ئۆزگىرىشكە باشلىدى. تېخىمۇ جىمغۇرلىشىپ، مېنى كۆرسە بىرخىل قورققاندەك قارايدىغان بولۇپ قالدى.

خىزمىتىمنىڭ ئالدىراشچىلىقىدا بۇنى بالىدىكى دائىم بولۇپ تۇرىدىغان ئادەتتىكى پسىخىكىلىق ئۆزگىرىش دەپ قاپتىمەن، تاكى شۇ قاباھەتلىك كۈنگىچە، مەن بالامنى چۈشەنمەي كەپتىمەن.

ــ بۈگۈن نېمە تاماق ئەتتىڭلار؟ ــ دېدىم قازان بېشىدا ئالدىراش يۈرگەن ئايالىمدىن.

ــ جۇۋاۋا ئەتتىم.

ــ پاھ، پاھ، ئاچچىقسۇ، لازىغا مىلەپ تازا يەيدىغان بوپتىمەندە، ئەركىن قېنى؟

ــ ئۇ ئۆيدە كارتون كۆرۈۋاتىدۇ.

ــ نېمە؟ كارتون كۆرۈۋاتىدۇ؟ بۇ ياغاچ قۇلاقنىزە، تېلېۋىزورغا بۇنداق قاراۋەرسە مەكتەپتە قانداق ئوقۇيدۇ، خەپ، خەپ!

ــ بىردەم كۆرگەنگە نېمە بولاتتى؟ــ ئايالىم ماڭا سەت ئالايدى،ــ ئاچچىقسۇ تۈگەپتۇ، ئەكىرىپ بېرىڭە.

ــ ئەركىن ئەكىرىپ بەرسۇن، ھېرىپ كەتتىم،ــ شۇنداق دېگەنچە ئەركىننى چاقىردىم.

ــ ماڭە، ماۋۇ پۇلغا ئاچچىقسۇ ئەكىر، تېز بېرىپ، تېز قايتىپ كىر جۇمۇ، يولدا ئويناپ تۇرىدىغان بولساڭ، كۆرگۈلۈكۈڭنى كۆرىسەن!

ئۇ «ماقۇل» دېگەنچە يۈگۈرۈپ چىقىپ كەتتى، شۇ ۋاقىتتا كۆزلىرىم ئايالىمنىڭ كۆزى بىلەن ئۇچراشتى. ئۇ ماڭا، سېنىڭدەكمۇ ئاتا بولامدۇ؟ دېگەن مەنىدە تىكىلىپ تۇراتتى.

ــ نېمە، يەيدىغاندەك ئالىيسەنغۇ، تامىقىڭنى ئەت، قورساق ئاچتى....

دۇكان بىلەن ئۆيىنىڭ ئارىلىقى ئىككى مىنۇتلۇقلا يول بولسىمۇ، بالام 10 مىنۇتقىچە كىرمەيۋاتاتتى. قاتتىق ئاچچىقىمدا پىشىپ بولغان جۇۋاۋىغا قاراپ، ئۇ كىرسە قانداق ئەدىپىنى بېرىشنى ئويلاۋاتاتتىم. تۇيۇقسىز يان قوشنىمىز ناھايىتىمۇ ئەنسىز يۈگۈرۈپ كىردى...

ــ سە، سە... سەمەتكا، سەمەتكا....

ــ ۋاي نېمە بولدى؟ نېمانچە ھاسىراپ كەتتىڭ؟

ــ ئەركىن ئۇ... دۇكان... بىر سانتانا، ئۇ...

روھىم تېنىمدىن چىقىپ كەتكەندەك، نېمە قىلىشىمنى بىلمەي تۇرۇپ قالدىم، ئايالىممۇ شۇ ھالەتتە ئىدى. بىر چاغدا ئۇنىڭ ۋاي جېنىم بالام ئەركىن، دەپ سىرتقا يۈگۈرگىنىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ كەينىدىن يۈگۈردۈم.

دۇكاننىڭ ئالدىدا ئادەملەر توپلىشىپ كەتكەن بولۇپ، بىزنىڭ كەلگىنىمىزنى كۆرۈپ، كىمدۇر بىرى، ھازىرلا قۇتقۇزۇش ماشىنىسىنىڭ كېلىدىغانلىقىنى ئېيتتى. قۇلقىمغا ھېچقانداق گەپ كىرمەيتتى. توپنى يېرىپ كىرگىنىمدە، بالام قانغا مىلەنگىنىچە ئاپىسىنىڭ قۇچىقىدا كۆزلىرىنى چىڭ يۇمغان ھالەتتە ياتاتتى. ئەتراپىمدىكى كىشىلەر ئۇنىڭ دۇكاندىن ئېتىك چىقىۋاتقاندا بىر پىكاپنىڭ تۇيۇقسىزلا يان كوچىدىن چىقىپ ئۇنى سوقۇۋەتكەنلىكىنى، لېكىن شوپۇرنىڭ پىكاپنى ھەيدىگىنىچە قېچىپ كەتكەنلىكىنى ئېيتتى. يەنە نېمە گەپلەرنىڭ بولۇنغىنى ماڭا نامەلۇم.

بالامنىڭ قولىدىن چىڭ تۇتۇپ ئۇنى دوختۇرخانىغا ئېلىپ كەلدۇق. جىددىي قۇتقۇزۇش ئۆيىنىڭ ئالدىدا تۇرغان تۇغقانلار، يەنە كىمدۇر بىرلىرى بىزگە سەۋر تىلەيتتى. ئىككى يىلدەك بىلىنگەن ئىككى سائەتتىن كېيىن دوختۇر چىقىپ بېشىنى بوش چايقىغىنىچە، يېنىمىزغا كەلدى...

ھوشنى بىر بىلىپ، بىر بىلمەي تۇرغان ئايالىمنى يۆلىگەنچە بالامنىڭ يېنىغا كىردۇق. كۆزلىرىنى ئاغرىق دەستىدىن تولىمۇ تەستە ئېچىۋاتقان بالام، بىزنى كۆرۈپ، مەن مەڭگۈ ئۇنتۇمايدىغان بەختىيارلىق كۈلكىسىنى كۈلدى.

ــ بالام! ساڭا ھېچ ئىش بولمايدۇ، قارا بىز يېنىڭدا بار!

ــ مەن ئاچچىقسۇنى ئېلىپ، تېز... ماشىنا... ئۇ مېنى...

ــ بولدى گەپ قىلما، ھېچ ئىش بولمايدۇ...

ئايالىم بالىنى قۇچاقلاپ قاتتىق ئاۋازدا يىغلاۋاتاتتى، كۆزۈم پۇشايمان ياشلىرى بىلەن تولغان بولغاچقا، كارىۋاتتا ئاغرىق ئازابىدا تولغىنىپ ياتقان بالامنى بىر نەچچە سېكۇنت كۆرەلمىدىم، نېمىشقىمۇ ئۆزۈم چىقمىغاندىمەن ـــ ھە، دۇكانغا...

ـــ دادا!

ـــ ھە بالام.

ـــ سىزنى سۆيۈپ قويايچۇ، دادا، بىرنىلا....

بىر ئاتا ئۈچۈن، بولۇپمۇ، مەندەك پەرزەنتنى ياخشى باشقۇرۇۋاتىمەن، دەپ ئويلايدىغان دادا ئۈچۈن بۇ گەپ نېمە ئۈچۈندۇر يۈرىكىمگە پىچاق ئۇرغاندەك بولدى. قاتتىق ئاۋازدا، بار ئاۋازىمنى قويۇۋېتىپ يىغلىۋەتتىم

ـــ مېنى كەچۈر بالام! سېنى سۆيۈپ قوياي، كۈندە نەچچە قېتىم سۆيۈپ قوياي، ئەمدى مەكتەپتىن كېلىپ دوستلىرىڭ بىلەن ئوينا... بىردەم تېلېۋىزور كۆرسەڭمۇ بولىدۇ...

ئۇ تەستە كۆتۈرۈلگەن قوللىرى بىلەن بوينۇمغا گىرە سېلىپ مېنى بىرنى سۆيۈپ قويدى، ئايالىم تېخىچە ئېسنى بىلمەيۋاتاتتى.

ـــ دادا، قاچان ئۆيگە كېتىمىز؟

ـــ سەل تۈزۈلۈپلا كېتىمىز بالام، پۇتۇڭ ئازراق سۇرۇلۇپ كېتىپتۇ. ھېچنېمە...

ئۇ يەنە گەپ قىلماقچى بولدى ـ يۇ، لېكىن...

بۇ ئۇنىڭ ئاخىرقى گېپى بولۇپ قالدى. بىر تاللا ئوغلۇمدىن ئايرىلىپ قالدىم، بارلىقىمدىن ئايرىلىپ قالغاندەك ھېسسىياتتا بولدۇم.

ئۇ، ئايالىم ئىككىمىزنىڭ قەلبىگە چوڭقۇر كۆمۈلگەن قەبرە ئىزىنى قالدۇرۇپ، بىزدىن ئايرىلدى... بىر ئايدىن كېيىن ئۇنىڭ كىتابلىرىنى رەتلەپ ئولتۇرۇپ تويۇقسىز كۈندىلىك خاتىرىسى قولۇمغا چىقىپ قالدى. مەن ئەينى ۋاقىتتا ئۇنىڭغا كۈندىلىك خاتىرە يېزىشنى تەۋسىيە قىلغان ئىدىم.

...

«2006 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى

بۈگۈن كۆڭلۈم بەك يېرىم، دوستۇم ئەراپات ئوينايمىز، دەپ كىرىپتىكەن. دادام ئۇنىمىدى.»

※ ※ ※

«2006 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى

بۈگۈن كۆڭلۈم بەك يېرىم، دادام مېنى باغچىغا ئېلىپ بېرىشقا قوشۇلمىدى. ئۇ مېنى باشقا بالىلارنىڭ دادىسىدەك سۆيۈپ قويمايدۇ.»

※ ※ ※

«2006 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى

بۈگۈن كۆڭلۈم بەك يېرىم، دادام مەن ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان كارتوننى كۆرگىلى قويمىدى. چوكا مۇز ئېلىپ يېيىشىمگە پۇل بەرمىدى.»

※ ※ ※

«2006 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى

بۈگۈن دادام ئىمتىھاندا ئالغان نەتىجەمنى كۆرۈپ خاپا بولدى، بىر پەندە 87 ئېلىپ قاپتىمەن. ئۇ مېنىڭ يازلىق تەتىل لاگېرىغا چىقىشىمغا قوشۇلمىدى.»

......

«...لېكىن مەن دادامنى بەك ياخشى كۆرىمەن...»

مېنىڭ ھەر قېتىم ئۆتكۈزگەن «گۇناھلىرىم» خاتىرىلەنگەن بۇ دەپتەرنى ئازاب ئىچىدە ئوقۇپ تۈگەتتىم. مەن قانداق ئاتا ـ ھە؟ ئۆز بالىسىنى بىرەر قېتىم ئەركىلىتىپ سۆيۈپ قويالمىغان. ئولتۇرۇش، چايغا، ماجاڭ ئويناشقا، دوستلار بىلەن ئاللىقانداق جايلارغا بېرىشقا ۋاقىت چىقىرالىدىم، بالامنى سۆيۈپ قويۇشقا، بالامنىڭ سۆيۈپ قويۇشىغا بولسىمۇ ۋاقىت چىقىرالمىدىم...

---

ئاپتور: جەنۇبىي ئاۋستىرالىيە ئۇنىۋېرسىتېتى پىسخىكىلىق داۋالاش كەسپىدە ئوقۇغۇچى.

**«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى ئۈرۈمچى شەھىرى ۋە ئاپتونوم رايون بويىچە «ئىزچىلار» كىتابخانىسى تەرىپىدىن توپ تارقىتىلىدۇ. كىتاب ـ ژۇرنال تىجارەتچىلىرىنىڭ «ئىزچىلار» كىتابخانىسى بىلەن ئالاقىلىشىشنى سورايمىز.**

**كىتابخانا ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھەر «غالىبىيەت» يولى 100 ـ نومۇر،**

**ئالاقىلىشىش تېلېفونى: 2850601 ـــ 0991**

**ئالاقىلاشقۇچى: نۇرشاد ھاكىم**



# ئائىلە مەدەنىيىتى ۋە پەرزەنت تەربىيەسى

مۇھەممەد ئىبراھىم ھونبەگ

www.uyghurkitap.com

ئائىلە — جەمئىيەتنىڭ مۇھىم يادروسى. بالىلار بۇ يادرونى چۆرىدەپ ئائىلە مۇھىتىدىن ئەڭ دەسلەپكى تەربىيەنى ئالىدۇ. ئۇلار كىشىلىكلىشىش، جەمئىيەتلىشىش، تىپلىشىش ئارقىلىق ئائىلىدىن چىقىپ كەڭ قاتلاملارغا تارايدۇ. « ئائىلە بىلەن كىشىلىك، ئائىلە بىلەن مىللەت ئىنتايىن يېقىن بىر جۈپ مەدەنىي ئۇقۇم. ئائىلە — ئىنساننىڭ ماددىي تۇرمۇشى ۋە مەنىۋى تۇرمۇشىنىڭ ئىندىۋىدۇئالى ئۈچۈن ئاساسلىق ئىجتىمائىي بىرلىك قاتلىمى. ئائىلە نوقۇل مەنىدىكى ئىككى جىنس قۇرۇلمىسىنىڭ قانۇنىي شەكلى بولۇپ قالماي، ئۇ يەنە ئىنسان ئەۋلادلىرىنىڭ تەۋەللۇتگاھى؛ مېھىر - شەپقەت، ئەقىل - ئىدراك، ئەخلاق - ئادەت، بىلىم- مەدەنىيەتنى يېتىشتۈرىدىغان تۇنجى مەكتىپى؛ قوشنىلارغا، ئىلىم ئوچاقلىرىغا، جەمئىيەتكە، كىشىلىك دۇنياغا يۈزلىنىدىغان بىرىنچى بوسۇغىسى؛ ئۆمۈر ئەجرلىرىنىڭ ئەڭ مۇپەسسەل مۇزېيى؛ كۆڭۈل جاراھەتلىرىنىڭ ئەڭ ئىشەنچلىك شىپاخانىسى؛ كىشىنى مەڭگۈلۈك دۇنياغا ئۇزىتىدىغان مۇسىبەت ئۆيى؛ ئەۋلادلار شەجەرىسىنىڭ يىلتىزى ۋە شېخى؛ مىللەتنى قۇيۇپ چىقىدىغان قېلىپ.»[1]

ئائىلە مۇھىتى ئەسلىدىنلا ساپ، روھىي جۇشقۇنلۇققا، ھاياتىي كۈچلىككە، ئىمانىي كامىللىققا، ئىلمىي تەرەققىيات قارىشىغا، يۈكسەك ئەخلاق- پەزىلەتكە تولغان باغقا ئوخشايدۇ. بىز ئاشۇ باغدىن قانغۇچە ھۇزۇر ئېلىپ، ئۇنىڭدىكى ئىززەتنى كامىللىقنى تونۇپ، ئەقىل جاۋاھىراتلىرىنى سۈزۈپ، تۇغۇندى يامان خىياللار ۋە ئامىللاردىن توسۇلۇپ چوڭ بولىمىز. ئاتا- ئانا ۋە پەرزەنتنى جەملەشكەن كاتېگورىيە بولغان ئائىلە بىزگە پۈتۈن ئىنسانىيەتنىڭ ئورتاق ھاياتلىقىدىكى ياشاش ئىمتىيازىنى قانداق قولغا كەلتۈرۈش، ئۇنىڭدىن قانداق پايدىلىنىش، قانداق خىللاش ۋە شاللاشنى. كىشىلىك مۇناسىۋەت پىرىنسىپلىرىنى، شۇنداقلا نېمە ئۈچۈن ياشاشنى ئۆگىتىدۇ، بىز سۈت تەمى سەزگەندىن باشلاپ شەيئى قانۇنىيەتلىرىنى بىر- بىرىدىن قوبۇل قىلىشقا باشلايمىز. ئىنسان ئاۋۋال ئۆز مەۋجۇتلۇقىنى، ئاندىن ھاياتىي ئېتىبارىنى، ياشاشتىكى تۈرتكىسىنى بىلىدۇ. بىراق بۇ، كۆپ كىشىگە نېسىپ بولمايدۇ.

تەرەققىيات مۇنداق بولىدۇ.

ھېسسىي تەرەققىيات — تىل ئۇنىڭ تۇنجى ھېسسىنى ئويغىتىدۇ.

سەزگۈ تەرەققىيات — ئۇ ئاۋۋال ئانىسىنى

سىزىدۇ، پۇرايدۇ.

مېڭە تەرەققىياتى ــ مېڭە سىستېما ھەجمى ئاستا ـ ئاستا تەرەققىي قىلىپ ئۆز تېنىنى بىلىدۇ.

تەن تەرەققىيات ــ بەدەن ھەجمىنىڭ زورىيىشىغا ئەگىشىپ ئۆز ئاناتومىيەسى بىلەن تونۇشىدۇ.

ئاڭ تەرەققىيات ــ ئۇنىڭدا شەيئىلەرگە قارىتا چۈشەنچە ھاسىل بولىدۇ.

بۇ بالىلار دۇنياغا كۆز ئېچىشتىن بۇرۇن ۋە كۆز ئېچىپ بولغاندىن كېيىنكى بولىدىغان پىسخىك ئامىللاردۇر. بىز دەل مۇشۇ نەچچە باسقۇچلۇق پەيتنى چىڭ تۇتۇپ، توغرا تونۇپ بالىلارغا بولغان ئومۇمىي تەربىيەنى ياخشى ئادا قىلالىساقلا ئۇلارنىڭ كەلگۈسىدىن ئانچە غەم يەپ كەتمىسەكمۇ بولىدۇ. بۇ پۇتۇنلەي مۇۋەپپەقىيەتلىك بولىدۇ، دېگەنلىكمۇ ئەمەس، بىراق ئەڭ ئاساسلىق «ئۇل ئەسلىھە قۇرۇلۇشى»نى پۇختا چىقىرىۋالساق باشقىلىرى ئۆزلۈكىدىن ياكى ئوڭاي ھەل بولىدۇ. «بەزى بالىلار تۇغما تالانتلىق كېلىدۇ. ئۇلارنىڭ كىچىك ۋاقتىدىكى ئەقىللىقلىقى ۋە زېرەكلىكلىكى ئادەمنى ھەيران قالدۇرىدۇ. ئۇلار ھەممىگە ئاسان قىزىقىدۇ، ھەممىنى ئۆگەنگۈسى كېلىدۇ. ئەقىللىق بالىلار تېخىمۇ شۇنداق. بىلىم ئېلىش ئىستىكى ۋە كۆپ خىل قىزىقىشىنىڭ بولۇشى ياخشى ئىش، ئەمما بۇنىڭدا، مۇھىمى يەنىلا ئاتا ـ ئانىنىڭ ئۇنى قانداق يېتەكلىشىگە قاراش كېرەك. ئەگەر يېتەكچىلىك توغرا بولمىسا، ئۇ بالىلار ھەممە نېمىنى ئۆگەنگۈسى كەلسىمۇ، لېكىن ھېچنېمىنى ياخشى ئۆگىنەلمەسلىكى مۇمكىن.»[2]

بالىلارنىڭ جەمئىيەتتە يارامىلىق، ئىجتىھادلىق ئىقتىدار ئىگىسى بولۇپ يېتىشىپ چىقىشى ياكى تېنى تىرىك، روھى ئۆلۈك بىر پارچە كېرەكسىز ئۇستىخان بولۇپ قېلىشى، دەل ئۇنىڭ ئائىلىۋى تەربىيەلىنىشى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. ئائىلىدىكى مەدەنىيلىك، پاكىز ئېتىقاد، ياخشى قائىدە ـ تەرتىپ، ئالغا ئىنتىلىش روھى بالىلارنىڭ كەلگۈسىگە پۇختا ئاساس، دۆلەتكە، مىللەتكە شان ـ شەرەپ، ئاتا ـ ئانىلارغا خاتىرجەملىك ۋە راھەت ئېلىپ كېلىدۇ. ئەقىللىق پەرزەنت بىر نۇردۇركى، ئۇلارغا نەزەر سالغىنىمىزدا قەلبلەر ھوزۇر ئالىدۇ. ئۇلار دۇنيا ھاياتلىقىنىڭ گۈل ـ چېچەكلىرىدۇر. ئاتا ـ ئانىلار بولسا ئاشۇ گۈل ـ چېچەكلەرنى ياخشى پەرۋىش قىلىپ، مېۋىسى مول، تەملىك، ئۇل يىلتىزى چىڭ دەرەخلەرگە ئايلاندۇرغۇچىلاردۇر. بۇنىڭ ئۈچۈن ئاتا ـ ئانىلاردا زور بىلىم زاپىسى، ئەخلاق ـ پەزىلەت، پىسخىكىلىق توغرا تونۇش، مول بايقاش ئىقتىدارى ۋە ئەمەلىي ھەرىكەت ئۈنۈمى بولۇشى، شۇنداقلا روشەن ئۆزلۈك قىنى ۋە يىمىرىلمەس ئېتىقاد قاتلىمى بولۇشى كېرەك. بىلىم بولۇپ ئەخلاق بولمىسا بولمايدۇ. ئەخلاق بولۇپ ئىقتىدار بولمىسا بولمايدۇ، ئىقتىدار بولۇپ ئېتىقاد بولمىسا تېخىمۇ بولمايدۇ. ئاتا ـ ئانىلار يېقىنقى مەزگىلدىن بۇيان بالىلارنى پەن ـ تېخنىكا، تەرەققىيات ساھەسىدىكى كۆپ خىللاشقان، يۇرۇشلەشكەن كەسپلەرنى ھەدەپ ئۆگىنىشكە دەۋەت قىلىپ، ئەخلاق ـ ئىقتىدار جەھەتتىن تەربىيەلەشكە تولىمۇ سەل قاراپ كەلدى. بۇ خىل سەل قاراشنىڭ تەكرارلىنىشى بىلەن پۈتكۈل جەمئىيەتتە ئېسىل ئەخلاق، ئەنئەنىۋى ئىلغار ئۆرپ ـ ئادەتكە يات بولغان ئەھۋاللار بارا ـ بارا يامراشقا باشلىدى. ئىنسانىي ھايا، قەدىر ـ قىممەت، ئەخلاق دېگەنلەر بالىلارنىڭ ئېڭىدا خۇددى قويۇلغان قاندەك يۇرۇشەلمەي تىنىپ «قان بۇزۇلۇش»نى كەلتۈرۈپ چىقاردى. بالىلاردا نېمە گۇناھ؟ ئۇلار بەئەينى بىر پارچە ئاق قەغەز، بىز ئۇنىڭ ئاپپاق بەتلىرىگە نېمىلەرنى يازالايمىز؟ بىزدە ئۇنىڭ ئاشۇ بىغۇبار ھۆسنىنى خىلمۇ خىل مەزمۇنلار بىلەن بېيىتالىغۇدەك ئىقتىدار بارمۇ ـ يوق؟ بۇ ھەممەيلەنگە ئورتاق سوئال.

ئاتا ـ ئانىلاردا ئاۋۋال يۇقىرى ساپا، ئىلمىيلىك بولۇشى كېرەك. ئىككىنچىدىن، ئاتا ـ ئانىلاردا چوقۇم تەربىيەچىگە خاس بىلىم، ئەخلاق، خاراكتېر ئىلغارلىقى بولۇشى كېرەك. بالىلار ياخشى تەربىيە ئاستىدا ئەقىللىق ۋە زېرەك چوڭ بولىدۇ. ئۇلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانىدىكى قىزىقىشى، تاللىشى ئاتا ـ ئانىمىزنىڭ توغرا بايقىشىغا ۋە ھۆرمەت قىلىشىغا، كونترول قىلىشىغا ئېرىشىشى بەك مۇھىم. ئۇلارنىڭ شەيئىلەرگە بولغان چۈشىنىكسىزلىكلىرى، خاتا

www.uyghurkitap.com

بايقاشلىرى ئاتا ـ ئانىلارنىڭ توغرا، ئەمەلىي پاكىتلىق مىساللىرى ئارقىلىق ئايدىڭلىشىدۇ. پەرزەنت ھۆددىسىدىن چىقىش، بىر ياخشى، لاياقەتلىك ئائىلە بەرپا قىلىش ھەرگىزمۇ ئاسان ئەمەس. ئۇ، تالاي يىل قانلىق جەڭ قىلىپ، نۇرغۇن ھەرەج، قۇربان بېرىشلەرگە بەرداشلىق بېرىپ دۆلەت قۇرغانغا ئوخشايدۇ. شۇڭمۇ «ئائىلە ـ ئاتىلارنىڭ مەملىكىتى، ئانىلارنىڭ ھەممە نېمىسى، بالىلارنىڭ جەننىتى». (ئېمېرسون) دېگەن مەشھۇر ھېكمەت بىكارغا ئېيتىلمىغان. ھەرقانداق بىر ئۆيدە بىر بالا تۇغۇلسا، ئۇ ئۆيدە بۇرۇن بولمىغان ئىززەتتىن بىرسى پەيدا بولىدۇ. ھەربىر دەرەخنىڭ مېۋىسى بولغىنىدەك، دىلنىڭمۇ مېۋىسى بار. دىلنىڭ مېۋىسى بولسا پەرزەنتتۇر. پەرزەنت ئائىلىگە ھۆسن، خۇشاللىق بېغىشلايدۇ. پەرزەنتنى ياخشى تەربىيەلەش بولسا پۈتۈن ئائىلىلەرگە، ھەتتا ئىنسانىيەتكە بەخت ـ سائادەت ئېلىپ كېلىدۇ. پەرزەنت تەربىيەلەش قانداقتۇر كۆپ قىسىم ئاتا ـ ئانىلارنىڭ نەزىرىدىكىدەك، ئەندىزىسىدىكىدەك دەرسلەرنى ياخشى تەكرار قىلغۇزۇپ، تاپشۇرۇق، ئىمتىھانلاردا يۇقىرى نومۇر ئېلىشقا مەجبۇرلاپ، تۇزۇك تەپەككۇر قابىلىيىتى، مۇستەقىل، ئىجادىي پىكىر يولى بولمىغان «ئوقۇش ماشىنىسى»غا ئايلاندۇرۇپ، مەكتەپ پۈتكۈزگەندىن كېيىن زورلاپ خىزمەتكە چىقىرىپ، دۆلەتنىڭ تۆمۈر تاۋىقىدىن «مەڭگۈلۈك تاماق» يېگۈزۈش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى، ئۆز مەۋجۇتلۇقىنى بېيىتىش، قايسى تەرەققىيات دەۋرىدە ياشاۋاتقانلىقىنى بىلدۈرۈش، ياخشى ئۆگىنىپ، مۇشەققەت ئالدىدا تىز پۈكمەي، خەلقى ئۈچۈن قەرزدارلىق بۇرچىنى ئادا قىلىش ئىستىكىنى ئويغىتىش، مۇستەھكەملەش كېرەك. شۇنداقلا، ئۇلارنىڭ ئۆز تاللىشىغا ھۆرمەت قىلىپ، ئۆزىدىكى ئىقتىدارنى ئۆزى بايقاشقا، ئۇنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا يېتەكچىلىك قىلىش، ئۇلارغا ئۆزىنىڭ ئەركىنلىكىنى تونۇتۇش ۋە ئۆگىتىش كېرەك. «ئەركىنلىكنى قانداق ئۆگىتىش كېرەك؟ ئىتالىيەلىك ئۇلۇغ مائارىپچى، مەشھۇر ئالىم مونتېسسورى(ئايال) مۇنداق دەيدۇ: بالىلارنىڭ مۇستەقىلچانلىقىنى ئاشۇرۇش شەرتى ئاستىدا، ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ‹ئىچكى ئېھتىياجى›غا ئاساسەن ‹خىزمەت ماتېرىياللىرى›نى (تەلىم ـ تەربىيە قوراللىرىنى)ئەركىن تاللاپ ئەركىن ھالدا ‹خىزمەت قىلىش›ىغا (مەشغۇلات قىلىشىغا) يول قويۇش كېرەك. بۇ قىيىن ئەمەس. سىز پەقەت سوغۇققانلىق بىلەن كۆزىتىپ، بالىلارنىڭ ھەربىر ئىشنى ھۆرمەت قىلىدىغان بىرخىل پوزىتسىيەنى ساقلىسىڭىز ھەم بالىلارنى تەربىيەگە ئېرىشىش ۋاقتىدا پۈتۈنلەي ئەركىنلىككە ئىگە قىلىپ ئۇلارنىڭ خىزمىتىگە كاشىلا قىلمىسىڭىزلا بولىدۇ.»[3]

ئۈچىنچىدىن، بىزدە بالىلارنى مونوپول قىلىۋالىدىغان ئەھۋال تولىمۇ ئېغىر، ئۇلار ئەركىن پىكىر يۈرگۈزسۇن، خالىغىنىنى قىلسۇن، ئۆزى قول سېلىپ ئىشلىسۇن، بىز پەقەت ئۇلارغا يېتەكچىلىك قىلايلى. بوش ۋاقتىلىرىمىزنى بالىلارغا، ئىلىمگە بېغىشلايلى، ئايىغى چىقماس ئولتۇرۇشلار، قۇرۇق لاپلار ۋاقتىمىزنى يەپ كەتمىسۇن. كىيىم ـ كېچەك، رېستوران ھەلەكچىلىكىدىن ئۆزىمىزنى تارتىپ ئاران تەستە تېپىۋاتقان ئىقتىسادنى ئەھمىيەتسىز ئىشلار ئۈچۈن بۇزۇپ ـ چاچمايلى! ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىپ: «سىلەر بالىلىرىڭلارنى كەلگۈسى ئۈچۈن تەربىيەلەڭلار، چۈنكى ئۇلار سىلەر ياشىمايدىغان بىر دەۋردە ياشايدۇ»[4] دېگەن ئىكەن. بىز بۇ ئۆتكۈنچى دەۋرنىڭ شاھىتلىرى. يۇقىرىدا ئېيتىلغاندەك جان قىيناپ، قان بۇزىدىغان ئىشنى ئەۋلادلىرىمىزغا قالدۇرۇپ قويساق تارىخىمىزغا ئاسىيلىق بىلەن مۇئامىلە قىلغان، بالىلىرىمىزغا ئوچۇقتىن ـ ئوچۇق زىيانكەشلىك قىلغان، قارانىيەتلىك قىلغان بولىمىز. بۇنىڭدا ئەڭ روشەن كۆرۈلۈۋاتقىنى تىلىمىزنىڭ زور دەرىجىدە بۇزۇلۇپ كېتىۋاتقانلىقى. ئۆز ئانا تىلىمىزنى ياخشى بىلىش ئاساسىدا دۆلەت تىلىنى، چەت ئەل تىللىرىنى ئۆگىنەيلى، ئۆگىتەيلى. دۇنياۋى مەشھۇر قىرغىز يازغۇچىسى چىڭغىز ئايتماتوف: «كۆپ تىللىق بولۇش شەرەپلىك، ئەمما ئانا تىلىنى بىلمەسلىك جىنايەت» دەپ ئېيتقانىدى. بىز (ئاتا ـ ئانىلار، ئوقۇتقۇچى ـ ئۇستازلار) شەرەپ بىلەن جىنايەتنىڭ پەرقىنى ئاۋۋال ئۆزىمىز تونۇيلى، ئاندىن بالىلارغا يېتەكچىلىك قىلايلى. شەرەپ بىلەن نومۇس، نومۇس بىلەن جىنايەتنىڭ پەرقى ھەرقاچان بىزنىڭ

ۋىجدانىمىزنى ئاگاھلاندۇرۇپ تۇرسۇن.

تۆتىنچىدىن، باللارنى ساغلام پسخىكا ۋە روھىي جەھەتتىن ياخشى تەربىيەلەش لازىم.

باللارنىڭ نازۇك تۇيغۇلىرى ئۇلارنىڭ ئىچىدا ھەرخىل قىزىقىشلارنى ئويغىتىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىنتىلىش، تەلەپلىرىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ. باللار ئاشۇ يېتىلىش سەپىرىدە ئوخشىمىغان خاراكتېر، ئادەت، بىلىملەرنى يۇقتۇرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە فىزىيولوگىيەلىك ئۆزگىرىش ياسايدۇ. بۇ بىر قاتار ئىنچىكە ھالقىلارنى چىڭ تۇتىدىغان ۋە ئىلمىي مۇئامىلە قىلىدىغان نازۇك مەسىلە بولۇپ، ئاتا- ئانىلاردا چوقۇم ساغلام پسخىكا، ئېسىل ئادەت، خاراكتېر بولۇشى لازىم. شۇ ئارقىلىق باللارنى ئىرادىلىك، ئۈمىدلىك، ئەخلاقلىق، توغرا فىزىيولوگىيە نۇقتىئىنەزىرىگە ئىگە قىلىپ تەربىيەلەش لازىم. بولمىسا باللار ساغلام روھىي ئىلغارلىقنى، ۋۇجۇدىدىكى قابىلىيەت ۋە سەزگۈنى ھېس قىلالمايدۇ. «ئەقىل - پاراسەت يېتەرسىز بولۇشنى تۈگىتىشتە نوقۇل، دورا بىلەن داۋالاش ئەمەس، بەلكى تەربىيەلەش ئۇسۇلى ۋە ۋاستىغا تايىنىشقا توغرا كېلىدۇ»، «باللارنىڭ پسخىكا جەھەتتىن كەمتۈك بولۇشتەك روھىي كېسەللى قانداقتۇر تېبابەت مەسىلىسى بولماستىن، بەلكى مائارىپ مەسىلىسىدۇر.»[5] باللار كىچىككىدىنلا روھىي مەجرۇھ بولۇپ قالسا، كېيىن ئائىلە، جەمئىيەت ئۈچۈن يۈك، ھەتتا تەھدىت بولۇپ قالىدۇ. شۇڭا ئاۋۋال ئۇلارنىڭ روھ كۆلەملىرىگە توغرا، ساغلام ئىدىيە ئېتىزلىرىنى بەرپا قىلىشى، بۇ نۇقتىدا مائارىپ، تەربىيەلەش ئورۇنلىرى ئاتا - ئانىلارغا زىچ ماسلىشىپ بىردەكلىك ھاسىل قىلىش لازىم.

**بۇ جەھەتتە ئاتا - ئانىلار مۇلايىم ۋە كەڭ قورساق بولۇشى لازىم.** «كەڭ قورساقلىق گويا بىر بىنا بولسا، مۇلايىملىق ئۇنىڭ ئۇلىدۇر، ياكى مۇلايىملىق بىر بوستان بولسا، كەڭ قورساقلىق (ئۇنىڭدىكى) قىزىل گۈلدۇر.» [6] (ئەھمەد يۈكنەكى) كەڭ قورساقلىق ۋە مۇلايىملىق دىل رىشتىلىرىنى چىگىتىپ، كۆڭۈللەرنى رام قىلىدۇ. ئائىلە ۋە سىرتتا، كىشىلىك مۇناسىۋەتتە بىردەكلىك ۋە ئىتتىپاقلىقنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. باللاردا بولسا ئاتا- ئانىسىغا بولغان ھۆرمىتى، جەمئىيەتلىشىشتە بولسا ئىللىق مۇئامىلىدارلىقى ئاشىدۇ. ئۇنداق بولمايدىكەن باللارنىڭ قەلبىدە قوپاللىق، ئۆچمەنلىك، ھۆرمەتسىزلىك، لۈكچەكلىككە ئوخشاش يامان خاراكتېر شەكىللىنىپ ئائىلە، جەمئىيەت ئۈچۈن ئاپەت بولىدۇ.

**ئاتا - ئانىلار قوپاللىقتىن يىراق بولۇش، مېھرىبان بولۇش كېرەك.** قوپاللىق قەلبلەرگە زىددىيەت ئۇرۇقىنى چېچىپ قويىدۇ، مۇلايىملىق، مېھرىبانلىق قەلبلەردە ھۆرمەت، ئىززەتنى ئويغىتىدۇ. قوپاللىق بىلەن قىلىنغان مۇئامىلە ئىشنى يۇرۇشتۇرمەيدۇ. قوپاللىق بىلەن قىلىنغان تەربىيە يۇرەككە بارمايدۇ ۋە ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرالمايلا قالماستىن تەربىيە قىلغۇچىغا نارازىلىق ھەتتا رەددىيە ئېلىپ كېلىدۇ. بۇ ياخشى ئەمەس. بۇ ناچار قىلمىش بىزنى يېتىملىككە باشلاپ بارىدۇ. بىز قانچىكى بىلىم، پەن - تېخنىكا ئاساسىغا ئىگە بولايلى، قانداق كەشپىيات، تەرەققىياتلارغا ئېرىشەيلى، ئەتراپىمىزدىكى كىشىلەرنى، جانلىقلارنى، شەيئىلەرنى ھۆرمەتلەشنى، چۈشىنىشنى بىرلەشتۈرمەيدىكەنمىز، ئۇلار تەرىپىدىن تاشلىۋېتىلىمىز. شۇنداقلا پەرزەنت تەربىيەسىدە ياخشى ئۈنۈمگە ئېرىشەلمەي قارشىلىققا ئۇچرايمىز. باللار بىرەر مەسىلىدە خاتالاشسا، ياكى مەلۇم خۇشكەيپسىز چاغلاردا بىمەنە سوئال، ئىش- ھەرىكەتتە بولۇپ قالسا ئۇلارغا ھەرگىز قوپاللىق بىلەن مۇئامىلە قىلماي، سوغۇققان بولۇپ، مېھرىبانلىق بىلەن جاۋاب بېرىش، چۈشەندۈرۈش، لازىم. «سەن ئەسلىي قىلالايتتىڭ، بىراق ئازراق يەردە كەتكۈزۈپ قويۇپسەن، ھېچقىسى يوق، چوقۇم قىلالايدىغانلىقىڭغا ئىشەن، ھەم بىزمۇ ئىشىنىمىز» دېيىش، ھەرگىزمۇ «بۇ خاتا»، «سەن تېخى كىچىك، بۇنداق ئىشلارنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمايسەن»، «بىلمەيسەن» دېگەندەك كەسكىن سۆزلەر بىلەن ئۇلارنىڭ ئىشەنچىسىنى سۇسلاشتۇرىدىغان، قىزىقىشىغا سوغۇق سۇ سېپىدىغان، دىلىنى رەنجىتىدىغان گەپلەرنى قىلماسلىق لازىم.

**ئاتا - ئانىلار مېھىر - شەپقەتلىك بولۇش.** باللارغا ھەقىقىي كۆيۈنۈش. ساختا كۆيۈمچانلىقتىن،

ناتوغرا مېھرىبانلىقتىن ھەزەر ئەيلەش لازىم. بالىلارنىڭ سەزگۈسىگە مېھىر - شەپقەتنى، رەھىمدىللىكنى يەتكۈزۈش، ھەرگىزمۇ ئۇلارغا باغرى تاشلىق، شەخسىيەتچىلىك بىلەن مۇئامىلە قىلماسلىق كېرەك. بۇ يەردە ئاتا - ئانىمۇ بالىسىغا باغرىتاشلىق قىلامدۇ؟ دېگەن سوئال تۇغۇلىدۇ. ئەلۋەتتە، بىز توغرا كۆيۈنۈش ۋە بالىلارنىڭ ئۆز كۆز قارىشىغا ھۆرمەت قىلىشنى ئاتا - ئانىلارنىڭ ئۆز ئىدىيەسىنى، پىلانىنى بالىلار خالىسۇن - خالىمىسۇن زورلاپ تاڭماسلىقنى، «بالا دېگەن ئاتا - ئانىنىڭ قول دېگىنىنى قىلىدۇ» دېگەنگە ئوخشاش قېلىپقا چۈشۈپ قالغان كۆز قاراشلار بىلەن بالىلارغا باغرىتاشلىق قىلماسلىقنى، ئۇلارنىڭ ئىنتىلىشىگە، قىزىقىشىغا ۋە مەسىلىدىكى قىيىنچىلىقىغا قارىتا ئىجابىي مېھرىبانلىق قىلىشنى كۆزدە تۇتتۇۋاتىمىز.

**ئاقىلىق بولۇشقا يېتەكلەش لازىم.** يەنى باشقىلارنى توغرا چۈشىنىدىغان، كەمتەر، كەڭ قورساق بولۇش لازىم. كەمتەر، كەڭ قورساق بولۇش دېگەنلىك ھەرگىزمۇ ئاجىز، زەئىپ، خورلۇققا رازى بولۇش دېگەنلىك ئەمەس. كەمتەر، كەڭ قورساق بولۇشتەك خىسلەتلەرنى يېتىلدۈرۈش كىشىنى ئابرۇيغا، ئىناۋەتكە ئېرىشتۈرىدۇ. بالىلارنىڭ قەلبىدە بولسا ھاكاۋۇرلۇق، چوڭچىلىق، مەنمەنچىلىككە ئوخشاش «گۇلدۇرى بار، يامغۇرى يوق» بىتايىن قىلىقلارنى پەيدا قىلمايدۇ. بۇ خىل خۇلقتىكى بالىلار ئەتراپىدىكىلەرنى ھۆرمەتلەيدىغان، ئوقۇتقۇچى - ئۇستازلىرىدىن ھېيىقىدىغان، جامىسى يەتمەيدىغان ئىشقا چوڭ سۆزلىمەيدىغان، كەم سۆزلۈك بىلەن ئۆز ئىشىنى پۇختا قىلىدىغان بولىدۇ.

**غەزەپتىن يىراق بولۇش لازىم.** غەزەپلىنىش ئىجتىمائىي ئالاقىدە ياخشى ئەخلاق ھېسابلانمايلا قالماستىن، تەلىم - تەربىيە ساھەسىدىمۇ ئىنتايىن يامان ئىللەتتۇر. ئادەم ئاچچىقىغا ھاي بېرەلىسە ۋە غەزىپىنى باسالىسا، ئۆزى ۋە ئائىلىسى ئۈچۈنمۇ ناھايىتى زور ئۇتۇق قازانغان بولىدۇ. ئەكسىنچە بولغاندا باشقىلارنىڭ نارازىلىقىغا، قارشىلىقىغا ئۇچراش بىلەن بىرگە چوڭ بىر پالاكەتكە سەۋەبچى بولىدۇ. غەزەپ ئىنسانىنى نۇرغۇنلىغان خاتالىقلارغا دۇچار قىلىدۇ. مەغلۇبىيەت ۋە پېشكەللىك، ئورۇنسىز غەزەپتىن، ئالدىراڭغۇلۇقتىن تۇغۇلىدۇ. چۈنكى، ئۇ ئەقىلنىڭ ئۈستىگە مىنىۋالىدۇ. بالا تەربىيەسىدە غەزەپلىنىش تېخىمۇ خەتەرلىك. بۇنىڭ قىسمىتى، ئازابى، روھىي زىيىنى تېخىمۇ ئېغىر بولىدۇ. يېنىك بولغاندا ئاتا - ئانا بىلەن پەرزەنت ئوتتۇرىسىدا زىددىيەت پەيدا بولۇپ، ئۆز ئارا ھۆرمەت، ئىناقلىق بۇزۇلىدۇ. ئېغىر بولغاندا ئاتا - ئانا مەغلۇپ بولىدۇ، پەرزەنت ۋەيران بولىدۇ. يەنە بىر خىلى، بالا چوڭلاردىن رەنجىپ ئۆيىدىن چىقىپ كېتىدۇ. يامانلاش يامانلىققا ھامىي ئىشلارغا يولۇقتۇرىدۇ. (يامان ئاقىۋەت بالىلىرىمىزغا يولۇقمىغاي.) خىلمۇخىل ئەخلاقسىزلىق، جىنايەت قىلمىشلىرى بىلەن مەشغۇل بولۇشقا شارائىت يارىتىلىپ قالىدۇ. قانۇنغا خىلاپلىق قىلىپ قالسا، قانۇن ئورۇنلىرى تەرىپىدىن جازالىنىدۇ. يېنىك بولسا كېسىمگە، ئېغىر بولسا ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنىدۇ. ئاتا - ئانىلارنىڭ يۈز - ئابرۇيىغا تەسىر يەتكەندىن باشقا، كۆپلىگەن روھىي ئازاب ۋە ئىقتىسادىي چىقىملارغا دۇچار بولىدۇ. تېخىمۇ چوڭقۇرلىساق، پۈتۈن بىر مىللەتتە قىممەت يوقىلىدۇ، دۆلەتكە زىيان ئېلىپ كېلىدۇ. مانا بۇلار تەربىيەلىگۈچىنىڭ مەغلۇبىيىتى، بالىلارنىڭ ۋەيرانلىقى. غەزەپ ئەنە شۇنداق ئاقىۋەتلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

**ھەر ئىشتا نورمال، مۆتىدىل بولۇش كېرەك.** نورمال، مۆتىدىل بولغان ئىش، ياكى تەربىيە كۆڭۈلگە ياقىدۇ. چېكىدىن ئاشۇرۇپ قىلىنسا كىشىنى بىزار قىلىدۇ. بالىلارنىڭ مىڭە تەرەققىيات ئەھۋالى، روھىي سىغىمى قوبۇل قىلالىغۇدەك، دەل جايىغا، كۆتكىنىگە، بىلەلمىگىنىگە، چىقىش يولى بولالىغۇدەك سۆزلەش، مۇجمەل، مۇناسىۋەتسىز سۆزلەرنى كۆپ قىلىپ، ئۇلارنى قايمۇقتۇرۇپ، زېرىكتۈرۈپ قويىدىغان ئەھۋاللارنى سادىر قىلماسلىقىمىز لازىم.

**ۋەز - نەسىھەتنى چىرايلىق يوسۇندا قىلىش.** چىرايلىق رەۋىشتە قىلىنغان ۋەز - نەسىھەت قەلبتە ئەدەپنى، ھۆرمەتنى، قابىللىقنى ئۆيغىتىدۇ. بالىلارنىڭ كەيپىياتىغا قاراپ مۇئامىلە قىلىش، ھەرگىزمۇ ئۇلارنىڭ

زېھنىغا تېگىدىغان، خالىمايدىغان ياكى ئۇلارنى كەمسىتىدىغان كىنايىلىك ئىبارىلەرنى قوللانماسلىق كېرەك، يۇمۇرلۇق بولۇش — بالىلارنىڭ غېدىش، پەرىشان كۆڭۈللىرىگە ئازادىلىك، روھىي جۇشقۇنلۇق بېغىشلايدۇ. تەربىيەدە قايىللىقنى قولغا كەلتۈرۈش تولىمۇ مۇھىم. شۇڭا ئاتا- ئانىلار بالىلارنىڭ يېتىلىش باسقۇچىدىكى تەربىيەنى توغرا، ۋاقتىدا، ئاڭلىق، قايىل قىلارلىق قىلىشى لازىم.

**كىتاب ئوقۇش ئادىتىنى يېتىلدۈرۈش.** پۈتۈن ئائىلە بويىچە ھەر ئايدا ئىقتىسادنىڭ مەلۇم قىسمىنى (ئىقتىسادىي قىممەتكە قاراپ) كىتاب سېتىۋېلىشقا ئىشلىتىش. «بىر يىلدا ياكى بىر ئايدا مانچە پارچە كىتاب ئوقۇيمىز» دېگەن نىشانىنى تىكلەپ، ئائىلىدە ئومۇمىيۈزلۈك كىتابقا قىزىقىش، كىتاب ئوقۇش ئادىتىنى يېتىلدۈرۈش. ئىمكانىيەت ياربەرسە ھەر ھەپتىدە ئائىلە ئەزالىرى جەم بولۇپ «كىتاب ئوقۇشتىن تەسىرات» پائالىيىتىنى ئادەتكە ئايلاندۇرۇش، مۇشۇ ئارقىلىق ئىلىمنى سۆيۈش، ئىلىمگە ئىنتىلىش ۋە ئىلىمگە كىرىش، تەربىيەلىگۈچى بىلەن تەربىيەلەنگۈچى ئارىلىقىنى ئىلمىلاشتۇرۇش، مەقسەت ۋە چۈشەنچىدە ئورتاقلىق ھاسىل قىلىش مەقسىتىگە يەتكىلى بولىدۇ.

«ئىنساننى ھايۋاندىن پەرقلەندۈرۈپ تۇرىدىغان مۇھىم بەلگىلەرنىڭ بىرى تىل بولغىنىدەك، ھاياتنى جاھالەت ۋە قاراڭغۇلۇقتىن ئايرىپ تۇرغۇچى ۋە يورۇقلۇق ھەم ئەقىل گۈلىستانىغا ئېرىشتۈرگۈچى مۇھىم ئالامەتلەرنىڭ بىرى بىلىم بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئىنساننىڭ قەلبىنى پەلەككە ئوخشىتىپ تەسەۋۋۇر قىلغىنىمىزدا، بىلىم ئۇنىڭغا نۇر ۋە روشەنلىك بەخش ئەتكۈچى پارلاق قۇياشتۇر! قۇياشسىز ئاسمان قاغا قانىتىغا ئوخشاش تۇم قاراڭغۇلۇق ئىچىگە سىڭىپ كىرىپ كەتكىنىدەك، بىلىمسىز ئىنسانمۇ نادانلىق ۋە جاھالەتنىڭ قارا زىندانىدا ئىزسىز غايىب بولغۇچىدۇر.» [9]

ئائىلە مەدەنىيىتىمىزدە كىتاب ئوقۇش تېخى مۇئەييەن كۆلەمگە ۋە ئۈزلۈكسىز ئادەتكە ئايلىنىپ بولالمىدى. كۆزىتىدىغان بولساق، كىتابىي ئائىلە پۈتكۈل ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ 30% نىمۇ تەشكىل قىلالماسلىقى مۇمكىن. قالغان 70%چۇ؟ تاپقىنىنى بار كۈچى بىلەن كىيىم - كېچەك، يەپ - ئىچىش، چېكىش، قىمار، تايىنى يوق سۆلەت سورۇنلىرىغا چېچىۋېتىش، قەرز ئېلىپ توي قىلىپ، ئۇزۇن ماشىنىلاردا «سۇپېرسى قورۇق، ئېتى مارجانبۇۋى» ھالدا غادىيىپ ئولتۇرۇش بىلەن بولۇۋاتىدۇ. بۇ نېمىدىن دېرەك بېرىدۇ؟ خەلقىمىزنىڭ تېخى كىيىم- كېچەككە، سۆلەتۋازلىققا، يەپ - ئىچىشكە كۆزى تويمىغانلىقىنى، ئىلىمگە بولغان تونۇشىنىڭ تېخى چوڭقۇرلاشمىغانلىقىنى ۋە بىلىمگە ئىشتىياقى بولسىمۇ ئۇنىڭغا مەبلەغ سېلىشقا ئىشلەتمەيۋاتقانلىقىنى كۆرۈش تەس ئەمەس.

ئۇلۇغ بوۋىمىز يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ مۇنداق بىر مەشھۇر سۆزى بار: «بىلىمسىز ئادەملەردە غەم- قايغۇ بولمايدۇ، چۈنكى ئۇلار تىرىكلەر ئارىسىدىكى ئۆلۈكلەردۇر. ئۇلارنىڭ پەقەت قارنى تويسىلا شۇنىڭغا قانائەت قىلىدۇ. بىلىملىك ئادەملەرنىڭ خۇشال چاغلىرى ناھايىتى ئاز، غەم - قايغۇدىكى چاغلىرى كۆپ بولىدۇ. بۇ دۇنيادىكى ناھەقچىلىكلەردىن ئۇلارنىڭ مەڭزى قانداقمۇ كۈلسۇن.»[10]

**ئەخلاقلىق بولۇش.** بۇ بىلىم بىلەن باراۋەر ئورۇندا تۇرىدىغان بىر مەسىلە. چۈنكى بىلىم قان بولسا، ئەخلاق گۆشكە، بىلىم ئالتۇن ئۈزۈك بولسا ئەخلاق ياقۇت كۆزىگە ئوخشايدۇ. بۈگۈنكىدەك كۈنسېرى جەمئىيەتلىشىش، شەھەرلىشىش دولقۇنىدا يېيىلىپ كېتىۋاتقان ئەخلاق - پەزىلەت، ھايا، ئىپپەت، ئەرلىك غۇرۇر دېگەنلەر بىزگە ئەخلاقىي جەھەتتىن قايتىدىن بىر ئويلاشمىساق، ئاۋۋال ئاتا- ئانىلىرىمىز ئۆزىمىزدىكى ئەخلاق يوللىرىنى تەكشۈرۈپ باقمىساق، ئاندىن بالىلىرىمىزغا ئەخلاقلىق، ھايالىق، ئىپپەتلىك، غۇرۇرلۇق بولۇش ھەققىدە قۇلاقنى چىڭ تولغاپ تۇرۇپ تەربىيە قىلمىساق بولمايدىغان ھالەتكە يەتتى. دۆلەتمۇ مانا مۇشۇ نۇقتىنى كۆزدە تۇتۇپ «ئەخلاق قۇرۇلۇشىنى ياخشى ئىشلەش»نى تەكىتلەپ كېلىۋاتىدۇ. «ئادەم بالىسىنىڭ قەدىر - قىممىتى، ھۆرمىتى ئۇنىڭ ئەخلاقىغا قاراپ بەلگىلىنىدۇ. گۈزەل ئەخلاقلىق ئادەم ئەڭ مۆتىۋەر بولۇپ، ئەخلاقسىزلار خەلق ئالدىدا

www.uyghurkitap.com

قەدىرسىزدۇر. ئادەمنىڭ كىچىك چېغىدا يېتىلدۈرگەن ئادەتلىرى ئۇنىڭ بىلەن مەڭگۈ بىللە بولىدۇ... گۈزەل ئەخلاقنىڭ ئانىسى هايا بىلەن ئىپپەتتۇر. ئادەمدە هايا بىلەن ئىپپەت بولسا، گۈزەل خۇلقنىڭ هەممىسى ئۇنىڭدا بولىدۇ. تەكەببۇرلۇق، يالغان سۆزلەش، گەپ توشۇش، ئارسىز-نومۇسسىزلىق، ئەدەپ-قائىدىلەرگە ئېتىبارسىز قاراش—هاياسىزلىق ۋە ئىپپەتسىزلىكتۇر.»[11]

بالىلارنى چىداملىق، جەسۇر روهقا ئىگە قىلىپ تەربىيەلەش لازىم.

قىسمەن ئادەتلىرىمىزنى ئۆزگەرتىدىغان ۋاقتىمىز كېلىپ ئۆتۈپمۇ كەتتى. بولۇپمۇ تەرەققىياتقا توسالغۇ بولىدىغان ئادەتلەر ئۆزگەرتىلىشى كېرەك. بىزدە بالىلارنى هەددىدىن زىيادە ئەتىۋارلايدىغان، سىلاپ تۇرىدىغان، نېمىلا ئىش قىلسۇن خاتىرجەم بولالماي قۇيرۇقىدىن چىقالمايدىغان بىر خىل ئادەتلىرىمىز بار. بىز مۇشۇ خىل ئادەت بىلەن كۆيۈمچانلىقنى چېكىدىن ئاشۇرۇۋېتىپ، ئۇلارنى راهەتپەرەس، بىلى بوش، ئىرادىسى ئاجىز، مۇستەقىلچانلىقى كەم قىلىپ تەربىيەلەپ قويىمىز. ئوغۇللارنى ئەركەكلەرگە خاس جەسۇر، سالماق خاراكتېر؛ قىزلارنى شەرم-هايالىق، نازاكەتلىك، قىزلارغا خاس جەلپكارلىق بىلەن تەربىيەلىيەلمىسەك، ئوغۇللىرىمىز نازۇك، چىدىماس، قىزلىرىمىز هاياسىز، چوڭلارنى كۆزگە ئىلماس بولۇپ قالىدۇ، بۇنىڭدىن باشقا بالىلارنىڭ زىيادە باشقۇرۇلۇپ، قاتتىق قوللۇقتا يۈرىكى ئېزىلىك، خاراكتېرى ئۆلۈك هالدا چوڭ بولۇۋاتقانلىرىمۇ يوق ئەمەس. تەلىم-تەربىيە مۇهىتى قانچىكى ساغلام بولسا، ئۇنىڭدا يېتىلگەن تەربىيەلەنگۈچىمۇ دۇنياغا شۇنچە ساغلام روهىي كەيپىياتتا، جەسۇر ئىنتىلىش ئىستىكىدە چوڭ بولىدۇ.

**خۇلاسە كالام:** ئىنسان تەبىئىتى ئائىلىدىكى بۆشۈكنىڭ قانداق تەۋرىتىلىشىدىن شەكىللىنىدۇ. پەرزەنتلىرىنىڭ يۈكسەك ئىجادچانلىقى، ئەقىل-پاراسەت، ساداقەت، جاسارىتى دەل ئائىلىدىكى تەربىيەگە تومۇرداش ۋە نەپەسداش، ئاتا-ئانىلارنىڭ زىممىسىدىكى يۈك ئۇلۇغ هەم ئېغىر، ئۆزىمىزنىڭ دۇنيا قارىشى، مەدەنىيەت ئېڭىمىزنى ئىسلاھ قىلىپ، يۇقىرى ئاڭ ۋە ساغلام كەيپىياتقا ئىگە بولغان ئائىلە مەدەنىيىتىنى شەكىللەندۈرەلەيمىز، شۇندىلا پەرزەنت تەربىيەسىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك قانات يايدۇرالايمىز!

## پايدىلانمىلار


[1] ئابدۇشۈكۈر مۇهەممەتئىمىن: «ئائىلە»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2002-يىلى 10-ئاي نەشرى 1-بەت.

[2] كارل ۋىتېر: «كارل ۋىتېرنىڭ پەرزەنت تەربىيەسى»، ئابدۇرېهىم دۆلەت، ئادىل ئابدۇقادىر، جۈرئەت دۆلەتلەر تەرجىمىسى. قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 2002-يىلى 10-ئاي نەشرى 300-بەت.

[3][5] ئالىمجان هاشىر تۇرگۇن تۇزگەن «تالانتلىق بالىلارنى تەربىيەلەشنىڭ سىرى»، شىنجاڭ خەلق سەهىيە نەشرىياتى 2004-يىلى 8-ئاي نەشرى. 71-، 72-، 4-بەتلەر.

[4] غەززالىي، ئىبنى هەجەر ئەسقەلانىي: «ئەي بالام، ئەخلاقنامە، هىدايەتنامە»، ئابدۇلئەهەد ئەمىر قۇتلۇق نەشرگە تەييارلىغان. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2005-يىلى 4-ئاي نەشرى 9-بەت.

[6] ئەهمەد يۈكنەكى: «ئەتەبەتۇلھەقايىق»، مىللەتلەر نەشرىياتى 1984-يىلى نەشرى 47-بەت.

[7] بۇخارى: «سەهىهۇلبۇخارى»، مىللەتلەر نەشرىياتى 1981-يىلى 10-ئاي نەشرى 288-بەت.

[8] «يۈسۈپ خاس هاجىپ نەسىهەتلىرى (100 نەسىهەت)»، ئېزىز ئاتاۋۇللا سارتېكىن نەشرگە تەييارلىغان. شىنجاڭ خەلق سەهىيە نەشرىياتى 2009-يىلى 2-ئاي نەشرى 1-بەت.

[9] يارمۇهەممەد تاهىر تۇغلۇق: «بەخت ئەلچىسى يۈسۈپ خاس هاجىپ»، «جۇڭگو مىللەتلىرى» ژۇرنىلى 2006-يىل 4-سان 22-بەت.

[10] رىزائىددىن ئىبنى فەخرىددىن: «ئىلمى ئەخلاق»، ئابدۇلباقىهاجىم جالاهىر نەشرگە تەييارلىغان. قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 2006-يىلى 8-ئاي نەشرى 15-بەت.

[11] ئەنۋەر مەتسەيدى: «ئەجداد هېكمىتى ۋە ئەۋلاد خىسلىتى»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 2003-يىلى 8-ئاي نەشرى 162-بەت.


---

ئاپتور: ئۈرۈمچى شەهرى يەنئەن يولى 189-نومۇر «هونبەگ كىتابخانىسى»دا.



# چاغداش ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا تەنقىد قاتماللىقى

ئابدۇقادىر جالالىدىن

**مۇھەررىردىن:** ئازسانلىق مىللەتلەر ئەدەبىيات مۇنبىرىدىكى نەزەرىيە ئاجىزلىقى ۋە ئەدەبىي تەنقىدچىلىك ئىشلىرىنىڭ سۇس بولۇۋاتقانلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ، ئەدەبىياتىمىزدىكى بۇ خىل تۇرغۇن ۋەزىيەتتە مۇئەييەن جانلىنىش پەيدا قىلىش ئۈچۈن، شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى ئەدەبىيات ئىنستىتۇتى بىلەن شىنجاڭ يازغۇچىلار جەمئىيىتى بىرلىكتە 2010- يىلى 23- ۋە 24- ئۆكتەبىر كۈنى شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ يىغىن زالىدا «شىنجاڭ ئازسانلىق مىللەتلەر بۈگۈنكى زامان ئەدەبىيات نەزەرىيەسى ۋە تەنقىدچىلىكى مۇھاكىمە يىغىنى» ئاچتى. يىغىنغا مۇناسىۋەتلىك رەھبەرلەر ۋە 200 گە يېقىن ھەر مىللەتتىن بولغان ئەدىب ۋە ئەدەبىيات ھەۋەسكارلىرى قاتناشتى. مۇھاكىمە يىغىنىدا 30 پارچىدىن ئارتۇق ماقالە ئوقۇلدى. يىغىننىڭ ئومۇمىي روھى نۆۋەتتىكى ئەدەبىيات نەزەرىيەسى بولۇپمۇ ئەدەبىي تەنقىدچىلىك ساھەسىدىكى ئاجىز ۋەزىيەتنى جانلاندۇرۇشنى تەشەببۇس قىلىش بولدى. بىز بۇ قېتىمقى مۇھاكىمە يىغىنىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك ئېچىلغانلىقىنى تەبرىكلەش ھەم يىغىننىڭ تۈپ روھىغا قىزغىن ئاۋاز قوشۇش يۈزىسىدىن يىغىندا ئوقۇلغان ماقالىلەردىن دەسلەپكى قەدەمدە ئابدۇقادىر جالالىدىننىڭ «چاغداش ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا تەنقىد قاتماللىقى» دېگەن ماقالىسى بىلەن يالقۇن روزىنىڭ «ئەدىبلەر نېمە ئۈچۈن پۇشايمان قىلىدۇ» دېگەن ماقالىسىنى تاللاپ ئوقۇرمەنلەرنىڭ نەزىرىگە سۇندۇق.

كىمكى مەن ھەر كۈنى كۆرۈپ تۇرغان شەيئىنىڭ ئۆزگىچە تەرىپىنى كۆرسىتىپ بەرسە شۇ مېنىڭ ئىدىيەمنى بېيىتقان بولىدۇ.

— پول ۋالېرى (1871— 1945، فرانسىيەلىك ئەدىب)

ئەدەبىي تەنقىد ۋە نەزەرىيە مەسىلىسى ئۈستىدە كەڭ كۆلەمدە مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىش چاغداش (بۈگۈنكى دەۋر) ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ جىددىي تەقەززاسىغا ئايلىنىپ بولدى. ئەسلىدە ئۆتكەن ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا ياكى مۇشۇ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا چاغداش ئۇيغۇر ئەدەبىياتى بېسىپ ئۆتكەن مۇساپىلەرگە تەلتۆكۈس نەزەر سېلىپ، ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن ئەدەبىي تەنقىد ئوتتۇرىسىدىكى

ئوبزورچىلار مۇنبىرى

مۇناسىۋەتلەرگە ئىلمىي دىياگنوز قويۇپ، ئەدەبىياتىمىزنىڭ يېڭى ئەسىردىكى قەدەملىرىگە توغرا يۆنىلىش ئاتا قىلالايدىغان خۇلاسە ۋە چۈشەنچىلەرنى تەييارلاش زۆرۈر ئىدى.

پروفېسسور ئازاد رەھمىتۇللا سۇلتان تەخمىنەن ئون يىل ئىلگىرى ئەدەبىياتىمىزنىڭ 50 يىللىق نەتىجىلىرىگە پۈتتۈنلەي ئوپتىمىستىك بىر نەزەر بىلەن قاراپ چىققان ئىدى. ئۇ ماقالىسىدا، ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 80- يىللىرىدىن كېيىنكى مۇساپىسىدە،يېڭى ژانىر ۋە يېڭى ئېقىمدىكى ئەسەرلەرنىڭ كۆپلەپ بارلىققا كېلىشىگە ئەگىشىپ، يېڭى مېتود ۋە يېڭى نەزەرىيەلەرنى

ئۆزلەشتۈرۈپ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ كونكرېت ئەھۋالىغا تەتبىقلىغان ياش ئەدەبىي تەنقىد كۈچلىرىنىڭ بارلىققا كەلگەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرگەن ئىدى. ئۇ سىناق ۋە ئۇرۇنۇش باسقۇچىدىكى ئاشۇ تەنقىد ماقالىلىرىنى مەدەنىيەت تەنقىدچىلىكى(文化批评)، مەدرىسە(ئىنستىتۇت)تەنقىدچىلىكى(学院派批评)، قۇرۇلما تەنقىدچىلىكى (结构主义批评 )ۋە مىكرو تەنقىدچىلىك (微型批评法) قاتارلىق تۈرلەرگە بۆلۈپ، كۆرسىتىپ ئۆتكەنىدى. [1] ئەلۋەتتە، ئۇيغۇر ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىنىڭ 80- يىللاردىن كېيىنكى يۈزلىنىشىنى ئۇنىڭدىن بۇرۇنقى تەنقىدچىلىكنىڭ ئاساسىدا روي بەردى دېمەي بولمايدۇ. ئالدىنقى ئەسىرنىڭ تاكى 90- يىللىرىغا قەدەر داۋام قىلغان ئەدەبىي تەنقىد رۇسىيە ۋە سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ئەدەبىي تەنقىدچىلىكى تەسىرىدە ئۆزىنى كۆرسىتىپ كەلدى (مىسالەن مۇھەممەت پولات قاتارلىق بىر تۈركۈم تەنقىدچىلەرنى كۆرسىتىش مۇمكىن.) بۇ ئەندىزىنىڭ ئاساسىي روھىنى تۆۋەندىكى بىر نەچچە تېپىك جۈملىدىن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ:

«ئەدەبىيات مىللىي روھنىڭ ئىپادىسى، مىللەتنىڭ ئىچكى ھاياتىنىڭ سىمۋولى، مىللەتنىڭ قىياپىتى بولالىشى كېرەك.»[2]

«جەمئىيەتنىڭ ھۆكۈمران تەبىقىسىنىڭ ماددىي مەنپەئەتى كىشىلەرنىڭ ئىنساننىڭ مەۋجۇدىيىتىگە (مەيلى شەخس ياكى كوللېكتىپ بولسۇن)قانداق قارىشىنى بەلگىلەيدۇ. مەسىلەن قانۇن سىستېمىسى ئىنسانىي ياكى ئىلاھىي ئىدراكنىڭ نوقۇل ئىپادىسى بولماستىن، بەلكى، ئالاھىدە تارىخىي شارائىتتىكى ھۆكۈمران تەبىقە مەنپەئەتىنىڭ ئەكس ئېتىشىدۇر.»[3]

يۇقىرىقى بىرىنچى جۈملە سۆز ئۇيغۇر بىلگىلىرىگە ناھايىتى تونۇش كىلاسسىك رۇس ئەدەبىي تەنقىدچىسى بېلىنسكىينىڭ دەسلەپكى ئەسەرلىرىدىكى ئىدىيە بولۇپ، ئۇنى ياشلىقىدىلا گېگېلنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلغان بېلىنسكىينىڭ پۈتۈن ئەدەبىي تەنقىد ئەسەرلىرىدىكى ئاساسىي تىندىنسىيە دېيىشكە بولىدۇ. ئۇنىڭ ئاۋامچىلىق[4] (民粹主义,Populism) تۇسىدىكى ئەدەبىي تەنقىد ئىدىيەسى سوۋېت ئىتتىپاقى دەۋرىدىكى ماركسىزملىق ئەدەبىي تەنقىدنىڭ باشلانغۇچ مەكتىپى بولۇپ قالغان ئىدى. يۇقىرىقى ئىككىنچى جۈملە سۆز بولسا ماركسىزملىق دۇنيا قاراشنىڭ نېگىزى بولمىش « كىشىلەرنىڭ مەۋجۇدىيىتىنى ئۇلارنىڭ ئېڭى ئەمەس، بەلكى، ئىجتىمائىيىتى بەلگىلەيدۇ» دېگەن ھۆكۈمنىڭ نىسبەتەن كونكرېتلاشتۇرۇلۇشىدۇر. ئەدەبىي ئەسەرنىڭ مەزمۇنى بىلەن جەمئىيەت ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ھەمدە ئەدەبىي ئەسەرنىڭ مەزمۇنى بىلەن شەكلى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتتە، بىرلەمچى ۋە ئىككىلەمچىلىك رولى قارىشى «ئەدەبىي ئەسەر مۇتلەق روھنىڭ ۋاستىلىق نامايان بولۇشىدۇر» دەيدىغان گېگېلچە دىيالېكتىكىنىڭ كۆمتۈرۈلگەن نۇسخىسى ئىدى. دېمەك، ئۇيغۇر ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىدىكى «جەمئىيەت ۋە تارىخ بەلگىلەيدۇ» پرىنسىپىنىڭ يىلتىزى يەنىلا گېگېلدىن تېپىلىدۇ. شۇڭا، بىز ھازىرقى زامان ۋە چاغداش ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا بارلىققا كەلگەن ئەدەبىي تەنقىد ماقالىلىرىنى ئومۇمەن تارىخىيەت ۋە ئىجتىمائىيەت مېتودلىرىغا ئاساسلانغان دېسەك بولىۋېرىدۇ. ھەتتا، بۇ خىل مېتودلار ئاڭلىق ياكى ئاڭسىز ھالدا مەكتەپلەرنىڭ ئەدەبىيات ئوقۇتۇشىدىكى تېكىست تەھلىللىرىگە قەدەر ئومۇملاشقان. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، مەزكۇر دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىگە ئۇچۇق ۋە يوشۇرۇن تەسىر كۆرسەتكەن كىلاسسىك مەنبەلەر چوڭقۇر قېزىلماسلىقنىڭ ئۈستىگە تەدرىجىي نەزەردىن ساقىت بولۇپ كېتىپ، يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن تامامەن ئىستىخىيەلەشكەن بىر پائالىيەتكە ئايلىنىپ قالدى. بۇ خىل ئەدەبىي تەنقىدنىڭ ۋەكىللىرىگىمۇ مۇپەسسەل ئىلمىي قىدىرىش بىلەن باھا بېرىلمىدى.

ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 80- يىللىرىدىن كېيىن ئۇيغۇر ئەدەبىياتى يېڭىچە تەسىرلەرگە يولۇقتى، بۇ يەنىلا غەربنىڭ تەسىرى بولۇپ، بۇ تەسىر بۇ نۆۋەت شەرق ئارقىلىق كىرگەن بولدى. چۈنكى، 80- يىللاردا غەرب مودېرنىزم ئەدەبىياتىدىكى ئەدەبىي ئەسەرلەر، نەزەرىيەۋى ئېقىملار ۋە تەنقىد مېتودلىرى جۇڭگودا كەڭ كۆلەمدە خەنزۇ تىلىغا تەرجىمە قىلىندى ھەم تەتقىق قىلىنىپ، تونۇشتۇرۇلدى. كۆپ ساندىكى ياش ئۇيغۇر ئەدىبلىرى ۋە ھەۋەسكارلىرى خەنزۇ تىلىنىڭ ۋاستىسى ئارقىلىق غەرب مودېرنىزم ئەدەبىياتى بىلەن ئۇچراشتى، ئازاد رەھمىتۇللا سۇلتان، ئابدۇللا مەتقۇربان قاتارلىق تەتقىقاتچىلار دەسلەپكى قەدەمدە مودېرنىزم ئەدەبىياتىنى تونۇشتۇردى، مۇدېرنىزم ئەدەبىياتى ئېقىملىرى 2000- يىلىغا

كەلگەندە، ياش ئەدىب تاھىر ھامۇت تەرىپىدىن بىر قەدەر سىستېمىلىق تونۇشتۇرۇلدى. ئەڭ ئاۋۋال ئەدەبىياتىمىزنىڭ يېڭى تەسىرلەرگە يولۇقۇشىنىڭ سەمەرىسى سۈپىتىدە «گۇڭگا شېئىرلار» بارلىققا كەلدى ۋە بۇنىڭغا ياندىشىپ، شېئىرىيەتتىكى ئەنئەنە ۋە يېڭىلاش ئوتتۇرىسىدىكى خېلى ئۇزاققا سوزۇلغان مۇنازىرە قانات يايدى. بۇنى يېڭى دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى جانلىنىش ۋە نىسبەتەن ئەركىن بولغان مۇنازىرە كەيپىياتى سۈپىتىدە ئالاھىدە ئېتىبارغا ئېلىش زۆرۈردۇر. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇيغۇر ئەدەبىياتى بارا- بارا شېئىر، پىروزا، ئەدەبىي تەنقىد، ئەدەبىي تەرجىمە ساھەلىرى بويىچە يېڭىلىنىش ۋە كۆلەملىشىش باسقۇچىغا كىردى، تۈرلۈك تېمىلاردىكى كۆپ قىسىملىق رومانلار ئارقا- ئارقىدىن نەشىردىن چىقتى، ئەدەبىي ئەسەرلەر بۇرۇن كىتابخانلىرىمىزنىڭ بەدىئىي زوق ئېھتىياجىنى ئۇدۇللۇق قامداپ كەلگەن بولسا، ئەمدىلىكتە كىتابخانلىرىمىز تاللاپ ئوقۇش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشتى، ھەتتا، ھازىرقى ئەدەبىي ئەسەرلىرىمىزنىڭ بەدىئىي سەۋىيەسىدىن ئۈستۈن ئېستېتىك تەلەپ بىلەن تەنقىدىي ئوقۇش پەللىسىگە ئۇلاشتى، ئەمما، دەل مۇشۇنداق ۋاقىتتا، ئۇيغۇر ئەدەبىي تەنقىدچىلىكى ئۆزىدىكى ئاجىزلىقنى ئاشكارىلىدى، يەنى ئەدەبىي تەنقىد يېڭى ئېلان قىلىنغان تۈرلۈك ژانىردىكى ئەسەرلەرگە دەل ۋاقتىدا ئىنكاس قايتۇرالمىدى. بىز ئۇيغۇر چاغداش ئەدەبىياتىدا تەنقىد قاتماللىقىنىڭ بارلىقىنى تونۇغان ۋە ئېتىراپ قىلغان ۋاقتىمىزدا، بۇ خىل قاتماللىقنىڭ روشەن ئىسپاتىدىن ئەدەبىي تەنقىدنىڭ يېڭى چىققان ئەسەرلەرگە، شۇنداقلا ئۇيغۇر چاغداش ئەدەبىياتىدا كېلىپ چىققان يېڭى مەسىلىلەرگە ۋاقتىدا ئىنكاس قايتۇرالمىغانلىقى ئىكەنلىكى ئايان بولىدۇ. بىز بۇ ھالدىن ئەنسىرىگەن ئاشۇ ۋاقىتتا، دىققىتىمىزنى ئۇيغۇر تور ساھەسىگە بۇرىساق، ئەدەبىيات ۋە ئەدەبىي تەنقىدنىڭ تامامەن ئاممىۋى تۈس ئالغان ھالدا تورلاشقانلىقىنى، تور ئەدەبىياتىنىڭ شەكىللىنىشى بىلەن بىرگە بۇ خىل ئەدەبىياتنىڭ مۇھىم بىر تەركىبى سۈپىتىدىكى تور ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىنىڭ ئاپىرىدە بولغانلىقىنى بايقايمىز. ۋەھالەنكى، بۇ خىل ئۆزگىرىشلەر يەنىلا ئەدەبىي تەنقىد ساھەسىدىكى نوپۇزلۇق شەخسلەرنىڭ دىققىتىگە چېلىقىپ بولالمىدى ياكى ھېچ بولمىغاندا ئۇلارنىڭ مۇھاكىمە تېمىسىغا ئايلىنىپ بولالمىدى. چاغداش ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا تور ئەدەبىياتىنىڭ بارلىققا كېلىشى ئەدەبىياتنىڭ ئاۋامىي خاراكتېرىنى مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە كېڭەيتتى، يەنى توردىكى بەزى ئەسەرلەرنىڭ ئوقۇلۇشى يۈز مىڭ ئادەم سانىدىن ئېشىپ كەتتى. [5] قىزىق نۇقتىدىكى ئەسەرلەر ۋە تېمىلارغا ئالاقىدار مۇنازىرىلەرگە قاتناشقان ئادەملەر ئىنتايىن كۆپ بولدى. دېمەك تور ئەدەبىياتى ئەدەبىياتنى نوپۇزلۇقلارنىڭ كونتروللۇقىدىن تارتىپ ئېلىپ ئاددىي كىشىلەرنىڭ قولىغا ئۆتكۈزۈپ بەردى. بۇنى ئۇيغۇر چاغداش ئەدەبىياتىدىكى چوڭ ھادىسە دېمەي بولمايتتى. شۇنداقتىمۇ ئۇ ئەدەبىي تەنقىدنىڭ مۇلاھىزە ئوبيېكتى بولالمىدى. مانا بۇ بۈگۈنكى ئەدەبىياتىمىزدىكى ئەدەبىي تەنقىد قاتماللىقىنىڭ ئەڭ ئاشكارا، ئەڭ تىپىك بەلگىسى بولۇپ قالدىكى، بۇنىڭدىن ئاپتورلار قوشۇنىدىن تارتىپ كىتابخانلار ئاممىسىغىچە بىردەك نارازى.

دېمەك، چاغداش ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا قاتماللىقنىڭ بارلىقى ئېنىق بولۇپلا قالماي، بەلكى ناھايىتى ئېغىر. قارىماققا ئۇ ئەدەبىي تەنقىدنىڭ ئەدەبىي ئەسەرلەر، ئەدەبىي ھادىسىلەر ۋە ئەدەبىيات مەسىلىلىرىگە ئاكتىپ ئىنكاس قايتۇرالماسلىق ھالىتىدە ئوتتۇرىغا چىقسىمۇ ئۇنىڭ كەينىدە يەنە بىر قاتار مەسىلىلەر بار. بۇ مەسىلىلەر تۆۋەندىكىچە:

**يېڭى تىپتىكى ئەدەبىي ئەسەرلەرگە كونا نەزەرىيە بىلەن ئىنكاس قايتۇرۇش.**

ھەممىگە مەلۇمكى، ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 80- يىللىرىدىن باشلاپ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ھەرخىل تەسىرلەرگە يولۇقتى، بۇ ھال ئەدەبىيات سېپىدىكى ياش كۈچلەردە ئالاھىدە گەۋدىلىك بولدى، ئۇلار غەربنىڭ سىماچىلىق (意象派)، سىمۋولىزم (象征主义)، ھالقىما رېئالىزم (超现实主义) ئېقىمىدىكى شېئىرلىرى، سېھرىي رېئالىزم (魔幻现实主义)، ئاڭ ئېقىمى (意识流) پىروزىلىرى، مەۋجۇدىيەتچىلىك (存在主义) پەلسەپىسى بىلەن دەسلەپكى قەدەمدە ئۇچراشتى ۋە ئۇلارنىڭ روشەن تەسىرىگە ئىگە ئەسەرلەرنى يېزىشتى. ئەدەبىياتىمىزدا «گۇڭگا شېئىر»، «ئىزدەنمە ھېكايە» ئاتالغۇسىدىكى يېڭىچە ئىپادىلەش ئالاھىدىلىكىگە ئىگە ئەسەرلەر بارلىققا كېلىپ، كىتابخانلارنىڭ دىققىتىنى

ئۆزىگە تارتتى. يەنە بىر تەرەپتىن، ئەدەبىياتىمىزدا ئەنئەنىۋى رېئالىزم تىپىدىكى ئىجادىيەتلەر كۆلەملىشىش باسقۇچىغا كىرىپ، رېئال تۇرمۇش ھەم تارىخ تېمىسىدىكى يىرىك ئەسەرلەر ئارقا ـ ئارقىدىن بارلىققا كەلدى، مانا بۇلار ئەدەبىياتىمىزدىكى يېڭى يۈزلىنىش ۋە يېڭى قىياپەت ئىدى. گەرچە بۇ جەرياندا بىر قىسىم ئوبزورلار مەيدانغا كەلگەن بولسىمۇ، بۇ ئوبزورلار ئايرىم ئەسەر، ئايرىم مەسىلىلەرگە بولغان تەسىرات ياكى ئىنكاس سۈپىتىدە چەكلەندى. تەسىرى چوڭ ئەسەر ۋە ئاپتورلارغا، گەۋدىلىك ئەدەبىيات ھادىسىلىرىگە، يېڭى تەسىر ۋە يېڭى مەسىلىلەرگە مەخسۇس ئانالىز يۈرگۈزىدىغان مېتودلۇق ئەدەبىي تەنقىد ئەسەرلىرى يېزىلمىدى. ئەكسىچە، يېزىلىۋاتقان ئەدەبىي تەنقىد ئەسەرلىرى بىلەن ئەدەبىي ئىجادىيەت ئەسەرلىرى ئوتتۇرىسىدىكى ئارىلىق تەدرىجىي چوڭىيىپ، ئەسەرلەر ئەسەر پېتى، مەسىلىلەر مەسىلە پېتى قېلىۋەردى. ئەدەبىي تەنقىد ۋە ئەدەبىيات تەتقىقاتى ئەدەبىي ئىجادىيەتكە ياندىشالماي، كەينىدىن سوكۇلداپ ماڭدى. نەتىجىدە، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى نەزەرىيە ئەسلىدىكى كىلاسسىك مەنبەلىرىدىن ئايرىلغان، ئۆزىگە تەسىر كۆرسەتكەن كىلاسسىك مەنبەلەردىن ئايرىلغان، يېقىندىن بارلىققا كەلگەن ئەسەرلەردىن ئوزۇقلىنالمىغان، سىستېما ياكى ئېنىق مېتود ھالىتىگە كىرەلمىگەن ھالەتتىكى تۇرغۇنلۇقنى ساقلاپ قالدى. مەيلى بېلىنسكىي، مەيلى گوركىي، مەيلى لۇناچارىسكىي بولسۇن، ئۇلارنىڭ ئەسلىي ئەسەرلىرىنىمۇ تولۇق كۆرگىلى بولمىدى. «تەنقىد ئەسىرى» دەپ سۈپەتلىنىدىغان 20 ـ ئەسىردە مەيدانغا كەلگەن نۇرغۇن غەرب نەزەرىيە ئېقىملىرى ۋە تەنقىد مېتودلىرى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ساھەسى ئۈچۈن مانا ھازىرمۇ نامەلۇم تۇرماقتا.

«ھەربىر بەدىئىي ئەسەر بىزنىڭ بىۋاستە كۆزىتىشىمىزنى كۈتۈپ تۇرىدۇ، بەلكى، ھەربىر ئەسەر مەيلى تۈنۈگۈن ياكى مىڭ يىل ئىلگىرى يېزىلغان بولسۇن سەنئەتتىكى مۇئەييەن مەسىلىگە جاۋاب بەرگەن بولىدۇ.»[6] ئەگەر مەلۇم بىر ئەدەبىي ئەسەر يېڭى بىر قىياپەتتە ئوتتۇرىغا چىقىپ، بىر تۈركۈم كىشىلەرنىڭ بەدىئىي زوقىغا ماس كېلىپ، ئۇلارنىڭ قارشى ئېلىشىغا ئېرىشسە، بۇ ئەسەر دەۋرنىڭ ھەرتەرەپلىمە ئېھتىياجىغا ئۆزىگە خاس يول بىلەن جاۋاب بېرىش لاياقىتىنى ھازىرلىغان بولىدۇ. ئۇنىڭدىن مەدەنىيەتشۇناسلار، جەمئىيەتشۇناسلار، مائارىپشۇناسلار ۋە ئەلۋەتتە، ئەدەبىياتشۇناسلار مەلۇم بىر تېمىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ، مەزكۇر دەۋرنىڭ تېگىشلىك مۇئەممالىرىغا جاۋاب ئىزدىيەلەيدۇ، بەلكىم، بۇ جاۋاب ئاخىرقى ۋە بىردىنبىر جاۋاب ئەمەس، ئەمما، نۇرغۇن جاۋابلارنىڭ ئىچىدىكى بىر جاۋاب. شۇنىڭ ئۈچۈن ئېيتىمىزكى، ئۇيغۇر چاغداش ئەدەبىياتىدىكى تەنقىد قاتماللىقى ئالدى بىلەن نەزەرىيە قاتماللىقىنى ئاشكارىلاپ بېرىدۇ، دەپ قارىغىنىمىزدا بۇ قاتماللىق نەزەرىيەنىڭ ئەدەبىي ئەسەر بىلەن ئىچكى مۇناسىۋەت ھالقىسى ئورنىتالماسلىقى ياكى ئىچكى دىيالوگ قۇرالماسلىقىدا كۆرۈلىدۇ، دەپ ئېيتالايمىز. دېمەك، بىر دەۋرنىڭ ئەدەبىياتىدا مەلۇم مەنىدە رول ئويناپ تۇرغان نەزەرىيەنىڭ ھاياتىي كۈچى مەزكۇر نەزەرىيەنىڭ ئۆزىدە بولماستىن، بەلكى ئەدەبىي تەنقىد ئەمەلىيىتىدە بولىدۇ. بىر پارچە ئەدەبىي ئەسەر نەزەرىيەگە قويۇلغان سوئال، شۇنداقلا ئەدەبىي تەنقىدكە داغدام ئېچىۋېتىلگەن ئىشىك. مەۋجۇت نەزەرىيە سىستېمىسى ئەدەبىي ئەسەر ئوتتۇرىغا قويغان مۇھىم سوئاللارغا جاۋاب بېرىش ئارقىلىق ئۆزىدىكى يېتەرسىزلىكلەرنى تولۇقلايدۇ. دېمەك، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى نەزەرىيە ھەر تەرەپلىمە يېڭى تەسىر بىلەن غىدىقلانغان ئەدەبىي ئىجادىيەت ئەسەرلىرىنىڭ ئالدىدا ئۆزىنىڭ قاتمال ھالىتىنى ئۆزگەرتىشكە قادىر بولالمىدى.

### ئەۋزەل تەنقىد ئېكولوگىيەسى شەكىللىنەلمىدى.

كىشىلەرگە ئايانكى، ئېكولوگىيە (مۇھىت بىلىك) ھاياتلىق ئورگانىزملىرىنىڭ ئۆزئارا تايىنىشى ۋە ئۇنىڭ مۇھىتى توغرىسىدىكى بىلىم. ئەگەر بىز ئەدەبىي تەنقىدنى بىر ئورگانىزم سۈپىتىدە تەسەۋۋۇر قىلساق، ئەدەەبىي تەنقىدمۇ ئەدەبىياتتىن ئىبارەت چوڭ مۇھىتنىڭ ئىچىدىكى باشقا ئامىللارنى شەرت قىلغان ھالدا مەۋجۇت بولىدۇ ۋە تەرەققىي قىلىدۇ. ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 90 ـ يىللىرىدىن باشلاپ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ سىياسىي ئىقتىسادىي مۇھىتى، مەدەنىيەت كونتېكىستى (文化语境)، بىلىم مۇھىتى، ئىلمىي تۈزۈلمە مۇھىتى، ئىدېئولوگىيە مۇھىتى قاتارلىق تەرەپلىرىدە ناھايىتى چوڭ ئۆزگىرىش بولدى. بۇ ئۆزگىرىش ۋاقىت جەھەتتىن تېز، مەزمۇن قاتلىمى

جەھەتتىن مۇرەككەپ بولغاچقا كۆپ ساندىكى كىشىلەر ئاكتىپ ئىنكاس قايتۇرالمىدى ياكى بۇ ئۆزگىرىشلەرنى كېچىكىپ ھېس قىلدى. بىر بولسا كىشىلەر غەرب ئەدەبىياتىنىڭ نەزەرىيە ۋە ئىجادىيەت ئۆرنەكلىرىگە مەپتۇن بولۇپ كېتىپ، ئەنە شۇ مەپتۇنلۇقنىڭ ئىچىگە غەرق بولۇپ كەتتى. يېڭى ئۇقۇملار، ئېرمىنلار، نەزەرىيەۋى مېتودلار ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ مەدەنىيەت ئەنئەنىسىگە لايىقلاشتۇرۇلماي، دوگما ھالەتكە چۈشۈپ قالدى، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئۇزاق يىللىق ئەنئەنىسىنى شەكىللەندۇرگەن مىللىي خاسلىق، مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە ئەدەبىيات پرىنسىپلىرى، ئۇسلۇبلار ۋە ئېستېتىك قىممەت قاراشلىرى ئۇنتۇلۇشقا قاراپ يۈزلەندى. شۇنىڭ بىلەن ھېچنېمە ئۆزىگە ئوخشىماي قېلىشتەك ۋەزىيەت كېلىپ چىقتى.

ئامېرىكىلىق ئەدەبىيات نەزەرىيەچىلىرىدىن رېنې ۋېلېك (ReneWellek) بىلەن ئاستىن ۋارېن (Austin Warren) ئۆزلىرىنىڭ «ئەدەبىيات نەزەرىيەسى» ناملىق كىتابىدا، ئەدەبىيات نەزەرىيەسى، ئەدەبىي تەنقىد ۋە ئەدەبىيات تارىخىنىڭ مۇناسىۋىتى توغرىسىدا مەخسۇس توختىلىدۇ. ئۇلار بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «ئەدەبىيات نەزەرىيەسىدە ئەدەبىي تەنقىد بىلەن ئەدەبىيات تارىخىنىڭ بولماسلىقىنى، ئەدەبىي تەنقىدتە ئەدەبىيات نەزەرىيەسى بىلەن ئەدەبىيات تارىخىنىڭ بولماسلىقىنى ياكى ئەدەبىيات تارىخىدا ئەدەبىيات نەزەرىيەسى بىلەن ئەدەبىي تەنقىدنىڭ بولماسلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلىش تەس. روشەنكى، ئەدەبىيات نەزەرىيەسى كونكرېت ئەدەبىي ئەسەرلەرگە يىلتىزلانمىسا، بۇنداق ئەدەبىيات تەتقىقاتى مۇمكىنسىز بىر ئىش بولىدۇ. ئەدەبىيات ئۆلچىمى، كاتېگورىيە ۋە ماھارەت دېگەنلەر ئاسماندىن چۈشۈپ قالمايدۇ. مۇبادا بىر يۈرۈش مەسىلىلەر، ئۇقۇملار، پايدىلىنىشقا تېگىشلىك نۇقتىئىنەزەرلەر ۋە بەزى ئابستراكت تېئورېمىلار بولمايدىكەن، ئەدەبىي تەنقىد ۋە ئەدەبىيات تارىخى دېگەندەك ئىشلارنىمۇ قىلغىلى بولمايدۇ.»[7] بىز بۇنىڭدىن ئەدەبىيات نەزەرىيەسى، ئەدەبىي تەنقىد ۋە ئەدەبىيات تارىخى ئوتتۇرىسىدىكى بىر- بىرىنى تولۇقلاش، بىر- بىرىنى ئىلگىرى سۈرۈش، بىر- بىرىنى شەرت قىلىش مۇناسىۋىتىنى ئېنىق كۆرىمىز. روشەنكى ئەدەبىي تەنقىدچى مەلۇم ئەسەرنىڭ سەنئەت قىممىتىگە توغرا باھا بېرىش ئۈچۈن تەبىئىي ھالدا ئۇ ئەسەرنى ئەدەبىيات تارىخىدىكى كونكرېت ئەسەرلەرگە سېلىشتۇرىدۇ ۋە مەلۇم بىر ئورۇنغا قويىدۇ، بۇ جەرياندا ئەدەبىيات نەزەرىيەسىدىكى مەلۇم ئۇقۇملارغا ئاساسلىنىدۇ. ئۇنداقتا، ئۇيغۇر مەدەنىيەت مۇھىتىدىكى ئەدەبىيات تەتقىقاتى بۇ ئۈچ تەركىب ئوتتۇرىسىدىكى ئىچكى مۇناسىۋەتنى تولۇق يورۇتۇپ بېرەلىدىمۇ؟ توغرا ھەل قىلالىدىمۇ؟ ئەمەلىيەتنى ئېلىپ ئېيتقاندا، ئۇيغۇر ئەدەبىياتى مۇھىتىدا يۇقىرىقى ئۈچ تەركىبنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋىتىنى ئاساسەن ئۈزۈلۈپ قالغان دېيىشكە بولىدۇ.

ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 90 - يىللىرىدىن باشلاپ، ئۇيغۇر جەمئىيىتى مەدەنىيەت ۋە ئىقتىساد جەھەتتىكى يەرشارىلىشىش دولقۇنىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا ئىجابىي ۋە سەلبىي نۇقتىدىن تەسىر قىلىدىغان ئامىللار كۆپەيدى. بۇ ئۇيغۇر مەدەنىيەت ئېكولوگىيەسىنىڭ جۈملىدىن ئەدەبىي تەنقىد ئېكولوگىيەسىنىڭ ئۆزگىرىپ كۆپ خىللىق، كۆپ مەنبەلىك، ھەمتېكىستلىك(互文性)،تەڭشەلمە(协调性)، بىر پۈتۈن مۇھىتقا كىرگەنلىكىدىن دېرەك بەردى، ئەمەلىيلىكتە ئەدەبىي تەنقىد تېكىست بىلەن تېكىست، تېكىست بىلەن سۇبيېكت ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتتىن ئەدەبىياتنىڭ ئىچكى قىسمىغا ياتىدىغان مەزمۇنلارغا ھەمدە سىياسىي، جەمئىيەت، ئىقتىساد، مەدەنىيەتتىن ئىبارەت تاشقى ئامىللارغا ۋە بۇ ئامىللارنىڭ ئۆتۈشمە خاراكتېرلىك مۇناسىۋەتلىرىگە پەۋقۇلئاددە ئىنچىكىلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىپ، ئۆزىگە خاس مەۋجۇتلۇقىنى نامايان قىلمىسا بولمايدىغان بولدى. ئەگەردە ئەدەبىي تەنقىد يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان بىر قاتار ساھەلەرگە ئائىت ئۇقۇم ۋە نۇقتىئىنەزەرلەر بىلەن بولغان ئېكولوگىيەلىك مۇناسىۋىتىنى ئۈنۈملۈك ھەل قىلالمىسا، پالەچ ئەھۋالغا چۈشۈپ قالىدۇ. بۇ ھال چاغداش ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا ئاللىبۇرۇن كۆرۈلۈشكە باشلىدى.

### ئەدەبىي تەنقىد روھى ئەدەبىيات روھىنىڭ سۇسلىششى بىلەن بىرگە سۇسلاشتى.

ئەدەبىيات مىللەت روھىنىڭ يېزىق شەكلىدىكى كۆرۈنۈشى، شۇنداق ئىكەن ئۇنىڭدا ئېتنوگرافىيەلىك خۇسۇسىيەت ناھايىتى قويۇق بولىدۇ. مەلۇم بىر ئەسەردە ئەكس ئەتكەن خامان مەنزىرىسى، دېھقان

ئۆگزىسىدىكى شال پاخلى، تونۇر بېشىدىكى بىر توپ ئايال، بازاردىكى تۇخۇم ساتقۇچى بوۋاي... قاتارلىقلار مىللەت روھىنى مەلۇم بىر دەۋرنىڭ ۋارىيانتى بىلەن جانلىق ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەلەيدۇ، ھەتتا، بەزىدە ئۇلار ئارقىلىق بىر مىللەتنى ھېس قىلغىلى بولىدۇ، دېسەكمۇ ئارتۇق كەتمەيدۇ. رۇسىيە يازغۇچىسى بۇنىن (1870-1958 布宁)نىڭ «ئاندىرونوفكا ئالمىسى» ناملىق ھېكايىسى كۆز پەسلىدىكى رۇس يېزىلىرىنىڭ مەنىۋى كەيپىياتىنى جانلىق ھەم گۈزەل قىلىپ تەسۋىرلەپ بېرەلىگەن. مەلۇم بىر شېئىردىكى قاپىيە، بىر سۆز بىرىكمىسىمۇ شەك- شۈبھىسىزكى، مىللىي روھنىڭ ئۆزىنى نامايان قىلىشىدىكى قىممەتلىك بەلگىلەر بولۇپ چىقىدۇ. ئۇنداقتا، ئەدەبىيات دېگەن نېمە؟ بۇ ھەقتە تۈرلۈك تەبىرلەر بار. شۇلارنىڭ ئىچىدە ئەنگىلىيەلىك مەدەنىيەتشۇناس رىچارت خوگارت (Richart Hoggart)نىڭ مۇنۇ تەبىرى ئەدەبىياتنىڭ كۆلتۈرەل يىلتىزى بىلەن ئالاقىدار تەرىپىنى يورۇتۇپ بەرگەن: «ئەدەبىيات مۇئەييەن بىر كۆلتۈرنىڭ مەنە يۆتكىگۈچىسى. ئەدەبىيات كۆلتۈرنىڭ ئەقىدىسىدىكى نەرسىلەرنى قايتا نامايان قىلىشقا پايدىلىق بولۇپلا قالماي، يەنە مەركىزىي كۆلتۈرەل كەچۈرمىش ئېھتىياجلىق بولغان ئاشۇ قىممەتنى تەسەۋۋۇر قىلىدۇ. ئۇ كىشىلەرنىڭ شۇ خىل قىممەتنىڭ تومۇرى ھەققىدىكى سېزىمىنى، كۆلتۈرنىڭ داۋاملىشىشى جەريانىدا كۆرۈلگەن تارتىش ۋە كېلىشىش ھەققىدىكى تەسىراتلىرىنى دىراماتىك رەۋىشتە ئىپادىلەيدۇ.»(8) ھەر قانداق بىر كۆلتۈر مەلۇم قىممەت قاراشقا ئىگە، بۇ قىممەت قاراش بەلكىم، دىن ياكى مۇئەييەن سىياسىي ئىدېئولوگىيە شەكلىدە مەۋجۇت بولۇشىمۇ مۇمكىن. جالالىددىن رۇمى بىلەن دانتى بىر- بىرىگە ئوخشىمىغان ئېتىقاد ۋە قىممەت قاراش بويىچە ئۆزلىرىگە خاس بەدىئىي يۈكسەك پەللىنى ياراتتى. بىز ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىدىكى ئىككى خىل كۆلتۈردىكى ئىپادىلەش ئۆرنەكلىرىنى ۋە ئېستېتىك دۇنيانى كۆرۈشكە مۇيەسسەر بولالايمىز. ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرى يۈكسەلگەن مەنە بىزنىڭ زوقمىزنى ئۇلارنىڭ ئېتىقاد دۇنياسىغا ئېلىپ بارىدۇ ۋە بۇ دۇنيادا ئۇلارنىڭ ئۆزلىرى ۋەكىللىك قىلىدىغان دەۋر ۋە مىللەتنىڭ مىللىي روھى بەرق ئۇرۇپ تۇرىدۇ. مىللىي روھ ئىجتىمائىي ۋە تارىخىي بولغان ئېتنوگرافىيەلىك كاتېگورىيە، مىللىي روھنىڭ نامايەندىسى بولغان ئەدەبىياتنىڭ روھىمۇ مىللەتنىڭ مەلۇم بىر كونكرېت شارائىتتىكى ئۆرنىغا يارىشا مەزمۇن ۋە شەكىلنى ئالىدۇ. ئادالىق ۋە زۇلۇمغا قارشى تۇرۇش ئابدۇخالىق ئۇيغۇر دەۋرىدىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ مىللىي روھى بولغان بولسا، گۈزەللىكنىڭ ئىلاھىي ماقامىنى ئىزدەپ، گۈزەل مىللىي ئەدەبىي تىل يارىتىش نەۋايى دەۋرىدىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ مىللىي روھى ئىدى. دېمەك مىللىي روھ بىلەن ئەدەبىياتنىڭ روھى بىر- بىرىنى ئىزدەيدۇ، بىر- بىرىنى تولۇقلايدۇ. ئۇنداقتا ئەدەبىي تەنقىد روھچۇ؟ «ئەدەبىي تەنقىد» دېگەن ئۇقۇم ھەققىدە تەبىرلەرمۇ ناھايىتى كۆپ. جۇڭگو چاغداش ئەدەبىياتىدىكى مەشھۇر تەنقىدچى لى جيەنجۈن (李建军) ئەپەندىنىڭ ئەدەبىي تەنقىد توغرىسىدىكى تەبىرى بىر قەدەر ئومۇملاشتۇرۇش خاراكتېرىگە ئىگە: «ئەدەبىي تەنقىد دېگىنىمىز يېزىقچىلىق، ئەسەر، كىتاب ئوقۇش ۋە بۇلارغا تەسىر كۆرسىتىدىغان تاشقى شارائىت، سۇبيېكتنىڭ (ئاپتورنىڭ) ساپاسى، ساپا ھەققىدە ئېلىپ بېرىلغان تەتقىقات ۋە باھالاش پائالىيىتىدىن ئىبارەت.» [9] ئۇ تەنقىدچىنىڭ مەنىۋى خاراكتېرى توغرىسىدا پىكىر يۈرگۈزۈپ، غايىۋىلىك، خەلقچىللىق (民主性)، ئىلمىيلىك، مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى قاتارلىقلاردىن بېرەرسى كەم بولغان تەنقىدچىنىڭ مەنىۋىيىتىنىڭمۇ كەمتۈك بولىدىغانلىقىنى تەكىتلەيدۇ. ئەدەبىي تەنقىدچىنىڭ مەنىۋى خاراكتېرىدىكى بولۇشقا تېگىشلىك بۇ پەزىلەتلەر ھەربىر دەۋر ۋە ھەرمىللەتتىكى ئايرىم ئەدەبىي تەنقىدچىنىڭ ۋۇجۇدىدا كونكرېتلىشىدۇ.

چاغداش ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى ئەدەبىيات روھى بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنىڭ سىنىقىغا بەرداشلىق بېرەلمەي سۇسلىشىشقا قاراپ يۈزلەندى. ئۇيغۇر كىتابخانلىرىنىڭ مەدەنىيەت ساپاسى پەلسەپىۋى ئىدىيە ۋە غايە يۈكسەكلىكىدىن خېلىلا يىراق بولغان ۋەقەخانلىق تىپىدىكى ھېكايە، رومانلارغا مايىلراق بولغاچقا، شۇ خىل كىتابلارنىڭ بازىرى ياخشىراق بولدى. نەشرىياتلارمۇ بازارنى بەكرەك قوغلىشىپ، ساپ ئەدەبىيات تىپىدىكى ئەسەرلەرنى نەشر قىلىشقا ئەھمىيەت بېرەلمىدى. شۇنىڭ بىلەن يازغۇچىلارمۇ نەشرىياتلارنىڭ بازار قوغلىشىدىغان خاھىشىغا يېقىندىن ياندىشىپ، تىلى قوپال، ۋەقەلىكى قىزىق، ئىدىيەسى يۈزە بولغان پىروزا ئەسەرلىرىنى يېزىشقا تۇتۇندى.

ئەدەبىياتقا چوڭقۇر ئىخلاس قىلىپ، قۇربان بېرىش ۋە بەدەل تۆلەش روھى بىلەن يىللاپ-يىللاپ قېتىرقىنىدىغان يازغۇچىلار ناھايىتى ئاز قالدى. گېرمانىيەلىك جۇڭگوشۇناس ۋ. كۇبىن (Wolfgang Kubin) نىڭ بۇگۈنكى جۇڭگودىكى ئەدىبلەرنىڭ سىياسىي، ئىقتىساد، بازار ۋە تۈرلۈك نوپۇزلارغا بوي ئەگمىگەن مۇستەقىل ئاۋازى يوق دېگەن سۆزى چاغداش ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى يازغۇچىلارغا تېخىمۇ مۇۋاپىق كېلىدۇ.

ئەدەبىيات تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار ئاكادېمىيە ۋە مەكتەپلەردىن چىقماي دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك تەتقىقات تۈرلىرىگە ئاشنا بولۇپ، ئۇنىڭدىن ئېشىنىپ، چاغداش ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ساھەسىدىكى كىرزىسلىك مەسىلىلەرگە پىكىر يۈرگۈزۈپ بېقىشقا ئۈلگۈرمىدى. ئۇلارنىڭ تەتقىقات نەتىجىلىرىمۇ تەتقىقات ئىشلىرىغا ئالاقىدار ئورگانلارنىڭ ئارخىپ ئامبارلىرىدىن ئاشمىدى.

مەيلى ئەدەبىي تەنقىد ئىشلىرى بولسۇن، مەيلى ئەدەبىيات تەتقىقاتى ئىشلىرى بولسۇن ئادىمىيەت روھىدىن چەتنەپ كەتسە قىلچىلىك ئەھمىيىتى بولمايدۇ. بۇلار ئادىمىيەت ئىلىملىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن ھەقىقەت، گۈزەللىك، ئەركىنلىك ئىزدەيدۇ، ئىنسانلارنى ئالىيجاناب غايە يۈكسەكلىكىدە ياشاشقا ئۈندەيدۇ. ئۇ ئىلىم ئىشى، غايە ئىشى، ۋىجدان ئىشى، ئۇنىڭ جان باقىدىغان دۇكانغا ئايلىنىپ قېلىشى ئىلىم ساھەسىدىكى خېلى كۆپ ئادەملەرنىڭ غايە جەھەتتە چۈشكۈنلەشكەنلىكىنىڭ ئالامىتى.

چاغداش ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى تەنقىد قاتماللىقى تاسادىپىي كېلىپ چىققان ئەمەس، قانداقتۇر ئۇ بىر تۈركۈم ئىلىم ساھىبلىرىنىڭ نوقۇل سۇبيېكتىپ مەسىلىسى ئەمەس، ئۇنىڭ چوڭقۇر ئىجتىمائىي، تارىخىي، كۇلتۇرەل يىلتىزى بار. بۇ ھەقتە داۋاملىق چوڭقۇرلاپ تەتقىقات ئېلىپ بېرىشقا توغرا كېلىدۇ. بىزنىڭ بۇ ماقالىمىز پەقەت چاغداش ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى ئەدەبىي تەنقىد قاتماللىقىنى دەسلەپكى قەدەمدە بىر مەسىلە سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا قويۇشنى ئۆزىگە ۋەزىپە قىلدى. بۇ خىل قاتمال ھالەتنى ئۆزگەرتىپ، ئەدەبىي تەنقىدنىڭ رولىنى تىرىلدۈرۈش ئەدەبىياتىمىزنىڭ نۆۋەتتىكى مۇساپىسىدە باش تارتىپ بولمايدىغان مۇھىم مەسئۇلىيەت. بۇ مەسئۇلىيەتنى ئۈنۈملۈك ئادا قىلىش ئۈچۈن يەنىلا ئەدەبىي تەنقىدچىلەر قوشۇنى ئىشنى ئۆز-ئۆزىگە بولغان تەنقىدتىن باشلىشى، ئۆزلىرىنىڭ ئالىيجاناب ئەدەبىيات روھىنى بەرپا قىلىشتىكى ئاۋانگارتلىق ئورنىنى تىكلىشى ئەدەبىياتىمىزنىڭ غورۇرىنى نامايان قىلىشتىكى ئىمتىيازلىق كۈچلەرگە ئايلىنىشى كېرەك بولىدۇ. دېمەك، بۇ جەھەتتىكى تايانچ كۈچ يەنىلا ئەدەبىي تەنقىدچىلەرنىڭ ئۆزى. ئەدەبىي تەنقىد ھەدېسىلا ئەسەرنىڭ مەزمۇنىنى تەھلىل قىلىش بىلەنلا چەكلىنىپ تۇرۇۋالماسلىقى، ئەسەرنى بەدىئىي خۇسۇسىيەتكە ئىگە قىلغان ئامىللارغىمۇ نەزەر ئاغدۇرۇشى، ئەسەرنىڭ ئىچكى قىسمى ھەققىدىكى مۇھاكىمە بىلەن ئەسەرنىڭ سىرتىدىكى ئىجتىمائىي، مەدەنىي، سىياسىي ئامىللار ھەققىدىكى مۇھاكىمىنى باغلاپ، بىر پۈتۈنلۈككە ئېرىشتۈرۈشى لازىم. ئەدەبىي تەنقىد يەنە يازغۇچىنىڭ سۇبيېكتىپ دۇنياسىغىمۇ ئىچكىرىلەپ كىرىپ، مەنىۋى ساپاسىغىمۇ دىياگنوز قويۇشنى ئۇنۇتماسلىقى كېرەك، روشەنكى، چاغداش ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ئۆز ئىچىگە ئالغان مەسىلىلەر ھەرگىزمۇ ئاددىي ئەمەس، ئۇ تەنقىدچىدىن خالىسلىق ۋە باتۇرلۇقتىن باشقا كېسىشمە پەنلەر بىلىملىرىنى تەلەپ قىلىدۇ.

چاغداش ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى تەنقىد قاتماللىقى كەڭ ئىلىم ساھەسىنىڭ دىققىتىنى قوزغىشى، كىشىلەر ئەدەبىي تەنقىدنى نوقۇل تەنقىدچىلەرنىڭ ئىشى، ئۇنى ئەدەبىيات ساھەسىدىكىلەر ئۆز ئىچىدىن ھەل قىلىۋېلىشى لازىم دەپ قارىۋالماسلىقى كېرەك. ئەدەبىي تەنقىد ئەدەبىياتنىڭ مۇپەتتىشى، ئەمەلىيەتتە، ئۇ ئەدەبىي تەنقىدچىلەرنىڭ مېھنىتىدىن ھالقىغان جامائەت ئىشى، ئۆتكۈر بىر ئەدەبىي تەنقىدچىنى نوقۇل ئىلىم ئارقىلىقلا يېتىشتۈرگىلى بولمايدۇ، ئۇنىڭغا جامائەتنىڭ ئىلىم ئەخلاقى، غۇرۇر ھاۋاسىمۇ ئىنتايىن مۇھىم. شۇڭا، ئەدەبىي تەنقىدنىڭ خالىسلىقى، نوپۇز سۈرۈشتۈرمەسلىكى، رەھىمسىزلىكى ۋە ئۆتكۈرلۈكى جامائەت ئەخلاقى تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنىشى، نەشر ئەپكارلىرى ئەدەبىي تەنقىدنىڭ كەم بولسا بولمايدىغانلىقىنى ھەقىقىي رەۋىشتە تونۇپ يېتىشى كېرەك.

ھازىرقى ئەدەبىي تەنقىدچىلىك ۋە ئەدەبىيات تەتقىقاتى ساھەلىرىمىزنىڭ نەزەرىيە ئاساسى ناھايىتى ئاجىز. پەلسەپە، ئېستېتىكا، مەدەنىيەت، دىن،

www.uyghurkitap.com

جەمئىيەتشۇناسلىق، قانۇنشۇناسلىق قاتارلىق ئىجتىمائىي پەن ساھەلىرىدە خەلقئارادا بارلىققا كەلگەن زور تەسىرگە ئىگە ئەسەرلەر ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنمىدى ياكى ئۇيغۇر تىلىدا تونۇشتۇرۇلمىدى. گەرچە بىر تۈركۈم ئىلىم ساھىبلىرى خەنزۇ تىلى ۋە چەت ئەل تىللىرى ۋاستىسىدە ئىلىم دۇنياسىدىكى يېڭى يۈزلىنىشلەردىن خەۋەردار بولسىمۇ، بۇ تەرەپلەردىكى بۇرۇلۇش خاراكتېرلىك ئىدىيەلەر، يېڭى ئۇقۇم، يېڭى مېتودلار ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ ئېھتىياجى بويىچە ئۆزلەشتۈرۈلگەن بىلىمگە ئايلىنىپ بولالمىدى. بۇنداق ئەھۋال ئاستىدا ئەدەبىيات تەتقىقاتچىلىرىنىڭ يېڭى نەزەرىيەنى تونۇشتۇرۇپ، ئومۇملاشتۇرۇش جەھەتتە ئوينىغان رولى ناھايىتى چەكلىك بولدى، ئەدەبىياتنىڭ ئىككىنچى، ئۈچىنچى سېپى سۈپىتىدىكى قەلەم كۈچلىرى يېڭى يۈزلىنىشلەردىن ئوزۇق ئالالمايدۇ، نەتىجىدە، يېڭى نەزەرىيەۋى ئېقىملار مىللەتنىڭ ئاساسلىق كۈلتۈرىنىڭ ئورگانىك تەركىبىگە ئايلانمايدۇ، بىرىنچى سەپتىكى زىيالىيلار مەدرىسەچى (学院派) بىلىم ئادەملىرى سۈپىتىدە چەكلىنىپ ئاممىۋى تەسىر يارىتالمايدۇ. شۇڭا، نەشر ئەپكارلىرىمىز دۇنيا ئىلىم ساھەسىدىكى نوپۇزلۇق ئىلمىي ئەسەرلەرنى پىلانلىق، مەقسەتلىك ھالدا سىستېمىلىق تەرجىمە قىلىشنى مۇھىم خىزمەتلەر قاتارىغا قويۇش كېرەك. ئۇيغۇر مەدەنىيەت كونتېكستى (维吾尔文化语境) گە كىرگەن دۇنياۋى ئالدىنقى قاتاردىكى ئەسەرلەر تەدرىجىي ھالدا ئۇيغۇر تەپەككۇر خەزىنىسىنىڭ بايلىقىغا ئايلىنىپ، سەنئەت، مەدەنىيەت، مائارىپ ساھەسىدىكى تۈرتكىلىك رولىنى ئوينايدۇ. بۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، تەتقىقاتچىلار ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ ئېستېتىكا قاتلىمىنى يېرىپ، ئۇنىڭدىكى ئەدەبىيات نەزەرىيە ئۆرنەكلىرىنى تېپىپ چىقىشى لازىم. ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى ئۆزىگە خاس تەرەققىيات جەريانىدا دۇنيانى كۆزىتىش، چۈشىنىش، ھېس قىلىش، ئىپادىلەش جەھەتتە مىللىي ئالاھىدىلىككە ۋە خاسلىققا ئىگە نۇرغۇن ئېستېتىك كاتېگورىيە، ئۇقۇم ۋە ئۇسۇللارنى ياراتتى. بىز مۇشۇ ئۆزگىچىلىكلەرنى بايقاپ چىقىپ، ئىلمىي نۇقتىدىن تەكشۈرۈپ ۋە ئانالىز قىلىپ، ئىندوكسىيەلەش (ئومۇملاشتۇرۇش) ئارقىلىق بىر پۈتۈن سىستېما ھالىتىگە كەلتۈرۈشىمىز، ئۇنىڭدىكى گېپ بىلەن سىرتتىن كىرگەن تەسىرلەرنى ئىجادىي بىرىكتۈرۈپ، يېڭىلىقلارنى يارىتىشىمىز كېرەك. مانا بۇ كونا بىلەن يېڭىنى، چەت ئەلنىڭكى بىلەن ئۆزىمىزنىڭكىنى بىرلەشتۈرۈش پرىنسىپىدۇر. گەرچە بۇ خىزمەتلەرنىڭ قىيىنلىق دەرىجىسى يۇقىرى بولسىمۇ قەدەممۇ قەدەم، باسقۇچمۇ باسقۇچ سىجىل ئېلىپ بارماي بولمايدۇ. مۇشۇ خىزمەتلەرنى قىلىش جەريانىدا ئۇيغۇر ئىجتىمائىي پەنلەر ساھەسىدە، جۈملىدىن ئۇيغۇر ئەدەبىي تەنقىدچىلىكى ۋە ئەدەبىيات تەتقىقاتىدا بىر تۈركۈم يادرولۇق كۈچ ھاسىل بولىدۇ. يادرو كىچىك بولىدۇ. ئەمما، ئۆزىدىن چوڭ دائىرىگە تەسىر كۆرسىتەلەيدۇ. شۇڭلاشقا بىز سانى ئاز بولسىمۇ ھەر قايسى ساھەلەر بويىچە يادرولۇق بىلىم كۈچىنى يېتىلدۈرۈشىمىز زۆرۈر.

## ئىزاھات

[1] ئازاد رەھمىتۇللا سۇلتان: «شىنجاڭ ئازسانلىق مىللەتلەر ئەدەبىياتىنىڭ ئەللىك يىلى»، جۇڭگو مىللەتلەر ئەدەبىياتى تورى (خەنزۇچە)

[2] رېن ۋېلىك: «يېقىنقى زامان ئەدەبىي تەنقىدچىلىك تارىخى» 3 ـ توم، شاڭخەي تەرجىمە نەشرىياتى. 2009 ـ يىل (خەنزۇچە) 328 ـ بەت.

[3] رامان سەلدىن قاتارلىقلار: «چاغداش ئەدەبىيات نەزەرىيەسى ئوقۇشلۇقى»، بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 2006 ـ يىل (خەنزۇچە) 101 ـ، 102 ـ بەتلەر

[4] ئاۋامچىلىق ( Populism) ــــ بىر خىل سىياسىي پەلسەپىۋى ئاتالغۇ بولۇپ، ئادەتتىكى پۇقرالارنى سەرخىللارنىڭ كونتروللىدىن قۇتۇلدۇرۇپ، پۈتۈن پۇقرالارنىڭ ئومۇميۈزلۈك ھەقىقىي بەخت ـ سائادىتىنى كۆزلەشنى مەقسەت قىلىدىغان ھەرىكەت ۋە ئىدىيەنى بىلدۈرىدۇ. (بەيدۇ تورى)

[5] «زىنا ئالدىدا ئولتۇرغان قىز»، «كاۋاپچىنىڭ چىرايلىق خوتۇنى» ناملىق رومانلار چاتما ھالدا توردا ئېلان قىلىنىپ، يۈز مىڭلىغان ئادەم قېتىم ئوقۇلغان.

[6] رېن ۋېلېك، ئوستىن ۋارېن: «ئەدەبىيات نەزەرىيەسى»، جياڭسۇ مائارىپ نەشرىياتى، 2005 ـ يىلى (خەنزۇچە) 39 ـ بەت.

[7] يۇقىرىقى كىتاب، 33 ـ بەت

[8] ۋاڭ شيەنپېي، ۋاڭ يوپېڭ تۈزگەن: «ئەدەبىيات نەزەرىيەسى، تەنقىد ئاتالغۇلىرى»، ئالىي مائارىپ نەشرىياتى، 2009 ـ يىلى (خەنزۇچە) 185 ـ بەت.

[9] لى جيەنجۈن: «ئەدەبىيات نېمىشقا ئۆلۈغ»، خۇاشيا نەشرىياتى، 2010 ـ يىلى (خەنزۇچە) 170 ـ بەت.

---

ئاپتور: شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى ئەدەبىيات ئىنستىتۇتىنىڭ پروفېسسورى



# ئەدىبلەر نېمە ئۈچۈن پۇشايمان قىلىدۇ

**يالقۇن روزى**

قەدىمكى زاماندا ئۆتكەن مەشھۇر پەيلاسوپ سوقرات «ھەقىقەتنى بىر ئادەم سۆزلەيدۇ، پىتنە-پاساتنى مىڭ ئادەم سۆزلەيدۇ» دېگەن ئىكەن. ھەقىقەتنىڭ نوپۇزىنى قوغداش مەيدانىدا مۇستەھكەم تۇرۇپ دارغا ئېسىلغان سوقرات ئۆز زامانداشلىرى ئىچىدە ھەقىقەتنى سۆزلىگەن ساناقلىقلا كىشىلەرنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئافىنا سوتىدا سۆزلىگەن چاغدىكى جاراڭلىق ئاۋازى تاكى ھازىرغىچە ياڭراپ تالاي كىشىلەرنىڭ قەلبىنى لەرزىگە سالماقتا. ئەلۋەتتە، ھەقىقەتلا ئىجازەتسىز ساياھەت قىلىدىغان قۇدرەتلىك كۈچكە ئىگە.

مەن ئەدەبىيات كوچىسىغا ئىشتىياق باغلىغاندىن بۇيان ئوقۇغان ئەسەرلىرىمدە ئەدىبلەرنىڭ ھەقىقەت قارىشىغا ۋە ئىدىيەۋى مەۋقەسىگە بەكرەك دىققەت قىلىپ كەلدىم. ئادەتتە ئەدەبىيات تارىخىدا ساختىلىقنى چىنلىق، رەزىللىكنى گۈزەللىك، قەبىھلىكنى مېھرىبانلىق دەپ چۈشىنىدىغان ياكى ئۇلارنىڭ پەرقىنى مۇجمەل تونۇيدىغان ئەدىبلەر كۆپ ئۆتكەن. شۇڭا، نۇرغۇن ئەدىبلەرنىڭ يازغانلىرى تارىخنىڭ سىنىقىدىن ئۆتەلمەي، دەۋر شاماللىرىدا توزۇپ تۈگىگەن. بىز ئىنسانىيەتنىڭ ئەدەبىيات تارىخىغا ھەقىقەت نەزىرى بىلەن قارايدىغان بولساق، ھەرخىل مەۋقەدىكى ئەدىبلەرنى، يەنى ھەقىقەت ئۈستىدە تىنىمسىز ئىزدەنگەن ئىزدىنىش روھىغا باي، پاراسەتلىك ئەدىبلەرنى؛ ھەقىقەت مەيدانىدا تەۋرەنمەي تۇرالىغان جاسارەتلىك ئەدىبلەرنى؛ ھەقىقەت ئۈچۈن بارلىقىنى بېغىشلاپ تىللاردا داستان بولغان ئوت يۈرەك ئەدىبلەرنى؛ ھەقىقەتتىن بىخەۋەر ھالدا ياشاپ ئۆتكەن ئالجوقا ئەدىبلەرنى؛ ھەقىقەتنى تونۇغان ئەمما ئۇنىڭغا يېقىنلىشىشقا جۈرئەت قىلالمىغان توخۇ يۈرەك ئەدىبلەرنى؛ ھەقىقەتنى قوغداشقا ھەر قاچان تەييار تۇرغان پىداكار ئەدىبلەرنى، بىر ئۆمۈر ھەقىقەتنى سېتىپ خەجلەپ ئادەتلەنگەن «ھايانكەش» ئەدىبلەرنى... كۆرىمىز.

ھەر قايسى ئەل ئەدەبىياتىنىڭ ئاسمىنىدا نۇرانە يۇلتۇزلاردەك چاراقلاپ، ئۆزىگە تىكىلگەن جۈپ-جۈپ كۆزلەرنى قاماشتۇرۇۋېتىدىغان ئەدىبلەر دەل تارىخنىڭ رەھىمسىزلىك بىلەن تاسقاشلىرىدىن بىر-بىرلەپ ئۆتۈپ، جاھان ئەھلىنىڭ ئورتاق ئېتىراپىغا ئېرىشكەن ئەدىبلەردۇر. بىلىش قانۇنىيىتى بويىچە ئېيتقاندا، بىر ئادەمنىڭ تونۇشى تەدرىجىي چوڭقۇرلىشىش جەريانىنى بېسىپ ئۆتىدىغانلىقى تەبىئىي ئەھۋال. بىز ھەر قانداق ئەدىبنىڭ ھەقىقەتنى بىلىش جەريانىنى مۇشۇ قانۇنىيەت بويىچە كۆزىتىمىز. مۇشۇنداق ئىلمىي پوزىتسىيە بويىچە قارىغاندا دىققىتىمىزنى ئالاھىدە تارتىدىغىنى ئۆزىنىڭ ئىجادىيەت ھاياتىدىن، ئېنىقراق ئېيتقاندا ھەقىقەت قارىشىدىن پۇشايمان خاراكتېرلىك خۇلاسە چىقارغان بىر قىسىم ئەدىبلەردۇر. پۈتكۈل ئىنسانلارنىڭ بىلىشلىرى جەريانىدا، بىر ئادەمنىڭ بارلىق بىلىشلىرى جەريانىدا،

www.uyghurkitap.com

سۇبيېكتىپ بىلەن ئوبيېكتىپنىڭ تامامەن ماس، بىردەك بولۇشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش مۇمكىن ئەمەس. سەپسەتىدىن قۇتۇلماق تەس. لاتىنلارنىڭ «خاتالاشمايدىغان ئادەم يوق، خاتالىقىدا چىڭ تۇرۇۋېلىش كالۋالىق، ئاقىللار خاتالاشمايدىغانلار ئەمەس، بەلكى خاتالاشسا شۇئان تۈزىتىدىغانلاردۇر» دەيدىغان ھېكمەتلىك سۆزى بار. بىر ئەدىبكە نىسبەتەن ئېيتقاندا ئىلگىرىكى ئىجادىيەت يولىدىن پۇشايمان قىلىش قارىماققا كىشىنى ئۆكۈندۈرىدۇ، ئەمما چوڭقۇرراق كۆزەتسەك، پۇشايمانلىق تەپەككۇر قىلىش مەزكۇر كىشىنىڭ ئىدىيەۋى تونۇشىدا، قىممەت قارىشىدا تۈپتىن بۇرۇلۇش بولغاندا، ھەقىقەتنى يېڭىباشتىن چوڭقۇر چۈشىنىپ يەتكەندە كۆرۈلىدىغان ئەجابىي سۈپەت ئىكەنلىكىنى بايقايمىز. بىر ئۆمۈر ھەقىقەتنى تونۇش، چۈشىنىش بەختىگە مۇيەسسەر بولالماي ئۆتۈپ كەتكەن ۋە ئۆتۈپ كېتىۋاتقان ئەدىبلەرگە سېلىشتۇرغاندا ھەقىقەت ئىزدەپ ۋە ھەقىقەتنى چۈشىنىپ ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىش بىر ئەدىب ئۈچۈن بەخت ھەم يۇقىرى مەنىۋى ساپا ھېسابلىنىدۇ، ئەلۋەتتە. ئۆزىنىڭ ئىجادىيەت ھاياتىدىن پۇشايمان خاراكتېرلىك خۇلاسە چىقارغان بۇ خىلدىكى ئەدىبلەر بىزنىڭ مىللىي ئەدەبىيات تارىخىمىزدىمۇ بار. مەن 1980 ـ يىللاردىن بۇيان ئۆز ئەدىبلىرىمىزنىڭ ھەقىقەت قارىشىغا، يەنى ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىدە ئەكس ئەتكەن چىنلىققا، ئۇلارنىڭ ھەقىقەتنى سۆزلەش جاسارىتىگە ۋە ھەقىقەت ئىزدەش قىزغىنلىقىغا، قىسقىسى، خەلقىمىزنىڭ تارىخي كەچۈرمىشى ۋە ئىجتىمائىي رېئاللىقىغا مۇناسىۋەتلىك ھەقىقەت مەسلىسىدىكى مەيدانىغا بەكرەك دىققەت قىلىپ كەلدىم. ئۇلارنىڭ قەلبىدە ھەقىقەت بولسىلا، قەلىمىدە ئەكس ئەتمەي قالمايتتى. شۇڭا ئۇلارنىڭ سۆز ـ جۈملىلىرى ئارىسىدا، مىسرا ـ كۇپلېتلىرىنىڭ قات ـ قاتلىرىدا ھەقىقەت دۇردانىلىرىنىڭ بار ـ يوقلۇقىنى بەكرەك زېھنىم قويدۇم. شۇ جەرياندا بىر قىسىم ئەدىبلىرىمىزنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ئىجادىيەت مۇددىئاسى ۋە مەۋقەسىدىن پۇشايمان خاراكتېرلىك خۇلاسە چىقارغانلىقىنى ھېس قىلدىم. شۇ يېرى دىققەتكە سازاۋەركى، ئۇلار بۇ خىلدىكى ئەسەرلىرىنى 55 تىن كېيىنكى ياش باسقۇچىدا يازغانىدى. ئومۇمىي مەنىدىن ئېيتقاندا، قەلەمكەشلەرنىڭ ئۆمۈرلۈك ئىجادىيەت مۇددىئاسى ۋە مەۋقەسىدە بۇرۇلۇش ياسىشى، شۈبھىسىزكى، مەزكۇر ئەدىبنىڭ ئىجادىيەت ھاياتىغا ئالاھىدە قىممەت بېغىشلايدۇ.

20 ـ ئەسىر ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىدا ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان، ئەمما، ئاخىرقى ھېسابتا ئۆزىنىڭ ھەقىقەت قارىشىنى چىن مەنىسى بىلەن يېڭىلاپ ئۆزىنىڭ ئىجادىيەت ھاياتىدىن پۇشايمان خاراكتېرلىك خۇلاسە چىقارغان ئەدىبلەر ئانچە كۆپ ئەمەس. ئەسلىدىنلا ھەقىقەتكە بولغان ھېرىسمەنلىك ھېسسىياتى يوق، ھەقىقەت ئۈستىدە ئىزدىنىشنى ئادەت قىلمىغان ئەدىبلەر نېمە يېزىشىدىن قەتئىينەزەر ھەقىقەت بىلەن مۇناسىۋەتسىز ھالدا قايسى كوچىنىڭ يېشىل چىرىغى يېقىلسا نىشانىنى شۇ ياققا بۇراپ، ئاغزىغا نېمە كەلسە، شۇنى يېزىپ ياشاپ كېتىۋېرىدۇ. ئەمما، ھەقىقەتكە ھېرىسمەن، ھەر ۋاقىت ھەقىقەتنى تېپىشنىڭ، ئۇنى تۈرلۈك يوللار ئارقىلىق ئىپادىلەشنىڭ كويىدا بولغان ئەدىبلەر ھەقىقەتنى تاپقان ياكى يېڭىۋاشتىن تونۇغان چېغىدا ئىدىيەدە تامامەن «قاسراق» تاشلاپ، يېپيېڭى قىياپەت بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. بۇ خىلدىكى ئەدىبلىرىمىزدىن ھازىرچە مېنىڭ بىلىدىغانلىرىمدىن نىمشېھىت، ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر، ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن، روزى سايىت قاتارلىقلار بار.

شائىر نىمشېھىت 1971 ـ يىلى ئاۋغۇستتا ئانا يۇرتى بايدا ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا ناھايىتى قىيىن كۈنلەرنى باشتىن كەچۈرۈۋاتقان چاغلىرىدا «پېقىرنىڭ ئىقرارى» ناملىق ئېسىل شېئىرىنى يېزىپ ئۆزىنىڭ ئىجتىمائىي ھەقىقەتنى تامامەن خاتا چۈشىنىپ كەلگەن پۇشايمىنىنى چوڭقۇر نادامەت بىلەن ئەكس ئەتتۈرگەن. شائىر ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر 1981 ـ يىلى يېشى 58 گە ئۇلاشقاندا «ھىدايەتنامە» (يەنە بىر ئىسمى «ئۆمۈر ھەققىدە مۇخەممەس») ناملىق نادىر شېئىرىنى ئىجاد قىلىپ ئەڭ تۈپ ھايات ھەقىقتىنى خاتا چۈشىنىپ ياشاپ كەلگەنلىكىنى تەن ئالغان. شائىر بۇ بىر پۈتۈن شېئىرىنى «ئۆمۈر مەنزىلىدە تاپتىم ناھايەت شۇ ھەقىقەتنى» دېگەن مىسرا بىلەن ئاخىرلاشتۇرۇپ، ئۆزىنىڭ ساماۋى ھەقىقەتنى يېڭىباشتىن، چىن مەنىسى بىلەن تونۇپ يەتكەنلىكىنى ئىپادىلىگەن. ئالىم ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن 1993 ـ يىلى يېشىنىڭ 60قا تولغانلىقى مۇناسىۋىتى بىلەن يازغان كاتتا ئەسىرى ـــ «ئۆمۈر تەلقىنلىرى»دە ئۆزىنىڭ 60 ياشتا مېتافىزىكىلىق ھەقىقەتنى چوڭقۇر چۈشىنىپ ئارىف بولغانلىقىنى يەنى ئويغانغانلىقىنى ئىقرار قىلغان. ئۇنىڭ «ئارىف» لىقىنىڭ مەنىسى تېخىمۇ كەڭ ھەقىقەت مەزمۇنىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. ئۇ ئۆزىنىڭ مەنىۋى

مۇساپىسىدە روشەن هالدا ئويغانغانلىقى مۇناسىۋىتى بىلەن تېخىمۇ مەنىلىك قىلىپ، «ئاتمىش ياشتىمۇ غەپلەتتە قالغان كىشىنى زېمىن لەرزىسى بىلەن تەقدىر زىلزىلىلىرىمۇ ئويغىتالمايدۇ» دەپ ئېيتقان. شائىر روزى سايىت 1998- يىلى 55 يېشىدا يازغان «بېغىشلىما» ناملىق شېئىرىدا ئۆزىنىڭ رېئال دۇنياغا مۇناسىۋەتلىك ھەقىقەتنى خاتا تونۇغانلىقىنى ھەم ئىلگىرىكى خاتا ئىجادىيەت مۇددىئاسى ھەققىدىكى پۇشايمانلىق ھېسسىياتىنى ناھايىتى دادىل ھالدا مۇنداق ئىپادىلىگەن:

قەلىمىنى ھەر مۇقامغا يورغىلاتتىم، مېلىڭە قويماي،
تېرىقنى «تاغ» قىلىپ يازدىم، غولاچنى «بىر ئىلىك» قىلدىم.
تېخى «ئايغىر غۇنانلايتۇ، — دېدىم، قۇملار چېچەكلەيتۇ...»
دېمەك ئىلھامنى يالغاننىڭ چىراغىغا پىلىك قىلدىم.
يېشىم ئەللىكتىن ئاشقاندا، دېدىم، بەس! ھەقنى سۆزلەيمەن،
ئۆزۈمنى زاتى مەنسۇردەك كۆلاھۇ جەندىلىك قىلدىم.
بىلىڭلار ئۇشبۇ يازمادىن مېنىڭ ھالىمنى ئوغلانلار،
كېتەرمەن بىشەجەل، مېلى، ئاۋامنى خەندىلىك قىلدىم!...

دېمەك، بىزنىڭ 20- ئەسىر ئەدەبىيات تارىخىمىزدا ھەقىقەت ئۈستىدە قايتا ئويلىنىش، رېئاللىقنى يېڭىباشتىن تونۇش ئارقىلىق ھەق- ناھەقنى ئېنىق ئايرىغان، شۇنداقلا ئۆزلىرىنىڭ ھەقىقەت قارىشىدىكى بۇ خىل روشەن ئۆزگىرىشنى مەردانە ھالدا قەغەز يۈزىدە تەن ئالغان ئەدىبلىرىمىز مېنىڭ بىلىشىمچە يۇقىرىقى تۆت زات.

شەرقنىڭ مۇتەپەككۇرى كۆكزى «يېشىم 60 قا يەتكەندە، باشقىلارنىڭ سۆزىنىڭ ھەق - ناھەق ئىكەنلىكىنى شۇئان ئايرىۋالىدىغان بولدۇم» دېگەن ئىكەن. بەلكىم 60 ياش ھەقىقەتنى تونۇش يېشى دەپ قارالسا كېرەك. ياش 60 ياشقا ئۇلاشماي تۇرۇپ ھەقىقەتنى تونۇغىلى، چوڭقۇر چۈشەنگىلى بولمايدۇ دەپ كېسىپ ئېيتقىلىمۇ بولمايدۇ، ئەلۋەتتە. چۈنكى ھەقىقەتنى تونۇش مەسىلىسى ھە دېگەندىلا ياشقا باغلىق بولۇۋەرمەيدۇ. ئىنسانىيەتنىڭ تەپەككۇر تارىخىدا ياش، قىران چاغلىرىدىلا ھەقىقەتنى ئاجايىپ ئېنىق تونۇغان، چوڭقۇر چۈشەنگەن تالاي ئەدىبلەر ئۆتكەن.

ھەقىقەت دېگەن نېمە؟ دېگەن بۇ مەسىلىگە مۇتەپەككۇرلار مۇنداق ئۈچ جەھەتتىن ئېنىقلىما بېرىشتى: ھەقىقەت — مۇقەررەر قانۇنىيەت. ھەقىقەت— لوگىكا. ھەقىقەت—ئىنسانىيەت ئەقىل- پاراسىتىنىڭ مەنبەسى. بۇ يەردىكى مۇقەررەر قانۇنىيەت تۈرلۈك- تۈمەن شەيئىلەردىكى مۇقەررەر قانۇنىيەتنى، لوگىكا بولسا تەپەككۇرنىڭ لوگىكىلىقىنى كۆرسىتىدۇ، ئەقىل- پاراسەتنىڭ مەنبەسى— مەڭگۈلۈك «ساماۋى ئەقىل»نى كۆرسىتىدۇ. بىر ئېغىز سۆزگە يىغىنچاقلىغاندا، پىكىر چىن بولسا يەنى پىكىر بىلەن رېئاللىق بىردەك بولسا، مانا بۇ ھەقىقەت بولىدۇ. ئادەتتە چىنلىق، ياخشىلىق، گۈزەللىك ھەقىقەتنىڭ ئۆلچىمى سۈپىتىدە تەكىتلىنىدۇ. لوگىكا چىنلىقنى، سەنئەت گۈزەللىكنى، ئېتىكا ياخشىلىقنى تۈپ مەقسەت قىلىدۇ. ھەقىقەت سۇبيېكتىپنىڭ ئوبيېكتىپ شەيئى ۋە ئۇنىڭ قانۇنىيەتلىرىنى توغرا ئىنكاس قىلىشى بولۇپ، سۇبيېكتىپ بىلەن ئوبيېكتىپنىڭ ماسلىقى، بىردەكلىكىنى ئىپادىلەيدۇ. سەپسەتە ئوبيېكتىپ شەيئى ۋە ئۇنىڭ قانۇنىيەتلىرىنىڭ بۇرمىلانغان ئىنكاسى بولۇپ، سۇبيېكتىپ بىلەن ئوبيېكتىپنىڭ بىر - بىرىدىن يىراقلىشىشى، بۆلۈنۈشىنى ئىپادىلەيدۇ. مۇئەييەن دائىرىدە، مۇئەييەن ئوبيېكتىپ شەيئىگە قارىتا، ھەقىقەت ھامان ھەقىقەت، سەپسەتە ھامان سەپسەتە، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا ماھىيەتلىك پەرق بار. لېكىن، پەلسەپە نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا ھەقىقەت بىلەن سەپسەتە بىر- بىرىگە تايىنىپ مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. ئۇلارنىڭ مەۋجۇتلۇقى بىر- بىرىنى ئالدىنقى شەرت قىلىدۇ. ھەقىقەت بولمىسا، سەپسەتە بولمايدۇ؛ سەپسەتە بولمىسا، ھەقىقەتمۇ نامايان بولمايدۇ. مۇتەپەككۇر ئالىم ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن «يوقلۇق بارلىقنىڭ ئەڭ نوپۇزلۇق باھالىغۇچىسى» دېگەنىدى. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا يالغاننىڭ مەنىسىنى تەكشۈرۈپ چىقىش ھەقىقەتنىڭ مەنىسىنى چۈشىنىۋېلىشىمىزغا ياردەم بېرىدۇ.

20- ئەسىر ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىدا جەدىتچىلىك بايرىقىنى كۆتۈرۈپ مىللىي ئويغىنىش ھەرىكىتىنى قوزغىغان مۇتەپەككۇر ئىسلاھاتچى ئابدۇقادىر داموللام 1910- يىللارنىڭ بېشىدا يازغان «نەسىھەتى ئامما» ناملىق ئەسىرىدە «بۇ زامان غەپلەت ۋە بىپەرۋالىق زامانى ئەمەس، ئويغىنىش ۋە سەزگۈرلۈك زاماندۇر! جاھىللىق ۋە نادانلىق دەۋرى ئەمەس، ئىلىم- مەرىپەت دەۋرىدۇر. سۇسلۇق ۋە بىكارلىق ۋاقتى ئەمەس، تىرىشىش ۋە غەيرەت ۋاقتىدۇر. باشقا مىللەتلەر ئىلىم ۋە مەرىپەت سايىسىدا ھاۋادا ئۇچۇپ پەرۋاز قىلماقتا، سۇ ئاستىدا بولسا خۇددى قۇرۇقلۇقتا يۈرگەندەك ئەركىن ئۈزۈشمەكتە. بىز تېخى غەپلەت ئۇيقۇسىدا ياتماقتىمىز. ئۇيقۇ

www.uyghurkitap.com

ئۆلۈمنىڭ بۇرادىرى ۋە مۇقەددىمىسىدۇر. بۇ ھالەتتە دائىم ئۇخلىماق يوقلىش ۋە ئۆلۈم يولىدۇر! ھېلىھەم ۋاقىت ۋە پۇرسەت بار!» دەپ چۇقان سالغان. ئۆزىنى «كۆكتە يۇلتۇزلار يانار، يەردە پەقەت شائىر يانار...» دەپ خاراكتېرلىگەن ئوت يۈرەك شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇرمۇ 1930 ـ يىللىرىنىڭ بېشىدا يازغان بىر شېئىرىدا نادانلىقىمىز، بىپەرۋالىقىمىزغا قاتتىق ئېچىنىپ:

كېلدۇ بىر كۈن بۇشايمان قىلىسىن،
تىكتىگە گىرىنىڭ شۇ چاغدا يېتىسىن.
«خەيىر» دېسەڭ ئۇ چاغدا ئۆلگۈرمىي قالۇر،
شۇندا ئۇيغۇر سۆزىگە تىن بېرىسىن!

دەپ كېسىپ ئېيتقان. بىز ئابدۇقادىر داموللام بىلەن ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ بۇ خىتابلىرىدا ئەكس ئەتكەن تارىخىي ھەقىقەتكە گۇمان بىلەن قارىيالايمىزمۇ؟ ئەقىل كۆزى روشەن بۇ ئىككى ئەدىبنىڭ دانا ھۆكمى ئىجتىمائىي رېئاللىق ئۆز ئىچىگە ئالغان مۇقەررەر يۈزلىنىشنى چوڭقۇر كۆزىتىش ۋە چۈشىنىش ئارقىلىق يەكۈنلىگەن لوگىكىلىق تەپەككۇرى ئەمەسمۇ؟ ئۇلار نېمە ئۈچۈن زاماندىشلىرىغا قارىغاندا شۇنچە چوڭقۇر ھەم دانا ئويلىيالىغان؟ بۇ يەردىكى روشەن سەۋەب شۇكى: ئۇلار ئۆزلىرىنى مەۋجۇت كىرىزىسنىڭ ئالدىغا قويۇپ، ئۇنىڭغا دادىل يۈزلىنىپ ۋە ئۇنى چوڭقۇر چۈشىنىپ تەپەككۇر قىلغاچقا ھەقىقەت ھېسابلىنىدىغان پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويالىغان. كىرىزىس ئېڭى يوق ئادەمنىڭ ھەقىقەت بىلەن بولغان ئارىلىقى تولىمۇ يىراق بولىدۇ.

بىلىشىمىز كېرەككى، ساماۋى ھەقىقەتتىن تاشقىرى ھەرقانداق ھەقىقەت مۇتلەق بولمايدۇ. شۇڭا، ھەربىر شەخس، ھەربىر قوۋمنىڭ ئۆزلىرىنىڭ تارىخىي كەچۈرمىشلىرىگە، ئىجتىمائىي ئەھۋالىغا يارىشا تۈرلۈك غايە ـ مەقسەدلىرى بولىدۇ. ئاشۇ غايە ـ مەقسەد ئۇلارنىڭ نەزىرىدىكى ھەقىقەت مەسىلىگە تۇتاشقان بولىدۇ. بۇ ھەقىقەت مەسىلىنى ھەربىر كىشىنىڭ پەرق ئېتىش ئىقتىدارى، چۈشىنىش قابىلىيىتى ئوخشاش بولمايدۇ. بۇنىڭغا تۇتقان پوزىتسىيەسىمۇ ھەرخىل بولىدۇ. ھەقىقەت مەسىلىنى دەس كۆتۈرۈپ ئۆز خەلقىنىڭ ھايات يولىغا نۇرانە شولا چۈشۈرۈپ ياشاش كويىدا كۈرەش قىلىدىغانلارمۇ بولىدۇ. ھەقىقەت مەسىلىنى ئۆچۈرۈپ تاشلاش ھەلەكچىلىكىدە ئۆمۈر بويى بىر جاۋۇر يۈندىنى كۆتۈرۈپ يۈرىدىغان ناكەسلەرمۇ بولىدۇ. ھەقىقەت نېمە؟ سەپسەتە نېمە؟ پەرۋايى پەلەك ھالدا بىر ئۆمۈر ئاشقازىنىنىڭ غېمىنى يەيدىغان، ئارستوتېل ئېيتقاندەك ياشاش ئۈچۈن ئەمەس، يېيىش ئۈچۈن ياشايدىغان ئەرزىمەس كىشىلەرمۇ بولىدۇ.

ئەگەر چىن مەنىسى بىلەن چۈشىنىدىغان بولسا، ئەدىبلەر ھەرگىز ئادەتتىكى كىشىلەر ئەمەس. ئەگەر ئەدىبلەر ئەدىبلىكنى مەسئۇلىيەت دەپ بىلمەي ئابرۇي ـ مەنپەئەت دەپ چۈشىنىدىغان بولسا، تۈپتىن خاتالاشقان بولىدۇ. ئۇنتۇماسلىق كېرەككى، مۇئەييەن دەۋردىكى ئەدىبلەر ئۆز مىللىتىنىڭ روھىيەت دۇنياسىنى ھەقىقەت مەسىلىنىڭ نۇرانە شولىسى بىلەن يورۇتۇش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان بولىدۇ. ئۇلار خەلقىنىڭ يادرولۇق مەنپەئەتىنى ۋە تۈپ قىممەت قارىشىنى چۈشەنگەن، نۆۋەتتىكى مىللىي ئېھتىياجىنى ئۆزىنىڭ مەقسەت ـ مۇددىئاسىغا ئايلاندۇرغان، ئۆز مەسئۇلىيىتىنى ئېنىق تونۇغان، بۇ خىل مەسئۇلىيەتنى ئادا قىلىشتىن ھەرگىز باش تارتمايدىغان بولۇشى كېرەك. ھەربىر دەۋرنىڭ، ھەربىر جەمئىيەتنىڭ ئۆزىگە خاس خاراكتېرى بولىدۇ. ئەدىبلەر دەۋرنىڭ ماھىيىتىنى ئېنىق تونۇشى، جەمئىيەتنىڭ تومۇرىنى ماھىرلىق بىلەن تۇتۇشى لازىم. ئەدىبلەردە دەۋرنىڭ ماھىيىتىنى ئېنىق تونۇيدىغان ئۆتكۈر دىت، جەمئىيەتنىڭ تومۇرىنى تۇتۇش جەھەتتىكى ئالاھىدە سەزگۈرلۈك بولمايدىكەن، ئەل قەلبىنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدىكى دەۋەتنى ھەرگىز ھېس قىلالمايدۇ. ئانا خەلقىنىڭ قەلبىدىكى بىلىنەر ـ بىلىنمەس پىچىرلاشلىرىنى ئاڭلاشقا قادىر بولالمىغان ئەدىب، ئۆزىنىڭ ياشاش مەقسىتىنى مەڭگۈ قىممەتكە ئىگە قىلالمايدۇ. ئۇنداق ئەدىب ئەرزىمەس كويلاردا سوكۇلداپ، سورۇن ـ سەھنىلەردە كاپىلداپ، قۇرۇق شۆھرەت غېرىبى بولۇپ ئۆزىنىمۇ، ئۆزگىلەرنىمۇ ئالداپ ئۆتتۈۋېرىدۇ. ئاخىرقى ھېسابتا تارىخ تەرىپىدىن سۈپۈرۈپ تاشلىنىدىغان ئەخلەت ئەدىبلەر قاتارىدىن ئورۇن ئالىدۇ، خالاس!

ھەقىقىي ئەدىب ھەقىقەتكە ئېتىقاد قىلىش، ھەقىقەتنى ئىزدەش، ھەقىقەتنى سۆزلەش جەھەتتە ئاۋانگارتلىق روھقا ئىگە بولىدۇ. ھەقىقەت ئىزدەش جاسارىتى يوق ئەدىب كىتابخانلارنى بەكلا ئۈمىدسىزلەندۈرىدۇ. مەن بۇنداق ئەدىبلەرنى «ئەخلەت ئەدىبلەر» دەپ ئاتاشنى مۇۋاپىق دەپ قارايمەن. ھەقىقەتنى سەپسەتە بىلەن بىر تەكىيەگە باش قويغۇزۇش مەقسىتىدە نىكاھ ئوقۇپ يۈرگەن ئەدىبلەرنى بولسا، «ئەخمەق ئەدىبلەر» دەپ ئاتاشنى مۇۋاپىق دەپ قارايمەن. ئەلۋەتتە، بۇ ئىككى خىل

ئەدىب مېنىڭ نەزىرىمدە ھەقىقەتنى خالىغان باھادا سېتىپ خەجلەپ ئادەتلىنىپ كەتكەن «ھايانكەش» ئەدىبلەردىن ئەۋزەلرەك. چۈنكى ئۇ ئىككى خىل ئەدىب ھامىنى ھەقىقەت ئالدىدا تىز پۈكۈپ پۇشايمان ياشلىرىنى تۆكۈشى ئېھتىمال. ئەمما، «ھەقىقەت ھايانكەشلىرى»نى قۇتقۇزۇش بەسى مۇشكۇل!

مەن نەزىرىنى ھەقىقەتكە تىككەن، ھەقىقەت ئۈستىدە ئىزدەنگەن، ھەقىقەتكە ئېتىقاد قىلىدىغان، مۇئەييەن ھەقىقەت قارىشىغا ئىگە، ھەقىقەتنى سۆيىدىغان، ھەقىقەتنى ئوخشىمىغان دەرىجىدە بولسىمۇ چۈشەنگەن، ئۇنى ئىپادىلەشكە ئۆزىنى ئاتىغان ئەدىبلەرنى دادىل پىكىرلىك ئەدىبلەر، دانا پىكىرلىك ئەدىبلەر دەپ ئىككى خىلغا ئايرىپ چۈشىنىپ باقتىم. دادىل پىكىرلىك ئەدىبلەر ھەقىقەتنى سۆزلەش جەھەتتىكى جەسۇرلۇقى بىلەن ئوقۇرمەنلەرنىڭ قەلبىنى سۆيۈندۈرىدۇ. ئۇلارنىڭ تەپەككۇرى چوڭقۇر بولمىسىمۇ، پىكىرلىرىنىڭ دادىللىقى بىلەن ئەزىمەت ئەدىبلەردىن ھېسابلىنىدۇ. ئۇلاردا مۇتەپەككۇرلارغا خاس دانا پىكىر، چوڭقۇر بىلىم، ئىلمىي قاراش، مۇكەممەل ئىدىيە بولمىسىمۇ، خەلقنىڭ كۆڭلىدىكىنى دېيەلەيدىغان ئەزىمەتلەرگە خاس يارقىن خاسلىق بار. ئۇلار مۇستەقىل ئىدىيە، يېڭىچە چۈشەنچە، پىشقان قاراشلىرى بىلەن زاماندashلىرىنىڭ ئەقلىنى ئويغىتالمىسىمۇ، مەردانە چۇقان- سادالىرى بىلەن زاماندashلىرىنىڭ قەلبىنى ھاياجانلاندۇرۇپ ھېسسىياتىنى ئۇرغۇتالايدۇ. ھەقىقەتنى سۆيۈش، ھەقىقەت ئۈچۈن كۈرەش قىلىش جەھەتتىكى پىداكارلىقى بىلەن ئۇلار گاھىدا كىشىنىڭ مەستلىكى كەلگۈدەك دەرىجىدە ئاجايىپ كۈچلۈك بولۇپ كېتىدۇ. گاھىدا كىشىنىڭ ئىچى ئاغرىغۇدەك دەرىجىدە ئاجىز ئورۇنغا چۈشۈپ قالىدۇ. ئەمما، ھەرگىز شەرمەندە ئورۇنغا چۈشۈپ قالمايدۇ.

بىر قوۋمنىڭ يادروسىنى تەشكىل قىلغۇچى مۇنەۋۋەر زىيالىيلار توپىغا ھاياتىي كۈچ بېغىشلايدىغان ئېنېرگىيەنى دانا پىكىرلىك، چوڭقۇر بىلىملىك مۇستەقىل ئىدىيەگە ئىگە مۇتەپەككۇر ئەدىبلەر يەتكۈزۈپ بېرىدۇ. بۇ خىل ئەدىبلەر ناھايىتى ساناقلىق بولىدۇ. ئەمما ئۇلارنىڭ تەسىرى بەكمۇ چوڭقۇر ھەم ئۇزاق بولىدۇ. ئۇلارنىڭ پىكىر، ئىدىيەلىرىنى بىر قوۋمنىڭ ئۇگە- ئۇگىلىرىدىن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. بىز يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئۆلمەس ئەسىرى «قۇتادغۇ بىلىك»نىڭ قىممىتىنى ئارىدىن 1000 يىللار ئۆتكەن بۈگۈنكى كۈندە ئىچ- ئىچىمىزدىن قايىل بولغان ھالدا تەن ئالماقتىمىز. ئۇنىڭ قەۋەت- قەۋەتلىرىگە سىڭگەن تەپەككۇر دۇردانىلىرى بىلەن ئىدىيە ئۇچقۇنلىرى كۆز ئالدىمىزدا بىر مۇكەممەل ئىدېئال جەمئىيەتنىڭ مودېلىنى نامايان قىلماقتا. ھەقىقەتەنمۇ بىر مۇتەپەككۇر ئەدىب بىر مىللەتنىڭ تارىخىدا پارلاق ماياكتەك يېنىپ، مىللەت ئەزالىرىنى كېلەچەكتە دۇچ كېلىدىغان ئاپەتلەردىن ئاگاھلاندۇرۇپ، ئۇلار تىرىشسا ئېرىشەلەيدىغان ئامەتلەردىن بېشارەت بېرەلەيدۇ. ئۇلار بۇ خىل رولى ۋە سالاھىيىتى بىلەن مىللەتنىڭ مەنىۋى داھىيلىرىغا ئايلىنىدۇ.

مېنىڭچە دادىل پىكىرلىك ئەزىمەت ئەدىبلەر بىلەن چوڭقۇر پىكىرلىك مۇتەپەككۇر ئەدىبلەرنىڭ كۆڭلەرنىڭ بىرىدە پۇشايمانلىق ھېسسىياتتا ئۆكۈنۈپ ئەسەر يېزىشى كەم كۆرۈلسە كېرەك. سەۋەبى، ئۇلارنىڭ ئۆتكۈر كۆزلىرى يىراق- يىراقلاردا چاقناۋاتقان ھەقىقەت يۇلتۇزلىرىغا ئاداشماي تىكىلگەن، ئۇلارنىڭ بارماقلىرى ھەقىقەت مەشئىلىنىڭ دەستىسىنى باشتىن- ئاخىر بوشاشماي مەھكەم تۇتقان بولىدۇ. ئادەتتە بىز ھەقىقەتنى تونۇش باشقا مەسىلە، بىلىم سەۋىيەسى بىلەن تەپەككۇر قابىلىيىتى باشقا مەسىلە دەپ چۈشىنىمىز. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، ئەدىبلىرىمىز نېمە ئۈچۈن پۇشايمان قىلىدۇ، دېگەن مەسىلىنىڭ ماھىيىتىنى چۈشىنىشكە مەلۇم دەرىجىدە يېقىنلاشقىلى بولىدۇ، دەپ قارايمەن. ئادەتتە، بىلىم قۇرۇلمىسى مۇكەممەل، ئەمما ھەقىقەت ھەققىدىكى تونۇشى مۇجمەل ئالىم -ئادىبلەر ھەممىلا دەۋردە، ھەممىلا جايدا ئۇچرايدۇ. بىر ماقالىمىزنىڭ باش تېما ئېھتىياجىنى چىقىش قىلىپ تۇرۇپ، ئەدىبلەرنىڭ بىلىم -ماھارىتى بىلەن ھەقىقەتنى بىلىشى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتكە نەزەر سالساقمۇ، مۇئەييەن بىلىم -ماھارەت ھازىرلىغان، ئەمما ھەقىقەتتىن يىراق ئەدىبلەرنى خېلى كۆپ كۆرىمىز. بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى: يېزىقچىلىق ئالدى بىلەن بىر خىل ماھارەت. نۇرغۇن ئەدىبلەرنىڭ يېزىقچىلىق ماھارىتى بولسىمۇ، مەتەپەككۇرلۇق سالاھىيىتى ھازىرلانمىغاچقا «سۆز ۋادىسىدا ئېزىقىپ يۈرگۈچىلەر »قاتارىدا كولدۇرلاپ يۈرۈۋېرىدۇ. يەنە بىر قىسىم ئەدىبلەرنىڭ مۇئەييەن بىلىم قۇرۇلمىسى بولسىمۇ، بىلىشى مەقسىتى ئايدىڭ بولمىغاچقا، يەنى كىم ئۈچۈن يېزىش، نېمە ئۈچۈن يېزىش چۈشەنچىسى ئايدىڭ بولمىغاچقا ھەر مۇقامغا يورغىلاپ، ئاخىرقى ھېسابتا مەغلۇبىيەتچىگە ئايلىنىدۇ. شۇڭا، بىر كىشىدە بىلىم ۋە ماھارەتنىڭ بولۇشى ئۇنىڭ ھەقىقەتنى تونۇغانلىقىغا باراۋەر دەپ چۈشىنىشكە ھەرگىز بولمايدۇ.

---

ئاپتور: ئوبزورچى، شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتىنىڭ مۇھەررىرى




## تەپەككۇر دۇردانىلىرى

▲ نومۇس ئېڭى — روھىيەتنىڭ ئىممۇنىتېت كۈچىنى بەلگىلەيدۇ.

▲ مەسئۇلىيەت كرىزىسى — ۋىجدان قەھەتچىلىكىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

▲ قارىغۇلارچە ئۆگىنىش تەپەككۇرنى بارا - بارا قەتل قىلىدۇ. ئىجادچانلىق بولسا تەپەككۇرنى قاناتلاندۇرۇپ، ئەقىل قۇشىنى يۈكسەكلىك كۆكىدە پەرۋاز قىلدۇرىدۇ.

▲ ئىبرەت — «خاتانى ئىلغۇەت!» دېمەكلىكتۇر.

▲ خۇشامەت — «خوش، ئامەت» دېمەكلىكتۇر.

▲ ھاراق — «ھار ھەق» دېمەكلىكتۇر.

▲ بالا — ئانىنىڭ بەختى، ئانا — بالىنىڭ تەختى.

▲ تارىخنىڭ ساۋىقى — كەلگۈسىنىڭ كومپاسىدۇر.

▲ ئىرادە — ئارزۇ ھارۋىسىنى سۆرەيدىغان ئارغىماقتۇر.

▲ ئىرادە ئۆتكىلىدە تېڭىرقىغانلار — بەخت ئالدىدا يېتىرقىغانلاردۇر.

▲ ساداقەت ئۈچۈن ياش تۆكەلىگەنلەر — سۆيگۈ ئۈچۈن قان تۆكەلەيدۇ.

## تەپەككۇر كۆزى

▲ جاھانغا قېيداشقا بولىسمۇ جانغا قېيداشقا بولمايدۇ. جانانغا تېخىمۇ شۇنداق.

▲ پىسخولوگلار — ئىنسان قەلبىنى قېدىرگۈچى ئارخېئولوگلاردۇر.

▲ مەغلۇپ بولغان تۇرۇقلۇق تەجرىبە - ساۋاقنى يەكۈنلىمەسلىك قوش مەغلۇبىيەتتۇر.

— مەمەتجان ئابلا (ئەلپىدا)

---

ئاپتور: شىنجاڭ تېببىي ئۇنىۋېرسىتېتى گېزىتى ئۇيغۇر مۇخبىرلار پونكىتىدىن

## تەپەككۇر كۆزى

▲ كىتابخانىنى توپا بېسىپ تۇرغانلىق شۇ مىللەتنىڭ قەلبىنى توپا باسقان بىلەن باراۋەر.

▲ ئىنسانىنىڭ بۇ دۇنياغا كۆز ئېچىپ ئۇ دۇنياغا كەتكۈچە بولغان ياشاش جەريانى ئىمتىھان جەريانىدۇر.

▲ مال - دۇنيانى كۆزلەپ قۇرۇلغان نىكاھ خازان بولۇش ئالدىدا تۇرغان گۈلگە ئوخشايدۇ. چۈنكى ئۇنىڭدا باھارغا ئىنتىلىشتەك روھ يەنى مۇھەببەت يوق.

— ياسىن نىياز

---

كۇچا ناھىيە ياقا بازار قاراگغو 2 - كەنت 6 - گۇرۇپپىدىن.

## تەپەككۇر تەرمەچىلىرى

▲ ھايات — ئۆزىنى قەدىرلىگەنلەر ئۈچۈن بىباھا،

قەدىرىگە يەتمىگەنلەر ئۈچۈن ئەرزىمەس نەرسە خالاس.

▲ قەرزدار بولۇش نومۇسسىزلىق ئەمەس، قەرزنى قايتۇرماسلىق نومۇسسىزلىق ھېسابلىنىدۇ.

▲ كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى پەرق ئەمەلىيەتتە ناھايىتى كىچىك. تېخى بەزى ئادەملەر مانا شۇ كىچىككىنە پەرقتىن ناھايىتى چوڭ بەختكە ئېرىشىدۇ ۋە بەختسىزلىكنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

▲ يەل بىلەن تولغان تۇلۇم ئادىل تارازىدا تارتىلسا قانچىلىك كەلسۇن؟

▲ ئەگەر نومۇسۇڭغا زىيان يەتمىسۇن دېسەڭ، باشقىلارنىڭ نومۇسىغا قىيا كۆز بىلەن قارىما.

—ئابدۇكېرىم ئەسئەت

ئاپتور: قاراقاش ناھىيە زاۋا يېزىسى 2-ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى.

## تەپەككۇر مېۋىلىرى

▲ چوڭلار كىچىكلەردىن ھايا قىلمىغان يۇرتتا بۇزۇقچىلىق باش كۆتۈرمەي قالمايدۇ.

▲ ئاتا- ئانىلار گەپ- سۆزدە، كىيىنىشتە باللاردىن قاتتىق ھايا قىلغان ئائىلىلەردىن ئەخلاقلىق ھايالىق باللار يېتىشىپ چىقىدۇ.

▲ بالام- بالام دېيىشتىن ئاۋۋال دادام- ئانام دېسەك، ياشانغاندا پەرزەنتلەرنىڭ ئېسىدىن كۆتۈرۈلۈپ قالمايمىز.

▲ ئۆز ئىززىتىڭنى ئۆزۈڭ ياخشى ساقلىيالىساڭ، ئاندىن باشقىلارنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشىسەن.

▲ ئۇخلاشقا قارىغاندا ئويغىنىشقا ۋاقىت كۆپ كېتىدۇ.

▲ ئادەملەرنىڭ تۇرقىنى ئۆزگەرتمەك ئاسان بولغىنى بىلەن قەلبىنى ئۆزگەرتمەك تەستۇر.

▲ كۆرىدىغان كۆز، ئاڭلايدىغان قۇلاق بولغىنى بىلەن تەپەككۇر قىلىدىغان مېڭە بولمىسا بىكار.

▲ دۆلەت ھەر قانچە كۈچلۈك بولسىمۇ ئەمەلدارلار پاك بولمايدىكەن، دۆلەتنىڭ ھالاك بولۇشىنى توسۇۋالغىلى بولمايدۇ.

▲ ياشاش نىشانىڭ پۈتكۈل ئۆمرۈڭدىكى ئىش- ھەرىكىتىڭنى بەلگىلەيدۇ.

▲ دۇنيادا ۋەتەن ئۈچۈن، ئاتا - ئانا ئۈچۈن، پەرزەنت ئۈچۈن تۆلىگەن بەدەل زايا كەتمەيدۇ.

▲ خەلق ماقال - تەمسىللىرىنى تەتقىق قىلىپ،

كۈندىلىك تۇرمۇشۇڭدا ياخشى پايدىلانساڭ، كۆپ باش ئاغرىقىدىن قۇتۇلىسەن.

▲ ھەر ۋاقىت باشقىلارنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپلا كۈنۈپ قالساڭ، كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئەگەشكىلى ئادەم تاپالمىغاندا تېڭىرقاپ قالىسەن.

▲ ھۇرۇننىڭ باھانىسى كۆپ، ئۆي تۇتماس خوتۇننىڭ ئازنىسى كۆپ.

▲ تارازا زالىمنىڭ قولىغا چۈشىدىكەن، ئۇ بىر شەمشەرگە ئايلىنىدۇ.

▲ ئۆزۈڭدىن كۈچلۈكلەر بىلەن دوست بولۇپ قالساڭ، كۆپىنچە ھاللاردا ئۇلارنىڭ دېپىغا ئۇسسۇل ئويناشقا مەجبۇر بولىسەن.

▲ ئىككىلىنىش، دېلىغۇللۇق كۆپ يەردە بىكار تەلەپلىك، يوقسۇزلۇق ئەۋج ئالىدۇ.

▲ قوشناڭ ئوغرى - بۇلاڭچى بولىدىكەن، گېلىڭ ھارامغا يېقىن بولىدۇ.

▲ باشقىلار سېنى يېتىلەپلا يۈرىدىكەن، كۈنلەرنىڭ بىرىدە «قارىغۇ» بولۇپ قالىسەن.

—تۇرامەت مۇھەممەتئىمىن

ئاپتور: گۇما ناھىيە كۆكتېرەك يېزا توغبىشى كەنتىدىن

※ ※ ※

▲ ھېسسىياتقا بېرىلگىنىڭ، ئەقلىنى ھېسسىياتقا قۇل قىلغىنىڭدۇر.

▲ بەزىدە ئىشلىنىۋاتقان كومپيۇتېرنىڭ قانچىنچى ئەۋلاد ئىكەنلىكىنى ئېنىق بىلىدىغانلار تۇرغۇن، ئەمما ئۆز- ئۆزىنىڭ نەچچىنچى ئەۋلاد ئىكەنلىكىنى بىلىدىغانلار قانچىلىك؟

—ئالىمجان خېلىل

شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى قانۇن- ئىقتىساد ئىنستىتۇتى ئىقتىسادشۇناسلىق كەسپى 2007- يىللىق سىنىپ ئوقۇغۇچىسى.

## تۇرمۇش ھاسىلاتلىرى

▲ نەپسىڭنىڭ كۈچەيگەن ۋاقتى ۋىجدانىڭنىڭ سۇسلاشقان ۋاقتىدۇر.

▲ سېغىنىشنىڭ تاتلىقلىقىنى ھىجراندا ئۆتكەنلەردىن سورا.

▲ ھېس قىلىپ يېتەلىسەڭ جان كۆڭۈلدە چېچەكلەيدۇ.

▲ ماددىي ئاچلىق نانغا باشلايدۇ، مەنىۋى ئاچلىق ھاڭغا باشلايدۇ.

▲ بىلىمگە قانائەت قىلغىنىڭ ــ ئۆمۈرگە خىيانەت قىلغىنىڭ.

▲ غەزەپلەنگەندە قىلغان ئىشىڭ بىر بولسا سېنى تونۇتىدۇ، بىر بولسا يوقىتىدۇ.

▲ چىرايىڭغا قاراپ ئىش قىلساڭ، چىنىڭگە قاراپ ئاش يەيسەن.

▲ ئابرۇيى كىيىمگە ئوخشايدۇ، دىققەت قىلمىساڭ داغ چۈشۈرۈۋالىسەن.

▲ مۇھەببەت بېغىنىڭ كىرىش ئىشىكى خۇش پۇراق گۈللۈك، ئايىغى چۆللۈك، چۆللۈكنى قانداق گۈللىتىش بىر جۈپ يۈرەككە باغلىق.

▲ جاپاغا چىداپ ئېگىز تاغدىن ھالقىيالىساڭ، ئاندىن گۈزەل مەنزىرىلەردىن بەھرىمەن بولىسەن.

▲ مۇھەببەت دەسلەپ سەزگۈدە پەيدا بولىدۇ، داۋاملاشتۇرۇلسا يۈرەككە ئۆتىدۇ.

▲ كىشىنى ئەڭ بەخت تۇيغۇسىغا چۆمۈلدۈرىدىغان ياخشىلىق ــ ھېچقانداق غەرەز ئارىلاشمىغان ياخشىلىقتۇر.

▲ ھازىردىن باشلانغان ئىش كېچىكمەيدۇ، ئەتىگە قالغان ئىش تېز پۈتمەيدۇ.

▲ «بېشىڭنى كەم سىيلىسا ماشايىقلىق شۇ» دېگۈچىلەرنىڭ ۋاپادارلىقىدىن گۇمان قىلساڭ بولىدۇ.

ــ ئەمەتجان رىشىت تىكەن

---

ئاپتور: قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ماتېماتىكا فاكۇلتېتى 2008 ـ يىللىق 2 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

※ ※ ※

▲ ئايال كىشى دۇنياغا ئۈچ قېتىم تۆرىلىدۇ: بىرىنچى، دۇنياغا تۇنجى كۆز ئېچىش؛ ئىككىنچى، ياتلىق بولۇش؛ ئۈچىنچى، يېڭى ھاياتنى دۇنياغا كۆز ئاچقۇزۇش.

▲ كىتاب ئوقۇش ئېغىر زېھنىي ئەمگەك، شۇنىڭدەك يەنە كۆڭۈلدىكىدەك ساياھەت.

ــ مۇنىرە ئابدۇللا

---

قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى شۆبە ئوتتۇرا مەكتەپ تولۇق 3 ـ يىللىق 1 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى.

## ئىركەش تىنىقلىرى

▲ باشقىلارنىڭ سېنى كەچۈرۈشى مۇھىم ئەمەس، مۇھىمى ئۆزۈڭنى ئۆزۈڭ كەچۈرەلىشىڭدە.

▲ بىراۋنىڭ گەپ ـ سۆزىگە ئىشىنىشتىن بۇرۇن، ھەرىكىتىنى كۆزىتىپ باق، شۇندىلا پۇشايمان قىلمايسەن.

▲ قانداق بالا تۇغۇش مۇھىم ئەمەس، قانداق تەربىيىلەش مۇھىم.

ــ ئابلەتجان مەمەت (ئىركەش)

---

گۇما ناھىيىلىك ئوتتۇرا دەرىجىلىك كەسپىي مەكتەپ 2 ـ يىللىق كومپيۇتېر سىنىپ ئوقۇغۇچىسى.

## تۇنجى قەدەم

▲ مەغلۇبىيەتتىن قورققان ۋاقتىڭ، غەلىبە ئىشىكىنى ياپقان ۋاقتىڭ.

▲ مۇھەببەتتىكى ئالدىراڭغۇلۇق، ئازابنى چىللاپ ئەكىلىپ، پۇشايمان بىلەن ئۆزىتىپ قويىدۇ.

دوستۇڭنى سىناشتىن بۇرۇن، ئۆزۈڭنى سىنا.

ــ ئادىل ئاتاۋۇللا

---

ئاپتور: ئاقسۇ كەسپىي تېخنىكا ئىنستىتۇتى 2010 ـ يىللىق 10301 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

## تەپەككۇر مېۋىلىرى

▲ «ئوغۇل بالىغا ئامەت ئۈچ قېتىم كېلىدۇ» دېگۈچىلەر بىر بولسا پۇرسەتنى ئۆتكۈزۈۋەتكەنلەر، يەنە بىر بولسا پۇرسەت كۈتۈپ تۇرغانلار.

ــ قۇددۇسجان ساۋۇت

---

ئاپتور: ئاقتۇ ناھىيە ئويتاغ بازار ئويتاغ كەنت 2 ـ مەھەللىدىن

※ ※ ※

▲ قاغىلار نان تاپسا توپلىشىپ يەيدۇ، نادانلار نان تاپسا مۇشتلىشىپ يەيدۇ.

▲ ئەقىللىق ساختىپەز ئادەمدىن، دۆت سەممىي ئادەم مىڭ ياخشىدۇر.

ــ مەمتىمىن كېرەم

---

ئاپتور: ئاقتۇ ناھىيە ئويتاغ بازار ئويتاغ كەنت 2 ـ مەھەللىدىن

▲ ئادەم قانچە ئاجىز بولسا، ئۇنىڭغا كېلىدىغان خېيىم ـ خەتەر شۇنچە كۆپ بولىدۇ.

▲ سېنى ئېگىزگە ئۇچۇرغاندىن قورق، چۈنكى ئۇ ئېگىزگە ئۇچۇرالىغان ئىكەن پەسكىمۇ تاشلىۋېتەلەيدۇ.

▲ بىز باشقىلارنىڭ ئۆرپ ـ ئادەتلىرىنى قارىقويۇق سۈمۈرىۋالغاچقا، ئۆزىمىزنىڭ ئۆرپ ـ ئادەتلىرىنى «قۇسۇش»قا مەجبۇر بولۇۋاتىمىز.

▲ كىتابنى تاللىماي ئوقۇش ئالدىغا نېمە كەلسە شۇنى يېيىش بىلەن باراۋەر.

▲ چوڭ مۇلنىڭ زور كۈچى ئۇلارنىڭ ئىتتىپاقلىقىدىن كەلگەن.

▲ مۇھەببەتنى دۇنيادىكى ھەممە كىشىگە تەڭ بېرىشكە بولىدۇ، بىراق ئىككى يارغا تەڭ بېرىشكە بولمايدۇ.

▲ ئۆزۈڭنىڭ ئەيىبىنى ئۆزۈڭ بايقىيالمىغىنىڭ، دۈشمىنىڭنىڭ زەربىسىنى كۈتكىنىڭ.

▲ دۈشمىنىڭنىڭ ئەيىبىنى ئىزدەشتىن بۇرۇن ئۆزۈڭنىڭ ئەيىبىنى ئىزدە، شۇندىلا دۈشمەننىڭ ھۇجۇمىدىن ساقلىنالايسەن.

— ئابلىكىم تالىپ (ئىلىلىق)

ئاپتور: جياڭسۇ ئۆلكىلىك خەنجياڭ ئوتتۇرا مەكتەپ شىنجاڭ سىنىپى 2009- يىللىق 1- سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ بۇرۇنقى دەۋرلەردە ئادەملەر بەدەنلىرىنى يېپىشقا ئالدىرىسا، ھازىر ئېچىشقا ئالدىراۋاتىدۇ.

▲ بىر- بىرىگە مەسئۇل بولۇش، يېتەكلەش ئارقىلىقمۇ مىللەتنى تەرەققىي قىلدۇرغىلى بولىدۇ.

▲ ئىزدەنگۈچىلەر ۋاقىت يېتىشتۈرەلمەي ئاۋارە، بىكارچىلار كۈن ئۆتكۈزەلمەي ئاۋارە.

▲ ھازىر ئاتا- ئانا بالىلارنى تەربىيەلەشتەك مۇقەددەس ۋەزىپىنى تېلېۋىزوردىن ئىبارەت «سادىق ۋەزىر» گە تاپشۇردى، بۇ تولىمۇ ئېچىنىشلىق ھەم تىراگېدىيەلىك ھادىسە.

— نۇرنىساگۈل ئابدۇراخمان

ئاپتور: قەشقەر كونىشەھەر ناھىيەلىك 1- ئوتتۇرا مەكتەپ تولۇق 3- يىللىق 15- سىنىپ ئوقۇغۇچىسى.

▲ تۆت خىل كىشىلەرنى تۆت خىل ۋاقىتتا سىناش كېرەك. يەنى باتۇر- باھادىرلارنىڭ شجائىتىنى جەڭدە، خىيانەتسىز كىشىلەرنىڭ دىيانىتىنى ئېلىم- بېرىم مۇئامىلىسىدە، خوتۇن- پەرزەنتلەرنىڭ ۋاپاسىنى نامرات چاغلاردا، ھەقىقىي دوستلارنىڭ ساداقىتىنى بالا- قازا كەلگەندە.

— رىزۋانگۈل ئابلىمىت

ئاپتور: شىنجاڭ تېببىي ئۇنىۋېرسىتېتى گېزىتى ئۇيغۇر مۇخبىرلار پونكىتىدىن

▲ ھەقىقىي دوستۇڭ سايەڭ ئەمەس، بەلكى، ئەينىكىڭدۇر.

▲ ئەشەددىي دۈشمىنىڭدىن بەكرەك نىيىتى بۇزۇلغان دوستۇڭدىن ئەنسىرە، چۈنكى ئوتۇن ياردىغان پالتىنىڭ سېپىمۇ ياغاچ.

▲ ئىللىقلىقنى سېزدىغان قەلبىڭ بولسا، جاھاننىڭ مۇزلىشىدىن ئەنسىرىمە.

ھۇرۇنلۇق— مۇۋەپپەقىيەت شامىنى ئۆچۈردىغان شامالدۇر.

— شەمشىنۇر روزى

ئاپتور: شىنجاڭ تېببىي ئۇنىۋېرسىتېتى گېزىتى ئۇيغۇر مۇخبىرلار پونكىتىدىن

▲ ھاياتنىڭ قىممىتى ئۆلۈمنىڭ شولىسى كۆزگە كۆرۈنگەندە ئاندىن بىلىنىدۇ.

— يۈسۈپجان سەمەت

ئاپتور: شىنجاڭ تېببىي ئۇنىۋېرسىتېتى گېزىتى ئۇيغۇر مۇخبىرلار پونكىتىدىن

▲ سائەت ئىستىرېلكىسىنىڭ ئېرىنچەكلىك بىلەن مېڭىشىغا سەل قارىما، ئۇ سېنى تۈنۈگۈنكى بوۋاقتىن بۈگۈنكى بوۋايغا ئايلاندۇرۇۋېتەلەيدۇ.

— مەۋلانجان ئەبەيدۇللام

ئاپتور: شىنجاڭ تېببىي ئۇنىۋېرسىتېتى گېزىتى ئۇيغۇر مۇخبىرلار پونكىتىدىن

▲ قەلەمنى بىر تۇلپار دېسەڭ، ئەخلاق ئۇنىڭ يۈگىنى، ۋىجدان ئېگەر- جابدۇقى، راستچىللىق قامچىسىدۇر.

— ئابلاجان تۇرسۇن

ئاپتور: شىنجاڭ تېببىي ئۇنىۋېرسىتېتى گېزىتى ئۇيغۇر مۇخبىرلار پونكىتىدىن

▲ قۇش ھەر قانچە ئېگىز ئۇچسىمۇ، ئۇنىڭ يەيدىغان دېنى يەنىلا زېمىندا.

— روزىگۈل تۇراق

ئاپتور: شىنجاڭ تېببىي ئۇنىۋېرسىتېتى تەييارلىق 14- سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

## ئانىنىڭ ئاجىزلىقى

▲ ساڭا ئاق ـ قارىنى ئايرىشنى ئۆگىتىمەن، ئەمما، ھەر بىر ئىشتا سەن ئۈچۈن ھۆكۈم چىقىرالمايمەن.

▲ ساڭا چىرايلىق كۆينەكلەرنى ئېلىپ بېرەلەيمەن، ئەمما، گۈزەل ۋە پاك قالبىڭگە كاپالەتلىك قىلالمايمەن.

▲ سېنى نۇرغۇن ئىشلار ھەققىدە ئاگاھلاندۇرالايمەن، ئەمما، ئۇنىڭغا قۇلاق سېلىش سالماسلىقىڭغا مەن بىر نېمە دېيەلمەيمەن.

▲ ئانىلىق قەلبىمدە سېنى سۆيىمەن، لېكىن، مېنى ئانا ئورنىدا كۆرۈپ ھۆرمەتلىتىشكە ئامالسىزمەن.

▲ جامائەت بىلەن بارنى تەڭ كۆرۈشكە دەۋەت قىلىمەن، لېكىن، سېخى ھاتەملەردىن بولۇشقا مەجبۇرلىيالمايمەن.

▲ باشقىلارنى ھۆرمەتلەشنى ئۆگىتىمەن، ئەمما، بىراۋغا قانداق مۇئامىلە قىلىش ئۆزۈڭنىڭ ئىختىيارلىقى.

▲ قانداق دوستلىشىشنى ئۆگىتىمەن، ئەمما، قانداق دوست تاللاش ئۆزۈڭدىن.

▲ شەھۋەتتىن، يامان ئادەملەردىن سېنى يىراق تۇرۇشقا ئۈندەيمەن، ئەمما شەرم ـ ھايانى ساڭا «چاپلاپ» قويالمايمەن.

▲ ساڭا ئەخلاق ھەققىدە تەلىم بېرىمەن، لېكىن ئەخلاقلىق بولۇش ئۆزۈڭدىن.

▲ ساڭا تاماكا ۋە ھاراقتىن ھەزەر ئەيلەشنى ئۆگىتىمەن، لېكىن، ساڭا ۋاكالىتەن ئۇ نەرسىلەرگە «ياق» دېيەلمەيمەن.

▲ «زەھەر»گە يېقىن يولىماسلىقنى ئاگاھلاندۇرىمەن، ئەمما ۋاقتى كەلگەندە ئۇنى سەندىن ئايرىشقا قۇربىم يەتمەيدۇ.

▲ ساڭا ئۇلۇغۋار غايىنىڭ نېمىلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىمەن، ئەمما، ئۇنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا مېنىڭ قۇربىم يەتمەيدۇ.

▲ باشقىلارغا سەمىمىي ئاق كۆڭۈللۈك بىلەن مۇئامىلە قىلىشىڭنى ئۈمىد قىلىمەن، ئەمما ھەممىگىلا «ئىللىق چىراي» ئېچىشقا زورلىيالمايمەن.

▲ سېنى ئاتۇقچىلىقى كەمچىلىكىدىن كۆپ ئادەم بولسۇن دەيمەنۇ، «مۇكەممەل ئادەم» قىلىشقا ئاجىزمەن.

▲ سېنى سۆيىمەن بالام، ئەمما، «جەننەت»نى ئەھدى قىلالمايمەن.

▲ سەن ئۈچۈن ئىبادەت قىلىمەن، ئەمما، دۇئالىرىمنىڭ ئىجابەت بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلالمايمەن.

▲ ساڭا ھايات ھەققىدە سۆزلەپ بېرەلەيمەن، ئەمما، ھاياتىڭنىڭ «شەجەرىسى»نى مەن يازالمايمەن.

▲ سېنى سۆيىمەن، ئەبەدىل ئەبەت... دېگىنىم ھەق ـ ھەقىقەت قوزام!

ـ ئېھتىبار قىز ئەزىز دۆلەت

---

ئاپتور: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق سۇپەت تېخنىكا نازارەتچىلىكى ئىدارىسىدىن

### چەت ئەللەردىكى مۇشتەرىلەر سەمىگە

«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىغا چەت ئەللەردىن مۇشتەرى قوبۇل قىلىشنى جۇڭگو كىتاب ئىمپورت ـ ئېكسپورت (گۇرۇھى) باش شىركىتى ۋاكالىتەن بېجىرىدۇ. ژۇرنىلىمىزنىڭ چەت ئەللەرگە تارقىتىش ۋاكالەت نومۇرى: 6498BM. ژۇرنىلىمىزغا مۇشتەرى بولماقچى بولغان چەت ئەللەردىكى ئوقۇرمەنلىرىمىزنىڭ جۇڭگو كىتاب ئىمپورت ـ ئېكسپورت (گۇرۇھى) باش شىركىتىنىڭ ئېكسپورت بۆلۈمى بىلەن ئالاقىلىشىشنى سورايمىز. شىركەت ئادرېسى: جۇڭگو بېيجىڭ چاۋياڭ رايونى ئىشچىلار تەنتەربىيە سارىيى شەرقىي يولى 16 ـ قورۇ

### 告海外读者

"新疆文化"杂志向海外发行事宜由中国图书进出口（集团）总公司代理，如海外读者要订阅本刊，与中国进出口（集团）总公司出口部联系。本刊海外发行代号：6498BM

China National Publications Import & Export Corporation

P.O.Box 88, 16 Gongti East Road, Beijing 100020 China Fax: (010) 65063101

www.uyghurkitap.com




# ئىستۇدېنتلارنىڭ گەندە تارتىش ئىشچىلىقىنى تالاشقانلىقى توغرىسىدا كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان خەۋەر

ئىستۇدېنتلارنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشى قىيىن بولۇش مەسىلىسى كىشىلەر نەزىرىدە ئاللىقاچان نورمال ئىش بولۇپ قالغان بولسىمۇ، ئەمما گەندە تارتىش ئىشچىسى بولۇش كىشىنى ھەقىقەتەن ھەيران قالدۇرىدۇ.

3- مارت، جىنەن شەھىرىدىكى بەش نەپەر ئىستۇدېنت جىنەن شەھەرلىك شەھەر ئوغۇتى 2- باشقارمىسى بىلەن خىزمەت توختامى ئىمزالاپ، گەندە تارتىش ئىش ئورنىدا خىزمەتكە چۈشكەن. بۇ بەش نەپەر ئىستۇدېنتنىڭ «باتۇرانە تاللىشى» توغرىسىدا بەزىلەر ھاياجانلىنىپ «بۇ ئىستۇدېنتلارنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشى ھەقىقەتەن ئەمەلىي ئىش بولدى» دەپ تووۇلىسا، يەنە بەزىلەر خۇشاللىق بىلەن باھا بېرىپ «ئىستۇدېنتلار مەيلى قايسى خىل ئىش بىلەن شۇغۇللانمىسۇن، ھەممىسى بىر خىل چېنىقىش» دېيىشتى. بىراق، مۇئەللىپنىڭ قارىشىچە، ئىستۇدېنتلارنىڭ گەندە تارتىش ئىشچىسى بولۇشى ئۇلارنىڭ بىر خىل ئەمەلىي ئىش بىلەن شۇغۇللىنىش ھەرىكىتى (ئىپادىسى) بولسىمۇ، ئەمما يەنە بىر جەھەتتىن ئېيتقاندا زور ئىسراپچىلىق.

بۇ، ئالىي مائارىپنىڭ قايغۇ - ھەسرىتى. ئالىي مائارىپ، يۇقىرى دەرىجىلىك مەخسۇس خادىملارنى تەربىيەلەش ئارقىلىق پەن- تېخنىكا مەدەنىيىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، جەمئىيەتنىڭ ئىلگىرىلەش تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش بۇرچىنى ئۈستىگە ئالغان. ئۇنىڭ تەرەققىيات دەرىجىسى بىر دۆلەت ۋە مىللەتنىڭ ئىلگىرىلەش قەدىمىگە بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتىدۇ. شۇڭا ئاھالىسى كۆپ دۆلەتلەرنىڭ ھەممىسى ئالىي مائارىپ ئارقىلىق «يۇلتۇزلۇق ئاسمانغا تەلپۈنىدىغان» تېخىمۇ كۆپ كىشىلەرنى تەربىيەلەپ چىقىپ، ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنى ئالغا ئىلگىرىلىتىشكە يېتەكلەيدىغان زور بىر تۈركۈم يۇقىرى قاتلام ئىختىساس ئىگىلىرىنى ئۈزۈكسىز مەيدانغا كەلتۈرۈشنى ئۈمىد قىلىدۇ. مەملىكىتىمىزنىڭ ئالىي مائارىپى جەۋھەر مائارىپتىن ئاممىۋىلاشقان مائارىپقا قاراپ قەدەم قويغان بۈگۈنكى كۈندە، گەرچە بىز ئالىي مائارىپ تەربىيەلەپ چىققان ئوقۇغۇچىلارنىڭ

تەرجىمە كۆزنىكى

www.uyghurkitap.com

ھەممىسنىلا تارىخنى ئۆزگەرتىدىغان ۋە جەمئىيەتنىڭ جەۋھەرلىرى بولۇپ چىقىشنى ئارزۇ قىلمىساقمۇ، ئەمما ئالىي مائارىپ تەربىيەسى كۆرگەنلەرنىڭ گەندە تارتىش «توختامى» تۈزگەنلىكىگە تاقەت قىلىپ تۇرالمايمىز. بۇ ھەرگىزمۇ گەندە تارتىش كەسپىنى كۆزگە ئىلمىغانلىق بولماستىن، بەلكى، گەندە تارتىش ئىشچىلىرىنى تەربىيەلەش ـــ ئالىي مائارىپنىڭ بۇرچى ۋە نىشانىمۇ؟ دېگەن سوئالغا جاۋاب بېرىش مەسىلىسى. ئەگەر دۆلەت ۋە جەمئىيەتنىڭ نۇرغۇن مەبلىغى، ئاۋامنىڭ زور ئۈمىدى ئاستىدىكى ئالىي مائارىپ يېتىشتۈرۈپ چىققان ئاشۇ «مېۋە»لەر گەندە تارتىش ئىشچىلىرى بولۇشتەك «ئىختىساس ئىگىسى»گە ئايلانسا، ئۇ ھالدا، ئالىي مائارىپىمىزنىڭ مەۋجۇتلۇقىنىڭ يەنە قانداق زۆرۈرىيىتى بولسۇن؟ دۆلەت ۋە مىللەتنىڭ ئۈمىدى زادى نەدە قالدى؟ ئالىي مائارىپ تەربىيەلەپ چىققان ئىختىساس ئىگىلىرىنىڭ گەندە تارتىش ئىشچىسى بولۇشى ئالىي مائارىپنىڭ ھەسرىتى، ئالىي مائارىپنىڭ زور مەغلۇبىيىتىدۇر. پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ ھەسرىتىدۇر. گەندە تارتىش ئىشچىلىقىنى، ئۈچۈر ۋە كومپيۇتېر ئىلمى، قانۇنشۇناسلىق، قۇرۇلۇش ئىلمى قاتارلىق كەسپلەردە ئوقۇغان ئىستۇدېنتلار ئۈستىگە ئېلىشقا تېگىشلىك ئىش دەپ قاراش ـ ھەرگىزمۇ جەمئىيىتىمىزدە ئىختىساسلىقلارنىڭ كۆپلۈكىدىن دېرەك بەرمەيدۇ، بەلكى، جەمئىيىتىمىزدىكى ئىش تەقسىماتى بىلەن ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش بازىرىنىڭ ئىنتايىن قالايمىقانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. بۇ، ئىستۇدېنتلار گەندە تارتىدىغان خىزمەتنى قىلسا بولمايدۇ، دېگەنلىك ئەمەس. بۇ يەردىكى مەسىلە شۇكى، بۇنداق خىزمەتنى 10 نەچچە يىل مائارىپ تەربىيەسى كۆرگەن ئىستۇدېنتلارنىڭ ئۈستىگە ئېلىشى ھاجەتسىز دېگەنلىكتۇر. بىز تەربىيەلەپ چىققان ئىختىساسلىقلار تېخى بۇ دەرىجىگە بېرىپ يەتمىدى. جەمئىيەتتە كۆرۈلگەن بۇنداق ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش، بىرخىل ئىنتايىن زور ئىختىساسلىقلار ئىسراپچىلىقىدۇر، بۇ خىل ئىسراپچىلىق، ئەيش ـ ئىشرەت بىلەن ياشاش ئىستېمالىدىن ھۇزۇرلىنىشتىن، بۇزۇپ چېچىپ، ئىسراپ قىلىدىغان چوڭ يەپ ـ ئىچىشتىنمۇ ئېچىنىشلىق. چۈنكى، ئىختىساسلىقلار ئىسراپچىلىقى جەمئىيەت تەرەققىياتىنى ئۈزۈپ تاشلاشنىڭ مەنبەسى بولۇپ، جەمئىيەتنىڭ نورمال ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش تەرتىپىنى ئېغىر دەرىجىدە بۇزىدۇ. بىر تورداشنىڭ تەكشۈرۈپ بايقىشىچە، جىنەندە گەندە تارتىش خىزمىتىدەك بۇنداق ئىش ناھايىتى ئاز بولۇپ، پېشقەدەم ئىشچىلار ھەپتىدە ئىككى كۈندىن ئۈچ كۈنگىچە، ھەر قېتىمدا سائەت ئۈچ ـ تۆتتىن يەتتە ـ سەككىزگىچە ئىشلەپ، باشقا چاغدا ئىش يوق ئىكەن. ھازىر بىر قانچە ئىستۇدېنت تەكلىپ قىلىنغاچقا پېشقەدەم ئىشچىلار پېنسىيەگە چىقىشقا مەجبۇر بوپتۇ. بۇ، يەنە بىر جەھەتتىن ئالغاندا بىلىمنى دەپسەندە قىلغانلىق. پىروفېسسورلار كوچا سۈپۈرگەن، ئالىملار چوشقا باققان ھېلىقى يىللارنى ئەسلىسەك ئادەمنىڭ ئىچى سىيرىلىدۇ. يەن ـ تېخنىكا ئارقىلىق دۆلەتنى گۈللەندۈرۈش بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈش چاقىرىق قىلىنىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، يەنە ئىستۇدېنتلارنى كوچىغا چىقىپ گەندە تارتىش ئىشىغا سېلىشنىڭ ئۆزى ھەرگىز بىلىمگە ھۆرمەت قىلىشنىڭ، ئىختىساسلىقلارغا ھۆرمەت قىلىشنىڭ ئىپادىسى ئەمەس!

بۇ يەنە بىر تەرەپتىن ئىستۇدېنتلارنىڭ ھەسرىتى. ئىگىلىشىمىزچە، بۇ قېتىم تەكلىپ بىلەن ئىش ئورنىغا چىققان گەندە تارتقۇچى ئىستۇدېنتلار خىلمۇ خىل توسۇق ۋە ئەگرى ـ توقاي تاللاشتىن كېيىن، بۇ ئورۇنغا ئاران قوبۇل قىلىنغان ئىكەن. ئەينى چاغدا، بۇ ئورۇنغا ئىمتىھان بېرىشكە تىزىملاتقانلار تولىمۇ كۆپ بولۇپ، تۇنجى كۈنىلا 152 ئادەم، ئاخىرىدا 391 نەپەر ئادەم تىزىمغا ئالدۇرغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە يەنە بىر نەپەر ئاسپىرانتمۇ بار ئىكەن. راستتىنلا شۇنچە كۆپ ئىستۇدېنتلار ئۆزى ئوقۇغان كەسپى بىلەن كارى بولماي شەھەردىكى گەندە تارتىش خىزمىتىنى خالىغانمىدۇ؟ ئەلۋەتتەئۇنداق ئەمەس. مۇئەللىپنىڭ ئەھۋالدىن خەۋەر تېپىشىچە، بۇ خىل ئىش ئورنىنىڭ ئىستۇدېنتلارنى ئۆزىگە جەلپ قىلىشىدىكى ئاساسىي سەۋەب، بۇ ئورۇن كەسپىي ئىشتات بولغانلىقى، كىرىمگە كاپالەتلىك قىلىنىدىغانلىقى ھەمدە ئۆلكە مەركىزىدىن ئىبارەت چوڭ شەھەردىكى خىزمەت ئورنى بولغانلىقىدىن ئىكەن. ئىشقا ئورۇنلىشىش قىيىن بولۇۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، دۆلىتىمىزنىڭ خېلىلا كۆپ رايونلىرىدا ھەرخىل كەسپىي خادىملار ئىنتايىن كەمچىل بولسىمۇ، ئەمما كۆپچىلىكنىڭ گەندە تارتىشقا رازى

بولۇپ، ئۆزى ئوقۇغان بىلىملىرىنى ئىشلىتەلمەيدىغان ئاشۇنداق رايونغا بېرىشى، چوڭ شەھەر تۇرمۇشىغا ئىشتىياق باغلىشى، ياش ئىستۇدېنتلارنىڭ تارىخىي بۇرچىنى ئويلىماي، جەمئىيەت بىلەن دۆلەتنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن ئوقۇغانلىرىنى ئىشلىتەلەيدىغان ئېھتىياجلىق جايلارغا بېرىشنى خالىماسلىقنى ھەرگىزمۇ ياش ئىستۇدېنتلارنىڭ ئىراگېدىيەسى ئەمەس دېيەلمەيمىز.

مەن ئىستۇدېنتلارنىڭ گەندە تارتىدىغان ئىشچى بولۇشتەك بۇنداق ئىشنىڭ قايتا چىقماسلىقنى چىن دىلىمدىن ئۈمىد قىلىمەن. مەن ئالىي مائارىپىمىزنىڭ ئۆز بۇرچىغا ھاقارەت كەلتۈرمەسلىكىنى، دۆلىتىمىز ۋە جەمئىيەتنىڭ ئالىي مائارىپ تەربىيەلەپ يېتىشتۈرگەن ئىختىساسلىقلارغا مۇۋاپىق ئورۇن بېرىپ، ئۆز ماھارىتىنى كۆرسىتىشكە شارائىت ھازىرلاپ بېرىشىنى، ئىستۇدېنتلىرىمىزنىڭ زىيالىيلارغا خاس بۇرچىنى ھەقىقىي تۇردە نامايان قىلىپ، جاسارەت بىلەن ئىرىشىپ ئىشلىشىنى تېخىمۇ ئۈمىد قىلىمەن.

---

لىيۇشاۋخۇا قەلىمىدىكى بۇ يازما «پېلىيەتونلار گېزىتى» 2010- يىل 16- مارت سانىغا بېسىلغان. راخمانجان روسۇل سۇلتانىي تەرجىمىسى. تىلماچ: شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك رادىيو- تېلېۋىزىيە مەكتىپى پەيزاۋات شۆبىسىدىن

# جۇڭگولۇق بايلاردا نېمە كەم

ئامېرىكىدىكى «فوربېس» (Forbes) ژۇرنىلى ھەر يىلى دۇنيادىكى بايلارنى رەتكە تۇرغۇزۇپ چىقىدۇ. قاتارغا تىزىلالايدىغانلارنىڭ ھەممىسى سودا- سانائەت ساھەسىدىكى كاتتا باي، زەردارلار بولۇپ، بىل گايتىستەك تور دۇنياسىدىكى قابىلىيەت ئىگىلىرىمۇ ئون نەچچە يىلدىن بۇيان ئالدىنقى قاتاردا تۇرۇپ كەلدى، بۇ ھەقىقەتەن ئىنتايىن ئاز كۆرۈلىدىغان مۆجىزە.

ئارقىدا قېلىشنى خالىمايدىغان جۇڭگولۇقلارمۇ بايلار شەرەپ تاختىسىنى كۆتۈرۈپ چىقتى. شۇنداق قىلىپ، سوڭ جىجيەن، لىيۇ يوڭخاۋ قاتارلىقلار بۇ تاجنى كىيىپ، شەرەپ تاختىسىدا ئالدى بىلەن ئىسمى ئاتالدى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى يەر- مۈلۈك كاتتا بايلىرى، بەزىلىرى پۇل مۇئامىلە ماگناتلىرى، بەزىلىرى بىر كېچىدىلا كاتتا زەردارغا ئايلانغان سودا- سانائەت يېڭى ئاقسۆڭەكلىرى ئىدى.

ئەلۋەتتە، شەرەپ تاختىسىدىن ئورۇن ئالالمىغان كاتتا بايلار يەنە بولۇشى مۇمكىن، ئەمما، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى تۈيۈقسىز پۇل تاپقان بولغاچقا زادى قانچىلىك پۇلى بارلىقنى ھېچكىم بىلمەيدۇ.

جۇڭگودىكى بايلار بىلەن چەت ئەلدىكى زەردارلارنى سېلىشتۇرغاندا، «موللا يوق يەردە موللىمەن، موللىنى كۆرسەم يولدىمەن» دېگەندەك ھالەتتىدۇر. چۈنكى، چەت ئەلدىكى زەردارلارنىڭ كۆپ قىسمىنىڭ نەچچە يۈز مىليون ياكى نەچچە مىليارد ئامېرىكا دوللىرىدىن ئارتۇق بايلىقى بولغان بولسا، جۇڭگودىكى ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان ئون باينىڭ بايلىقىنى قوشقاندىمۇ ئېھتىمال بىل گايتىسنىڭ بايلىقىغا يەتمەسلىكى مۇمكىن.

ئەمما، دۆلەت ئىچىدىكى ئادەتتىكى پۇقرالار بىلەن سېلىشتۇرغاندا، جۇڭگودىكى بۇ پۇقرالار ھەقىقەتەن باي ھېسابلىنىدۇ. ئۇلارنىڭ ئالىي دەرىجىلىك ئاپتوموبىلى، قىممەت باھالىق ھەشەمەتلىك داچىلىرى، ئېھتىمال پۈتۈن جەمەت نەچچە ئەۋلاد خەجلەپ تۈگىتەلمىگۈدەك ئىنتايىن كۆپ پۇلى، يەنە ئادەم ھەۋەس قىلغۇدەك ھەرخىل ئىجتىمائىي نام- ئاتاقلىرى بار.

بىراق، مەن جۇڭگولۇق بايلاردا ھەممىشە بىر نەرسە كەمدەكلا ھېس قىلىمەن.

ئېسىمدە قېلىشىچە، يېقىندا گېزىتتە مۇنداق بىر نەچچە جۈملىنى كۆرگەندەك قىلىمەن: «بىر ئادەمنىڭ ئۆلكىدىكى بايلىق كۆپ بولغانسېرى جەمئىيەتتىكى مەسئۇلىيىتىمۇ شۇنچە زور بولىدۇ.» «جۇڭگودىكى بايلار گەرچە باففېت، گايتىستەك باي بولمىسىمۇ، ئەمما، ئۇلاردا كەم بولغىنى پۇل بولماستىن، بەلكى تەقدىم قىلىش روھى.»

بۇ ئىككى ئېغىز گەپنى بىر جۈملىگە يىغىنچاقلاشقا

بولىدۇ. جۇڭگودىكى بايلار كىشىلەر ھەۋەس قىلغۇدەك كاتتا مال ـ دۇنياغا ئىگە بولىسىمۇ، ئۇلاردا يەنىلا ئىجتىمائىي مەسئۇلىيەت ۋە تەقدىم قىلىش روھى كەمچىل.

بايلارنىڭ ئىجتىمائىي مەسئۇلىيىتى ۋە تەقدىم قىلىش روھى ئاساسلىقى قانۇن بويىچە تىجارەت قىلىش، بەلگىلىمە بويىچە باج تاپشۇرۇش ۋە جەمئىيەتكە ئىئانە بېرەلىشىدە ئىپادىلىنىدۇ.

جۇڭگولۇق بايلار بايلىق توپلاش جەريانىدا، كىم قانچىلىك باج تاپشۇرمىدى ياكى ئوغرىلىدى؟ بۇنى پەقەت ئۇلار ئۆزلىرىلا بىلىشى مۇمكىن. باج تارماقلىرىدىكى مەلۇم كىشىلەرمۇ بىلىشى مۇمكىن، ئەمما ھېچكىم بۇنى ئېغىزىدىن چىقارمايدۇ. شۇنداق بولىۋەرگەچكە خېنەندىكى ھېلىقى باج ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ياش تۇرۇپلا كالللىسىدىن ئايرىلىپ قالمىدىمۇ.

جەمئىيەتكە ئىئانە قىلىش، بايلارنىڭ بىر خىل مۇھىم ئىجتىمائىي مەسئۇلىيىتى، شۇنداقلا، جەمئىيەتكە جاۋاب قايتۇرۇش، جەمئىيەتكە تەقدىم قىلىشتىكى ئەمەلىي ھەرىكىتى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ جەھەتتە، جۇڭگو ۋە چەت ئەللىك نۇرغۇن بايلار ناھايىتى ياخشى ئۈلگە تىكلىدى. چېن جياكاڭ ئەپەندى پۇل ئىئانە قىلىپ قۇرغان ھېلىقى ئۇنىۋېرسىتېت نەچچە يىللاردىن بۇيان دۆلەت ئۈچۈن تۈركۈم ـ تۈركۈم ئىختىساسلىقلارنى تەربىيەلەپ بەرمەكتە. چېن ئەپەندى شۇنىڭ ئۈچۈن ئاۋامنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشەلىدى.

ئىئانە بېرىش چەت ئەللەردىكى كۆپ قىسىم بايلارنىڭ بىر خىل خەير ـ ساخاۋەت ھەرىكىتىگە ئايلانغان. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئامېرىكىلىق كاتتا زەردار باففېت *(ۋاررېن باففېت ـــ Warren Buffett 1930 ـ يىلى 30 ـ ئاۋغۇست ئامېرىكىدىكى نېبراسكا ئىشتاتىدا تۇغۇلغان. ئۇ، دۇنيادىكى داڭلىق مەبلەغ سېلىش سودىگىرى. 2008 ـ يىلى «فوربېس» (Forbes) ژۇرنىلى بايلارنى رەتكە تىزغاندا بىل گايتىستىن ئېشىپ دۇنيادىكى بىرىنچى دەرىجىلىك بايغا ئايلانغان. باففېتنىڭ تەكرار ئىئانە قىلغان باي جېكىنىڭ قىممىتى بىر مىليارد 300 مىليون ئامېرىكا دوللىرىغا يەتكەن. 11 ـ نۆۋەتلىك خەير ـ ساخاۋەت ئىئانىسى يىغىنىدا، باففېت بىلەن چۈشلۈك تاماقتا ھەمداستىخان بولۇشنى كىمئارتۇق قىلىشتا رېكورت يارىتىلىپ، 2 مىليون 630 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى ئىئانە توپلانغان. 2010 ـ يىلى ئىيۇلدا، باففېت يەنە بىر قېتىم بەش خەير ـ ساخاۋەت ئورگىنىغا باي جېكى ئىئانە قىلغان، ئۇنىڭ قىممىتى ھازىرقى بازار باھاسى بويىچە ھېسابلىغاندا بىر مىليارد 930 مىڭ ئامېرىكا دوللىرىغا يەتكەن بۇ، باففېت 2006 ـ يىلى 99% مال ـ مۈلكىنى ئىئانە قىلغاندىن بۇيانقى سوممىسى 3 ـ قېتىم يۇقىرى بولغان ئىئانىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ـــ تەرجىماندىن)* ئۆزى نەچچە مىليارد ئامېرىكا دوللىرى چىقىرىپ، خەير ـ ساخاۋەت ئورگىنى قۇرغان؛ بىل گايتىسنىڭ ئىئانە قىلغان پۇلىمۇ نەچچە مىليارد ئامېرىكا دوللىرىدىن ئېشىپ كەتكەن. ئۇ ناۋادا ئۆلۈپ كېتىپ قالسا مۇتلەق كۆپ قىسىم بايلىقىنى جەمئىيەتكە ئىئانە قىلىدىغانلىقىنى خېلى بۇرۇنلا جاكارلىغان.

چېن جياكاڭ ئەپەندى ۋە نۇرغۇن چەت ئەللىك زەردارلار بىلەن سېلىشتۇرغاندا، جۇڭگودىكى نۇرغۇن بايلار «پۇل ـ مالنى جېنىدىن ئەزىز كۆرىدۇ.» 1998 ـ يىلى چاڭجياڭ دەرياسىدا ئالاھىدە زور كەلكۈن ئاپىتى يۈز بەرگەندىن كېيىن، مەركىزىي كومىتېت ۋە دۆلەت ئورگانلىرىدىكى ئالاقىدار تارماقلار مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىدا بىر قېتىملىق چوڭ تىپتىكى ئىئانە بېرىش پائالىيىتىنى تەشكىللىگەندە، نۇرغۇن كارخانىلار ۋەزىيەتنىڭ تەقەززاسىدا مەردلىك بىلەن ئىئانە بەردى، بەزىلىرى نەچچە يۈز مىڭ يۈەن، بەزىلىرى نەچچە مىليون يۈەن، ھەتتا بەزىلىرى ئون مىليون يۈەندىن ئارتۇق ئىئانە بېرىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، ئاۋامنى بىر مەزگىل ھاياجانغا سالدى. ئەمما ئىشتىن كېيىن ئەمەلىيلەشكەن ئىئانە ھەتتا ئومۇمىي سانىنىڭ يېرىمىغىمۇ يەتمىگەن.

بەزى بايلار ھەمىشە «بايلارنى بۇلاش» ھادىسىسىنىڭ جەمئىيەتتە مەۋجۇتلۇقىدىن ئاغرىنىدۇ. بولۇپمۇ بەزى بايلارنىڭ زىيانكەشلىككە ئۇچراپ ئۆلگەنلىك خەۋىرى ئاخبارات ۋاستىلىرىدە بەزىدە چىقىپ قالىدۇ. بىر نەچچە يىلنىڭ ئالدىدا، بېيجىڭدىكى مەلۇم ئورۇندا ھەشەمەتلىك ئولتۇراق ئۆيى بار، مال ـ مۈلكى كۆپ ئوتتۇرا ياشلىق ئەر ـ خوتۇن بىر كېچىدىلا ئۆلتۈرۈلۈپ، كىشىلەرنىڭ كۆڭلىنى غەش قىلغان. مۇشۇنداق ۋەقەلەرنىڭ پات ـ پات يۈز بېرىشىگە زادى نېمە ئىشنىڭ سەۋەب

www.uyghurkitap.com

بولىدىغانلىقى ئەلۋەتتە كىشىلەرنىڭ چوڭقۇر مۇلاھىزە قىلىپ بېقىشىغا ئەرزىيدۇ.

قەدىمكى زاماندا ئۆتكەن «تاۋجۇگوڭ» پۇل تېپىشقا ئەڭ ماھىر، ئىئانە قىلىشقا ئەڭ ئامراق «دانىشمەنلەر»دىن ئىدى. ئۇ ئەقىل- پاراسىتىگە تايىنىپ ئىككى قېتىم بېيىغان ھەم ئىككىلا قېتىمدا ئائىلىسىنىڭ مال- مۈلكىنى ئىئانە قىلىۋېتىش ئارقىلىق تارىختا كىشىلەرنىڭ چوڭقۇر ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولغان.

ئەلۋەتتە، بىز ھازىرقى بايلارنىڭ ھەممىسىنى «تاۋجۇگوڭ»دىن ئۆگىنىشكە دالالەت قىلمىساقمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ ئاز- تولا ئىجتىمائىي مەسئۇلىيەت ئېڭى ۋە تەقدىم قىلىش روھى بولۇشىنى، بارلىق مال- دۇنياسىنى ئەمەس، بەلكى، ئاز بىر قىسىم مەبلىغىنى چىقىرىپ، خەير- ساخاۋەت ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىپ نامراتلارغا يار- يۆلەك بولۇشقا، يول- كۆۋرۈك ياساشقا، «ئۈمىد باشلانغۇچ مەكتىپى» قۇرۇشقا سەرپ قىلىشنى ئۈمىد قىلىمىز.

ئىلگىرى، بىر دانىشمەن «پۇل- مال دېگەن سۇدەك نەرسە» دېگەن بايانىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ: «مۇبادا سەندە بىر ئىستاكان سۇ بولسا، سەن پەقەت ئۇنىڭدىن ئۆزۈڭلا بەھرىمەن بولساڭ بولىدۇ؛ مۇبادا سەندە بىر چېلەك سۇ بولسا، ئۇنى ئۆيۈڭگە قويۇپ قويساڭ بولىدۇ؛ مۇبادا سەندە بىر دەريا بولسا، سەن ئۇنىڭدىن باشقىلار بىلەن تەڭ بەھرىمەن بولۇشنى ئۆگىنىۋېلىشىڭ كېرەك» دېگەن ئىكەن. بۇ سۆز ئاددىي بولسىمۇ، ئەمما ئىلگىرى سۈرۈلگەن ئىدىيە ئىنتايىن ئېنىق.

يېقىندا «ئامېرىكىدىكى 40 نەپەر باي ئاشكارا ۋەدە بېرىپ، مىكروسوفت شىركىتىنىڭ قۇرغۇچىسى بىل گايتىس ۋە پاي پىرى ۋاررېن باففېتنىڭ چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشۇپ، ئەڭ ئاز بولغاندا ئائىلىسىنىڭ يېرىم مال- مۈلكىنى خەير- ساخاۋەت ئىشلىرىغا ئىئانە قىلىدىغان بولدى» دېگەن خەۋەرنى كېزىتتىن كۆرۈپ قالدىم. بۇ ۋەدىنى بەرگۈچىلەر ئىچىدە نيۇيورك شەھىرىنىڭ باشلىقى ئاخبارات ۋاستىلىرى ماگناتى ماچېل بلومبېرگ (Machael Bloomberg)، ئامېرىكا سىملىق تېلېۋىزىيە ئاخبارات تورىنىڭ قۇرغۇچىسى تېد تۇرنېر (Ted Turner)، ھوللىۋود رېژىسسورى گېئورگى لۇكاس (George Lucas) قاتارلىقلار بار بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىئانە قىلىشقا بەرگەن پۇلىنىڭ ئومۇمىي سوممىسى ئەڭ ئاز بولغاندىمۇ 125 مىليارد ئامېرىكا دوللىرىغا يەتكەن.

يېقىنقى بىر نەچچە يىلدا، چىڭداۋدا ئۆزىنى «ۋېيچېن» دەپ ئاتىغان بىر كىشى جەمئىيەتكە ئارقا- ئارقىدىن پۇل ئىئانە قىلىپ كەڭ ئاممىنى چوڭقۇر سۆيۈندۈردى. ئۇ نۇرغۇن قېتىم ساخاۋەتلىك ئىشلارنى قىلغان بولسىمۇ، ئەمما ئىسىم- فامىلىسىنى قالدۇرماسلىقتەك خالىسانىلىق روھى بىلەن كىشىلەرنىڭ ئومۇميۈزلۈك ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولدى. ئۇنىڭ يېتەكچىلىكىدە، پۈتۈن شەھەر بويىچە بىر خىل قىممەتلىك «ۋېيچېن ئوبرازى»نى ياراتتى، ھەر قېتىم دۆلەت ۋە شەخس ئالاھىدە قىيىنچىلىققا ئۇچرىغان چاغدا نۇرغۇن كىشىلەر «ۋېيچېن» دېگەن نام بىلەن خالىس پۇل ئىئانە قىلىشتى.

كىشىلەرنىڭ «ۋېيچېن» ۋە «ۋېيچېن ئوبرازى»غا بولغان ھۆرمىتى ئېشىپ بارماقتا. ئۇ يالغۇز ئۆزىنىڭ مېھىر - شەپقەتلىك كۆڭلىنى بىلدۈرۈپلا قالماستىن، بەلكى، ئۇنىڭ تۈرتكىسىدە بۇ خىل مېھرى- مۇھەببەت يەتكۈزۈش — تاكامۇللىشىشقا يۈزلىنىپ، ئاشۇ ياردەمگە ئېرىشىشكە تېگىشلىك كىشىلەر ئۆز ۋاقتىدا ياردەمگە ئېرىشتى، شۇنىڭ بىلەن پۈتكۈل جەمئىيەتتە خەتەردە، قىيىنچىلىقتا قالغانلارنى قۇتقۇزۇش، يۆلەش، ياردەم بېرىشنى خۇشاللىق دەپ بىلىشتەك بىر خىل ياخشى كەيپىيات تەشەببۇس قىلىندى.

بۇ قارىماققا ئاددىي، ئەمما ئالىيجاناب ھەرىكەت ئېھتىمال «ۋېيچېن» دىنمۇ بايراق كىشىلەرنىڭ يۈزىنى قىزارتىپ قالسا ئەجەب ئەمەس.

---

ۋاڭ زېڭشى ئىمزالىقىدىكى بۇ ماقالە ج ك پ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتىنىڭ نەشر ئەپكارى بولغان «بۈگۈنكى شىنجاڭ» (خەنزۇچە) ژۇرنالىنىڭ 2010- يىللىق 9- سانىغا بېسىلغان. **ئابدۇجاپپار ھامىدىن** تەرجىمىسى. تىلماچ: كەلپىن ناھىيەلىك پارتكوم تەرەققىيات ۋە ئىسلاھات كومىتېتىدىن

www.uyghurkitap.com

# هايات ھەقىقەتلىرى

## لىنكولىننىڭ پۇل قەرز بېرىشنى رەت قىلىشى

لىنكولىننىڭ ئاتا بىر ئانا باشقا قېرىندىشى جون ستون، لىنكولنغا خەت يېزىپ ئۆزىنىڭ ۋەيران بولغانلىقىنى، ئىللىنويىز ئىشتاتى كولىس ناھىيەسىدىكى دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ ئىشلىرىنى باشقۇرۇش ئىنتايىن تەسكە چۈشۈۋاتقانلىقىنى، شۇنىڭ ئۈچۈن ئازراق پۇلغا ئېھتىياجلىق ئىكەنلىكىنى ئېيتىپتۇ. بىز بۈگۈنكى كۈندە، لىنكولن يازغان جاۋاب خەتنىڭ قېرىندىشىنىڭ تەلىپىگە تامامەن يۈز كېلەلەيدىغانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز. لىنكولن خېتىدە: «قىيىنچىلىقنى پەيدا قىلىدىغان بارلىق سەۋەب دەل پايدىسىز ئىشلار بىلەن ۋاقىتنى ئىسراپ قىلىشتۇر» دېگەن. تىرىشىپ خىزمەت قىلىدىغان ئادەتنى يېتىلدۈرۈش مەلۇم ساندىكى قەرز پۇلغا ئېرىشىشتىن كۆپ ئەۋزەل. تۆۋەندە بىز بۇ جاۋاب خەتنىڭ تولۇق مەزمۇنىنى كۆرۈپ باقايلى:

*قەدىرلىك جون ستون:*

*تولىمۇ ئەپسۇس، مەن سىزنىڭ 80 دوللار قەرز ئېلىشتىن ئىبارەت تەلىپىڭىزنى قاندۇرۇشنى ياخشى چارە دەپ قارىمىدىم. ئىلگىرى مەن ھەرقېتىم سىزگە چوڭ ياردەم قىلغان چاغدا سىز «ياخشى بولدى، ئەمدى ھەممە ئىش ئوڭشىلىپ كېتىدۇ» دەيتتىڭىز. بىراق، ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەيلا سىز يەنە ئوخشاشلا قىيىنچىلىقتا قالاتتىڭىز. بۇنداق ئەھۋال تەكرار يۈز بېرىۋەرگەن ئىكەن، ئۇنداقتا سەۋەبىنى پەقەت ئۆزىڭىزدىن ئىزدەشكە توغرا كېلىدۇ. سىزدىكى كەمچىلىك زادى نەدە؟ مېنىڭچە بۇ تەرىپىنى مەن ئاز-تولا بىلىمەن. سىز ھورۇن ئەمەس، ئەمما سىز بىكار تەلەپ، ئۇيۇن- تاماشىغا ئامراق ئادەم. گۇمانىمچە، بىز ئالدىنقى قېتىم كۆرۈشكەندىن كېيىن سىز ھېچقانچە ئىش قىلمىدىڭىز، چۈنكى، سىز خىزمەتتىن ئۇرغۇن نەرسىلەرگە ئېرىشكىلى بولىدىغانلىقىنى بىلمەيسىز.*

*قىيىنچىلىقنى پەيدا قىلىدىغان بارلىق سەۋەب، دەل مۇشۇنداق پايدىسىز ئىشلار بىلەن ۋاقىتنى ئىسراپ قىلىشتۇر. سىز بۇ ئادىتىڭىزنى ئۆزگەرتىشىڭىز لازىم، بۇنىڭ سىزگە، ھەتتا بالىلىرىڭىزغىمۇ نىسبەتەن ئەھمىيىتى ئىنتايىن زور. نېمە ئۈچۈن بالىلىرىڭىزغا نىسبەتەن ئەھمىيىتى ئىنتايىن چوڭ، دەيمەن؟ سەۋەبى شۇكى، ئۇلارنىڭ هايات مۇساپىسى تېخى ئۇزۇن، ئۇلار كىشىلىك هايات سەپىرىنى باشلايدىغان چاغدا بىكار تەلەپلىكتەك بۇنداق ئادەتتىن خالىي بولسا، بۇ ئۇلارنىڭ كىشىلىك هايات سەپىرىنى باشلىغاندىن كېيىن، ئاندىن يەنە قانداق قىلىپ بۇ يامان ئادەتلەرنى ئۆزگەرتىش، قانداق قىلىپ بۇ قىيىنچىلىقلارنى يېڭىش توغرىسىدا باش قاتۇرغىنىدىن كۆپ ئاسان بولىدۇ.*

*سىز ھازىر بىر ئاز پۇلغا جىددىي ئېھتىياجلىق ئىكەنسىز، بىراق مەن سىزگە پەقەت بىر سەممىي مەسلىھەتلا بېرەلەيمەن: دەرھال بېرىپ خىزمەت قىلىڭ، ئەمگىكىڭىزگە يارىشا ھەق بېرەلەيدىغان ئادەم ئۈچۈن كۈچىڭىزنىڭ يېتىشىچە ئىشلىسىڭىز بولىدۇ.*

*ئاتام ۋە بالىلىرىڭىز ئائىلىنىڭ بارلىق ئىشلىرىدىن خەۋەر ئالسۇن، يەر تېرىش، زىرائەتلەرنى باشقۇرۇش قاتارلىق ئىشلارمۇ شۇنىڭ ئىچىدە. سىز چىقىپ خىزمەت قىلىڭ، ئىش ھەققى ئوبدان خىزمەتتىن بىرنى تېپىڭ ياكى قەرز ئىگىلىرىگە ئىشلەپ بېرىش ئارقىلىق قەرزنى تۈگىتىڭ. سىزنىڭ مۇۋاپىق ئىش ھەققىگە ئېرىشىشىڭىزگە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، بۈگۈندىن باشلاپ كېلەر يىل 1 ـ مايغىچە سىز خىزمەت قىلىپ ئېرىشكەن ھەربىر دوللار ئىش ھەققىڭىز، تۆگەتكەن ھەربىر دوللار قەرزىڭىز ئۈچۈن مەن بۇ يەردە تۇرۇپ سىزگە ئۈستىدىن يەنە بىر دوللار قوشۇپ بېرىشكە كاپالەتلىك قىلىمەن.*

*بۇنداق بولغاندا، ئەگەر سىز ئايلىق ئىش ھەققى 10 دوللارلىق بىر خىزمەت تاپسىڭىز، سىز مەندىن يەنە 10 دوللارغا ئېرىشەلەيسىز، ئايلىق ئىش ھەققىڭىز شۇنىڭ بىلەن 20 دوللار بولىدۇ. مەن سىزنى ئۆيىدىن يىراق سان لوئىسقا ياكى كالىفورنىيەدىكى قوغۇشۇن كېنى ياكى ئالتۇن كېنىغا بېرىپ ئىشلەڭ، دېمەيمەن، پەقەت يۇرتىمىز كولىس ناھىيەسى ئەتراپىدىن ئىش ھەققى مۇۋاپىق خىزمەتتىن بىرنى تاپسىڭىزلا بولىدۇ.*

*ئەگەر سىز مۇشۇنداق قىلالىسىڭىز، ناھايىتى تېزلا قەرزلىرىڭىزنى قايتۇرالايسىز، تېخىمۇ ياخشى يېرى سىزنى مەڭگۈ قەرزدار قىلىپ قويمايدىغان بىر ياخشى*

*ئادەتنى يېتىلدۈرەلەيسىز. ئەگەر مەن ھازىر سىزنىڭ تەلىپىڭىزنى قاندۇرۇپ پۇل بېرىپ تۇرسام، كېلەر يىل سىز تېخىمۇ كۆپ قەرزگە بوغۇلىسىز. سىز ئەگەر 70 – 80 دوللار پۇلغا ئېرىشەلەيدىغانلا ئىش بولسا، ئۆزىڭىزنىڭ جەننەتتىكى ئورنىڭىزنىمۇ باشقىلارغا ئۆتۈنۈپ بېرىدىغانلىقىڭىزنى ئېيتىپسىز! ئۆزىڭىزنى بەك كەمسىتىۋېتىپسىز، قېرىندىشىم. كېيىپ ئېيتالايمەنكى، سىز تۆت - بەش ئاي ئىشلىسىڭىزلا مەن بېرىدىغان پۇلنى قوشساق 70 - 80 - دوللارغا ئېرىشەلەيسىز. ئەگەر مەن سىزگە بۇ پۇلنى بېرىپ تۇرسام سىز بېرىڭىزنى ماڭا رەنىگە قويىدىكەنسىز، ئەگەر پۇلنى قايتۇرالمىسىڭىز يەرنىڭ ئىگىدارچىلىق ھوقۇقى ماڭا ئۆتىدىكەن. بۇ نېمىدېگەن بىمەنىلىك! سىزنىڭ مۇشۇنداق يەرلىرىڭىز تۇرۇپمۇ جېنىڭىزنى جان ئېتەلمەيۋاتسىڭىز، ئەگەر بۇ يەرلىرىڭىزدىن ئايرىلىپ قالسىڭىز ئۇ چاغدا قانداق تۇرمۇش كەچۈرىسىز؟*

*سىز ماڭا ئىنچىل ياخشى مۇئامىلە قىلىپ كەلدىڭىز، مېنىڭ ھازىر سىزگە قىلغانلىرىممۇ ئارىمىزدىكى ھېسسىياتنى بىر ياققا قايرىپ قويغانلىقىم ئەمەس. ئەگەر نەسىھەتىمنى ئاڭلىسىڭىز، بۇ مەسلىھەتىم سىزگە بەرگەن 80 دوللارغا قارىغاندا تېخىمۇ زور قىممەتكە ئىگىدۇر.*

*سىزگە بەخت تىلەپ!*

*— قېرىندىشىڭىز ئابراھام لىنكولن*

شەرھي كالام: ياردەم بېرىش توغرا كەلسە، نامراتلارغا ياردەم بەرمەي، ياردەمگە جىددىي ئېھتىياجلىقلارغا ياردەم قىلغان تۈزۈك. تەبىئىي ئاپەتتىن باشقا سەۋەبتىن بولغان نامراتلىقنىڭ ھەممىسنى چوقۇم ئۆزىمىز كەلتۈرۈپ چىقارغان. مەيلى سىزنىڭ زۇڭتۇڭ قېرىندىشىڭىز بولسۇن ياكى ئاللىقانداق ئاقسۆڭەك ئۇرۇق - تۇغقانلىرىڭىز بولسۇن، سىزگە ئەڭ ئەسقاتىدىغىنى يەنىلا تىرىشىپ خىزمەت قىلىدىغان ياخشى ئادەتنى يېتىلدۇرۇشتۇر.

## قەدىرلەش

ئەگەر سىزنىڭ پەقەت نەچچە ئايلا ئۆمرىڭىز قالغان بولسا، سىز بۇ ئازغىنە ئۆمرىڭىزدە نېمە ئىشلارنى قىلىشىڭىز مۇمكىن؟ ئەگەر نەچچە كۈنلا ئۆمرىڭىز قالغان بولسىچۇ؟

نۇرغۇن كىشىلەر، ھاياتنىڭ ئاخىرقى دەقىقىلىرىنى ئۆزى ئەڭ ياخشى كۆرگەن ئادەم بىلەن بىرگە ئۆتكۈزۈشنى ئويلايدىغانلىقىنى ئېيتىشى مۇمكىن.

ھەممە ئادەم ئۆلۈمدىن قورقىدۇ، چۈنكى بىز كېيىنلىكىمىزدىن غەم يەيمىز. بىزدە كەلگۈسىگە نىسبەتەن، ئەنسىرەش، بىتاقەت بولۇش تۇيغۇسى مەۋجۇت. بىز ئۆلۈمدىن قورقىمىز، چۈنكى بىزنىڭ يەنە قىلىشنى ئويلىغان نۇرغۇن ئىشلىرىمىز، سۆيۈشنى ئويلىغان ئادەملىرىمىز، ئېيتماقچى بولغان گەپلىرىمىز بولۇشى مۇمكىن.

كۆپىنچە ھاللاردا بىز «ۋاقىت دېگەن تېخىمۇ ئۇزۇنغۇ» دەپ قارىغاچقا، نۇغۇن ئىشلار ئۆز ۋاقىت - قەرەلىدە قىلىنماي قالىدۇ، خىزمەت ھەلەكچىلىكىدە يۈرۈپ، پەقەت ھېچقانداق ۋاقتىمىز قالمىغان چاغدىلا ئاندىن قايسى ئىشنىڭ ئەڭ مۇھىملىقىنى ھېس قىلىپ يېتىمىز.

ئەگەر ئالدىمىزدىكى ھەربىر كۈننى ئۆزىمىز ئۈچۈن ئەڭ ئاخىرقى بىر كۈن دەپ بىلگەن بولساق، كۈنلىرىمىزنى چوقۇم تېخىمۇ قەدىرلىگەن بولاتتۇق. ئەمما بىز ئۇنداق قىلالمايمىز، چۈنكى، راستتىنلا شۇنداق قىلىدىغان بولساق، خىزمەت قىلىشقىمۇ رايىمىز بارماي قالىدۇ، ئۇ چاغدا قانداق ياشايمىز؟

ئادەم ھامان بىر كۈنى ئۆلىدۇ، ئەگەر سىز ئۆزىڭىزنىڭ قاچان ئۆلىدىغانلىقىنى بىلسىڭىز، ئۇ ھالدا سىزنىڭ ھاياتقا بېرىدىغان تەبىرىڭىز تامامەن باشقىچە بولىدۇ.

بىر راك كېسىلى بىمارى ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ يولدىشىنىڭ ئېيتىشىچە ئەر - خوتۇن ئىككىسى توي قىلغان 30 يىل ئىچىدىكى ئەڭ كۆڭۈللۈك ئۆتكەن چاغلىرى، دەل ئايالىغا ھەمراھ بولۇپ ئۆتكۈزگەن ئاخىرقى 10 نەچچە ئاي ئىكەن. بۇ بىمارمۇ ئۆزىنىڭ راك كېسىلى بولۇپ قالغاندىن كېيىن يولدىشىنىڭ ئۇششاق - چۈششەك ئىشلىرىدىن رەنجىمەيدىغان بولغانلىقىنى، تېخى دائىم يولدىشىغا

---

بۇ ئەسەر جاڭ جيەنفېڭ، خۇ زۇچىڭلار تۈزگەن، «بۈگۈنكى دۇنيا» نەشرىياتى نەشر قىلغان «تەڭرىنىڭ كۈلكىسى — كىچىك ئىشلاردا بۈيۈك پاراسەت» ناملىق كىتابتىن ئېلىندى.

مۇھەببىتىنى ئىپادىلىگەنلىكىنى ئېيتقان.

هاياتلىق دېگەن پەقەت بىر تىنىقىلا باغلىق نەرسە بولغاچقا، ئۆزىنىڭ كىشىلىك هاياتىغا قانداق مۇئامىلە قىلىش قىلچىلىك سەل قاراشقا بولمايدىغان تەخىرسىز مۇھىم ئىش. شۇڭا تۇرمۇشتىكى ئەڭ ئاددىي ئىشلارغىمۇ ئەھمىيەتلىك نەزەر بىلەن قارىغاندىلا، ئاندىن قەدىرلەشنى ئۆگىنىۋالغىلى بولىدۇ. ۋاقىتنى قەدىرلىسەك، ئادەتتە كۈندىلىك تۇرمۇشتا بايقاپ ئۈلگۈرمىگەن كىچىككىنە خۇشاللىقنىمۇ بەخت دەپ بىلسەك، ئۇ هالدا كىشىلىك هايات تېخىمۇ مۇكەممەل، تېخىمۇ مەنىگە باي بولىدۇ.

---

ۋېك يەنپىڭ ئىمزالىقىدىكى بۇ فېليەتون «ئەقىل- پاراسەت» ژۇرنىلىنىڭ 2009- يىللىق 10- سانىغا بېسىلغان. **يۈسۈپجان داۋۇت شاھىدىي** تەرجىمىسى.

## بىر ۋە يۈزمىڭ

ياۋروپانىڭ بىر ساياھەت ئۆمىكى، ئافرىقىدىكى يامىيانى دەپ ئاتىلىدىغان بىر ئىپتىدائىي قەبىلە ياشايدىغان جايغا بېرىپتۇ. قەبىلىدىكى بىر بوۋاي ئاپپاق تون كىيىپ، بودى دەرىخىنىڭ ئاستىدا باداشقان قۇرغىنىچە پاخال بىلەن بىر نەرسىلەرنى توقۇپ ئولتۇرغانىكەن. توقۇلغان نەرسىلەر ناھايىتى نەپىس بولۇپ، فىرانسىيەلىك بىر سودىگەرنىڭ دىققىتىنى تارتىپتۇ. ئەگەر بۇ پاخال بىلەن توقۇلغان نەرسىلەرنى فىرانسىيەگە ئاپارسام، پارىژ ئاياللىرى پاخالدا توقۇلغان شىلەپىلەرنى كىيىپ، پاخالدا توقۇلغان گۈللۈك سېۋەتلەرنى ئېسىشىپ يۈرسە، چوقۇم ئاجايىپ بىر مودىغا ئايلىنىشى مۇمكىن! ئۇ مۇشۇلارنى ئويلاپ هاياجانلانغان هالدا سوراپتۇ:

بۇ پاخال توقۇلمىلارنىڭ بىرسى نەچچە پۇل؟

ـ10 پىسو،ـــ دەپ جاۋاب بېرىپتۇ بوۋاي كۈلۈمسىرەپ.

«ئاھ خۇدا! بۇ قېتىم راسا پۇل تاپقۇدەكمەن» سودىگەر خۇشاللىقىدىن قىن- قىنىغا پاتماي قاپتۇ.

ـــ ئەگەر مەن 100 مىڭ دانە چىغ قالپاق، 100 مىڭ دانە چىغ سېۋەت سېتىۋالسام هەر بىرىدە قانچىلىك ئېتىبار قىلىسىز؟

ـــ ئۇنداق بولسا، هەر بىرسى 20 پېسودىن بولىدۇ.

ـــ نېمە؟ـــ سودىگەر قۇلىقىغا ئىشەنمەي قاپتۇ ۋە«نېمە ئۈچۈن؟!»دەپ ۋارقىرىۋېتىپتۇ.

ـــنېمە ئۈچۈن بولاتتى؟ـــ ئاچچىقلىنىپتۇ بوۋاي،ـــ بىر - بىرىگە ئوپمۇ ئوخشايدىغان 100 مىڭ دانە چىغ قالپاق بىلەن 100 مىڭ دانە چىغ سېۋەتنى توقۇپ بولغىچە مەن زېرىكىپ ئۆلمەيمەنمۇ؟

سودىگەر يەنىلا بوۋاينىڭ گېپىنى چۈشىنەلمەپتۇ، چۈنكى هازىرقى زاماندىكى نۇرغۇن كىشىلەر مال- دۇنيانىڭ ۋەسۋەسىسىدە هاياتلىقتا پۇلدىن باشقا يەنە نۇرغۇن نەرسىلەرنىڭ بارلىقىنى ئۇنتۇپ كېتىشكەن ئىدى. بەلكىم، ئاشۇ «ئەخمەق » يامىيانلىق بوۋاي كىشىلىك هاياتنىڭ چىن مەنىسىنى ھەقىقىي چۈشەنسە كېرەك.

شەرھىي كالام: كىشىلىك هايات پۇلغا ئېھتىياجلىق، خۇشاللىققا تېخىمۇ ئېھتىياجلىق، پۇل بولسا بەلكىم نۇرغۇن خۇشاللىقمۇ بولۇشى مۇمكىن، بىراق خۇشاللىقنى قۇربان قىلىش بەدىلىگە تېپىلغان پۇل هېچنېمىگە ئەرزىمەسلىكى مۇمكىن.

---

جاك جېيەنفېڭ، خۇ زۈچىڭلار تۈزگەن، «بۈگۈنكى دۇنيا» نەشرىياتى نەشر قىلغان «تەگرىنىڭ كۈلكىسى ـ كىچىك ئىشلاردا بۈيۈك پاراسەت» ناملىق كىتابتىن **يۈسۈپجان داۋۇت شاھىدىي** تەرجىمىسى. تىلماچ: كۇچار ناھىيە ئۈچئۆستەڭ يېزىلىق هۆكۈمەتتىن.

## مۇۋەپپەقىيەتنىڭ سىرى

ـــ ئەپەندىم، مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىڭىزنىڭ سىرى نېمە؟ـــ دەپ سوراپتۇ مۇخبىر بانكا باشلىقىدىن.

ـــ ئىككى ئېغىزلا گەپ،ـــ دەپ جاۋاب بېرىپتۇ بانكا باشلىقى.

ـــ ئەپەندىم، ئۇنىڭ قايسى ئىككى ئېغىز گەپلىكىنى ئېيتىپ بېرەلەرسىزمۇ؟ـــ دەپ سوراپتۇ مۇخبىر.

ـــ توغرا قارار،ـــ دەپ جاۋاب بېرىپتۇ بانكا باشلىقى.

ـــ ئۇنداقتا سىز توغرا قارارنى قانداق چىقىرىسىز؟ـــ دەپ سوراپتۇ مۇخبىر.

ـــبىر ئېغىزلا گەپ، ـــ دەپتۇ بانكا باشلىقى.

— ئەپەندىم، ئۇنداقتا ئۇ گەپ زادى نېمە؟

— تەجرىبە،— دەپ جاۋاب بېرىپتۇ بانكا باشلىقى.

— ئۇنداقتا، سىز تەجرىبىگە قانداق ئېگە بولىسىز؟— يەنە سوراپتۇ مۇخبىر.

— ئىككى ئېغىزلا گەپ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ بانكا باشلىقى.

— ئەپەندىم، ئەمدى بۇ قايسى ئىككى ئېغىز گەپ؟

— خاتا قارار،— دەپ جاۋاب بېرىپتۇ بانكا باشلىقى.

---

جاۋ رۇڭشيا تەرجىمىسىدىكى بۇ يازما «فېلىيەتونلار ئايلىق ژۇرنىلى»نىڭ 2010- يىل ماي (ئالدىنقى يېرىم ئايلىق) سانىغا بېسىلغان. **ئىدرىس قۇددۇس ئەركزات** تەرجىمىسى. تىلماچ: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى (دىن ئىشلىرى ئىدارىسى) مىللەت- دىن سىياسىتى تەتقىقات ئورنىدا.

# ھېكمەتلىك ھېكايەتلەر

## زىمىستاندىكى ئىللىقلىق

شۇ يىلى مەن نيۇيوركتا ئىدىم. قىشنىڭ بىر كۈنى چۈشتىن كېيىن، يول بويىدىكى گېزىت يايمىسىدىن بىر ژۇرنال سېتىۋېلىپ، بىر دوللارلىق پۇلدىن بەشنى يايمىچىغا بەردىم. بۇ چاغدا كۈچلۈك شامال چىقىۋاتقان بولۇپ، يايمىچىنىڭ قولىدىكى پۇلدىن بىرسى ئۇچۇپ كېتىپ، سوغۇقتا دىرىلدەپ تىترەپ، پۇتلىرىنى سوزۇپ ئولتۇرغان بىر تىلەمچىنىڭ يېنىغا بېرىپ قالدى.

بۇ چاغدا يايمىچى:

— چاتاق بولدى، پۇلنى ئالالمايدىغان بولدۇق،— دېدى.

مېنىڭ كاللامدا ھېچقانداق ئىنكاس يوق ئىدى. پەقەت تىلەمچىنىڭ پۇلنى ئېلىپ بىزنىڭ يېنىمىزغا كېلىۋاتقانلىقىغا قاراپلا تۇراتتىم. ئۇ بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلماستىن قاسماق قولىدىكى پۇلنى ماڭا سۇندى.

مەن سەممىيلىك بىلەن ئۇ پۇلنى تىلەمچىنىڭ قولىغا قايتۇرۇپ تۇتقۇزدۇم. ئۇ قولىنى سۇنۇۋېتىپ ئىككىلىنىپ تۇرۇپ قالدى.

مەن مۇلايىملىق بىلەن:

— بۇ سىزنىڭ پەزىلىتىڭىزگە قىلغان كۈتۈلۈم،— دېدىم.

ئۇ «رەھمەت» دېگىنىچە ھېلىقى پۇلنى ئېلىپ يەنە ئەسلىدىكى ئورنىغا بېرىپ ئولتۇردى.

يايمىچى ھەيرانلىق بىلەن قاراپ قالغان ئىدى. مەن يانچۇقۇمدىن يەنە بىر دوللار چىقىرىپ ئۇنىڭ پۇلىنى تولۇقلاپ بەرمەكچى بولدۇم. بۇ چاغدا ئۇ:

— ئۇ ياخشى ئادەم! —دېدى. — ئارقىدىن پۇلنى ئېلىپ دەرھاللا، —سىزمۇ ياخشى ئادەم! —دېدى.

مەن كۈلۈپ قويدۇم. زىمىستاندىكى ئاجىز قۇياش نۇرى ماڭا ۋە تىلەمچىگە چۈشۈپ تۇراتتى.

مەن ئىختىيارسىز «نامراتلىق» بىلەن «ئاچ كۆزلۈك» دېگەن بۇ ئىككى سۆزنىڭ يېزىلىشى ئوخشىمىغىنىدەك، مەنىسىنىڭمۇ تامامەن ئوخشىمايدىغانلىقىنى ھېس قىلدىم.

---

مەن ليەن ئىمزالىقىدىكى بۇ ئەسەر «ھېكايىلەر» ژۇرنىلى «كىلاسسىك مىكرو ھېكايىلەر» تېپىنىڭ 2010- يىللىق 2- سان (كېيىنكى يېرىم ئايلىق)غا بېسىلغان.

## ئەجدىھاغا ئايلىنىش ئىشكى

بىر توپ كارپ بېلىقى دېڭىزنىڭ تېيىز يەرلىرىدە كۆڭلى خالىمىسىمۇ ئادەتتىكىچە ياشايدىكەن. شۇڭا ئۇلار توپلىشىپ ئەجدىھا ئىشكى ئالدىغا كېلىپتۇ ۋە بۇ ئىشكتىن كىرىپ، ئەجدىھاغا ئايلىنىپ كەتمەكچى بوپتۇ. بىراق، ئەجدىھا ئىشكى ناھايىتى ئېگىز بولغاچقا ئۇرۇق ھەم چېنىقمىغان بېلىقلار كىرەلمەپتۇ. بۇ ئىشكتىن كىرمەكچى بولۇپ، ئېغىز- بۇرۇنلىرى قاناپ- ئىششىپ كەتكەن بېلىقلار ئەجدىھا شاھتىن ئىشكنى پەسلىتىپ بېرىشنى تەلەپ قىلىپتۇ. ئەجدىھا شاھ ئۇلارنىڭ تەلىپىنى رەت قىلىپتۇ، بىراق بېلىقلار جاھىللىق بىلەن ئۇردا سىرتىدا ئايلانغىنىچە پەقەت كەتكىلى ئۇنىماپتۇ. ئاخىرى ئەجدىھا شاھنىڭ كۆڭلى يۇمشاپ، ئىشكنى ئازراق پەسلىتىپ بېرىپتۇ. بۇ چاغدا كۆپ قىسىم بېلىقلار ئىشكتىن كىرىپ خۇشاللىقتا چۆمۈپتۇ.

بىراق، ئۇزۇن ئۆتمەي بۇ خۇشاللىقتىن ئەسەرمۇ قالماپتۇ. چۈنكى، بىلىقلار ئىمتىياز جەھەتتە باشقا ھەمراھلىرىدىن تۆۋەن تۇرىدىغانلىقىنى بايقاپ قاپتۇ. ئەسلىدە بۇ بىلىقلار ئەجدىھاغا ئايلانغان بولسىمۇ، بۇلارنىڭ بىلىقلىق خاراكتېرى ئۆزگەرمىگەچكە، ئۇلاردا ئەجدىھالىق خىسلەت يېتىلمەپتۇ، شۇڭا بىلەن بىلىقلار يەنە ئەجدىھا شاھنى ئىزدەپ كۆڭلىدىكى گەپنى دەپتۇ.

ئەجدىھا شاھ ئۇلارنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ، كۈلۈپ كېتىپ ئۇلارغا:

— ھەقىقىي ئەجدىھاغا ئىشكىنى پەسلىتىپ بىرىش كەتمەيتتى، — دەپتۇ.

ھاسىلكالام: مۇۋەپپەقىيەتنىڭ قىممىتى بولمىسا، ئىرىشكىنىڭ ھەر قانچە كۆپ ياكى زور بولسىمۇ يەنىلا مەغلۇپ بولغۇچىسەن.

---

خەي يەن ئىمزالىقىدىكى بۇ ئەسەر «ھېكايىلەر» ژۇرنىلى «كىلاسسىك مىكرو ھېكايىلەر» تېپىنىڭ 2010- يىللىق 2- سان (كېيىنكى يېرىم ئايلىق)غا بېسىلغان.

## قىمار ئويناش

بىر ئادەم قىمار ئوينايدىكەن. ئەمما ھەمىشە ئۇتتۇرۇۋېتىدىكەن. ئۇ ناھايىتى ئاچچىقلىنىپ، بۇندىن كېيىن قىمار ئويناسلىققا قەسەم قىپتۇ.

ئۇ بىر كۈنى كالىسىنى قويۇۋېتىپ، ئىلگىرىكى قىمار ئوينىغان ئىشلىرىنى ئەسلەپ چىقىپتۇ. ئەسلىگەنسېرى ئاچچىقى كېلىپ، ئازابلىنىپ كېتىپتۇ. ئۇ قارتنى تۇتۇپ تۇرۇپ ئۆز- ئۆزىگە: «تۆت ئادەم ئوينىسا ئۇتتۇرۇۋېتىدىكەن. ئۈچ ياكى ئىككى ئادەم ئوينىسىمۇ ئوخشاشلا ئۇتتۇرۇۋېتىدىكەن. بىر ئادەم ئوينىسا ئۇتتۇرۇۋېتىدىغانلىقىغا ئىشەنمەيمەن» دەپتۇ ۋە ئۆزى يالغۇز ئويناشقا كىرىشىپتۇ. بىر ئاز ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇ، ئارقا تەرىپىدىن بىراۋنىڭ كىمنىدۇر تىللاۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ قاپتۇ. ئەسلىدە ئۇنىڭ كالىسى بۇغدايلىققا كىرىپ خېلى كۆپ يەرنىڭ بۇغدىيىنى بۇزۇۋەتكەن بولغاچقا، ھېلىقى كىشى كالىنىڭ ئىگىسىنى ئىزدەۋاتقان ئىكەن. ئۇ ئامالسىز ھېلىقى كىشىگە زىياننى تۆلەپ بېرىپتۇ.

ئۆيگە قايتقىچە ئۇ ناھايىتى ئاچچىقلىنىپ، بىر ئادەم ئوينىسىمۇ ئۇتتۇرۇۋېتىدىغانلىقىغا چوڭقۇر ئىشىنىپتۇ.

ھاسىلكالام: ئەمەلىيەتتە، ئادەمدىكى يامان ئادەت ئۆزگەرمىسە، ئۇ ھاياتىدا نۇرغۇن ياخشى پۇرسەتلەرنى قولدىن بېرىپ قويىدۇ.

---

ياڭ خۇۋمىڭ ئىمزالىقىدىكى بۇ ئەسەر «ھېكايىلەر» ژۇرنىلى «كىلاسسىك مىكرو ھېكايىلەر» تېپىنىڭ 2010- يىللىق 1- سان (كېيىنكى يېرىم ئايلىق)غا بېسىلغان.

## تۈلكە ئەسلىي ئەسكى ئەمەس

تۈلكە ئەسلىي ئەقىللىق ۋە يامان نىيەتلىك ئەمەس ئىكەن. بىر كۈنى ئۇ بىر پەرىزاتقا ئۇچراپ قىلىپ، پەرىزاتتىن ئۆزىگە ئەقىل- پاراسەت بېرىشنى ئۆتۈنۈپتۇ. پەرىزات تۈلكىگە بىر تال خىسلەتلىك مېۋە بېرىپتۇ. تۈلكە ئۇنى يەپ دەرھال ئەقىل- پاراسەتلىك مەخلۇققا ئايلىنىپتۇ. كۆپچىلىكمۇ ئۇنىڭ ئەقىل- پاراستىنى بەكلا ماختىشىپتۇ.

بىر كۈنى تۈلكىگە يەنە بىر ئايال پېرىخون ئۇچراپ:

— سەن ناھايىتى ئەقىل- پاراسەتلىك. ئەگەر بۇ ئەقىل- پاراستىڭگە ئازراق ئاچ كۆزلۈك قوشۇلسا، سەن تېخىمۇ قالتىس بولۇپ كېتەتتىڭ، — دەپتۇ.

تۈلكە بۇنى ئاڭلاپ: قارىغاندا، «ئاچ كۆزلۈك» بولىدىغان نەرسە ئوخشايدۇ، دەپ ئويلاپتۇ. ئايال پېرىخون بىر تال قارا دورىنى تۈلكىنىڭ يېيىشىگە بېرىپتۇ. تۈلكە بۇ دورىنى يەپ، دورىنىڭ قالتىسلىقىنى ھېس قىلىپتۇ. دەرھاللا:

— سەن بۇ دورىدىن ماڭا جىقراق بەرگىن! — دەپتۇ.

— بۇ دورىدىن بىر تال يېسەڭلا كۇپايە، سەن ھېلى يېگەن بىر تال دورا بىلەن ئاچ كۆزگە ئايلاندىڭ. بولدى، ئەمدى سەن ئەقىل- پاراسەت ۋە ئاچ كۆزلۈكتە دۇنيادىكى ئەڭ قالتىس ھايۋانغا ئايلاندىڭ، — دەپتۇ ئايال پېرىخون.

شۇنىڭدىن كېيىن تۈلكىنىڭ نىيىتى بۇزۇلۇپتۇ. ئۇ ئالدامچىلىق بىلەن بۆرىنىڭ ئاغزىدىكى گۆشنى يەۋاپتۇ. خورازنى ئالداپ يەپ، ئۆردەكنى بوغۇپ

ئۆلتۈرۈپتۇ . ئۇ بارغانسېرى ئاچ كۆزلىشىپتۇ. كۆپچىلىكنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭغا ئۆچ بوپكېتىپتۇ. پەرىزات بۇنى بىلگەندىن كېيىن ناھايىتى پۇشايمان بىلەن:

— ئەگەر تۈلكىنىڭ ئاچ كۆز بولۇپ كېتىدىغانلىقىنى بىلگەن بولسام، ئۇنىڭغا ئەقىل- پاراسەت بەرمەس ئىكەنمەن. ئەقىل- پاراسەت بىلەن ئاچ كۆزلۈك بىرلەشسە، ئېغىر جىنايەت كېلىپ چىقىدىكەن،— دەپتۇ.

---

چېن شىنباۋ ئىمزالىقىدىكى بۇ ئەسەر «ھېكايىلەر» ژۇرنىلى «كلاسسىك مىكرو ھېكايىلەر» تېپىنىڭ 2010- يىللىق 1- سان (كېيىنكى يېرىم ئايلىق)غا بېسىلغان. مەخمۇتجان يانتاق تەرجىمىسى. تىلماچ: قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيە يامانيار يېزا ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى.

# تۇرمۇش كارتىنىلىرى

## خىزمەت تېپىش

ئوغلى ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزدى. ئوغلى قايتىپ كېلىشىگىلا دادىسى تەشەببۇسكارلىق بىلەن لايىقتىن بىرنى تېپىپ ئوغلىغا دېدى:

— مەن ساڭا بىر قىز تاپتىم.

— ھاجىتى يوق،— دېدى ئوغۇل،— مەن ئۆزۈم تاپالايمەن.

— ساڭا تاپقان قىز باشقا بىرى ئەمەس، بەلكى شەھەر باشلىقىنىڭ قىزى، —دېدى دادىسى.

— شەھەر باشلىقىنىڭ قىزى بولسا، ئۇنى ئالاي،— دېدى ئوغلى.

ئوغلىنىڭ توي ئىشى ئەنە شۇنداق بېكىتىلدى.

بىر كۈنى دادىسى مالىيە ئىدارىسىنىڭ باشلىقىنى ئىزدەپ بېرىپ دېدى:

— مەن سىزگە بىر ئىستۇدېنتنى تونۇشتۇراي.

— كەچۈرۈڭ!—دېدى مالىيە ئىدارىسىنىڭ باشلىقى،— بىزنىڭ بۇ ئورۇنغا ئادەم لازىم ئەمەس.

— مەن تونۇشتۇرىدىغان ئادەم باشقا بىرى ئەمەس، بەلكى شەھەر باشلىقىنىڭ كۈيئوغلى— دېدى بالىنىڭ دادىسى.

— ھە، ئۇنداق بولسا، ئۇ ئەتىلا كېلىپ ئىزىمغا ئالدۇرسۇن!

---

خۇاڭ چىڭجۇەن ئىمزالىقىدىكى بۇ ئەسەر «فېلىيەتونلار گېزىتى»نىڭ 2010- يىل 9- فېۋرال سانىغا بېسىلغان.

## مۇھەببەت نەزىرى

بىر قىز بىلەن بىر يىگىت تۇنجى قېتىم ئۇچرىشىشقا ۋەدىلەشتى. يىگىت دېيىشكەن ئورۇنغا بالدۇر كېلىپ ساقلىدى. پۈتۈشكەن ۋاقىتتىن 20 مىنۇت ئۆتۈپ كەتكەن بولسىمۇ، قىزنىڭ قارىسى كۆرۈنمەيتتى.

يەنى 30 مىنۇت ئۆتكەندە، يامغۇر يېغىشقا باشلىدى. بىراق يىگىت يامغۇرلۇق ئېلىپ كەلمىگەن ئىدى. ئەمما ئۇ يامغۇرغا قارىماي قىزنى ساقلاۋەردى. قىز يامغۇرلۇق كۆتۈرگىنىچە يىگىتنىڭ قېشىغا يۈگۈردى.

※ ※ ※

ئەپەندىم بىلەن خېنىم ئۇچرىشىشقا ۋەدىلەشتى. ئەپەندىم بالدۇر كەلدى. پۈتۈشكەن ۋاقىتتىن 20 مىنۇت ئۆتۈپ كەتكەن بولسىمۇ، ئەمما خېنىمنىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمەيتتى.

پۈتۈشكەن ۋاقىتتىن 30 مىنۇت ئۆتكەندە يامغۇر يېغىشقا باشلىدى. بىراق، ئەپەندىم يامغۇرلۇق ئېلىۋالمىغان بولسىمۇ، يەنىلا ئۇنى ساقلىدى.

خېنىم يامغۇرلۇق بىلەن يامغۇرنى توسۇپ نازاكەت بىلەن يېتىپ كەلدى - دە، يەنە نازاكەت بىلەن كېتىپ قالدى.

※ ※ ※

بىرىنچى ھېكايە 60- يىللاردا يۈز بەرگەن ئىدى.

ئىككىنچى ھېكايە 90- يىللاردا يۈز بەرگەن ئىدى.

بىرىنچى ھېكايىدىكى قىزچاق ئىككىنچى

ھېكايىدىكى خېنىمنىڭ ئانىسى ئىدى. بۇنىڭ بىلەن بىر مەيدان مۇنازىرە باشلاندى.

ئانا ئۆز پىكرىنى قۇۋۋەتلەپ: بۇنداق يىگىتلەر سەممىي، سادىق، ئىشەنچلىك كېلىدۇ، ئۆزىنى ئۆمۈرلۈك بېغىشلاشقا بولىدۇ، دېدى.

بىراق قىزى بۇ پىكىرگە قوشۇلماي، بۇنداق ئەرلەر جاھىل، قولىدىن ئىش كەلمەيدىغان، قابىلىيەتسىز كېلىدۇ، ئەگەر ئۇنداق ئادەمگە ياتلىق بولغان قىزغا ياخشى كۈن يوق، دېدى.

ئانىسىنىڭ ئۇغىسى قايناپ:

ــ ئەجەبا سەن داداڭغىمۇ مۇشۇنداق قارامسەن؟ــ دېدى. قىز شۇ ھامان:

ــ ئۇنداق قىلسام نېمە بوپتۇ، سەن تېخى ھېس قىلالمىدىڭمۇ؟ دادام شۇنچە جاپالىق نەچچە ئون يىل ئىشلەپمۇ تېرىقنىڭ پىنىسىپلىك ئەمەلگە ئېرىشەلمىگەنىنىڭ ئۈستىگە، سىقمى تولغۇدەك پۇلىمۇ كۆرمىدى، ئەللىك ياشقا كىرگەن بولسىمۇ، يەنىلا شۇ نامرات پېتى ئۆتۈۋاتامسىلەر! ھازىر دېگەن بازار ئىگىلىكى دەۋرى تۇرسا، سەن مېنى ئاشۇ ئۆزۈڭنىڭ كونا يولىدا ماڭسۇن دەمسەن؟

---

جاڭ فېڭ ئىمزالىقىدىكى بۇ ئەسەر «فېلىيەتونلار ئايلىق ژۇرنىلى» نىڭ 2009 ـ يىل 12 ـ سانىغا بېسىلغان. راخمانجان روسۇل سۇلتانىي تەرجىمىسى.تىلماچ: شىنجاڭ يېزائىگىلىك رادىيو ـ تېلېۋىزىيە مەكتىپى پەيزىۋات شۆبىسىدىن.

## تەھرىراتىمىزنىڭ ئالاھىدە ئۇقتۇرۇشى

ئاپتورلار تەھرىراتىمىزغا ئەسەر ئەۋەتكەندە تۆۋەندىكى نۇقتىلارغا ئالاھىدە دىققەت قىلىشى كېرەك:

1. ئاپتورلار كونۋېرتقا ۋە ئەسەرگە ئىسىم ـ فامىلىسى، كەسپى، ئادرېسىنى ئۇيغۇر، خەنزۇ يېزىقلىرىدا ئېنىق ۋە تەپسىلىي يېزىشى، ئالاقىلىشىشقا قولايلىق بولۇشى ئۈچۈن تېلېفون ۋە يانفونى بارلار ئەسكەرتىپ قويۇشى كېرەك.

2. ئەسەرلەر ئۆلچەملىك ماقالە ياكى ئىش قەغىزىگە قۇر ئارىلىقى كەڭ، ئىملا قائىدىسىگە ئۇيغۇن يېزىلىشى كېرەك. بەتنىڭ ئاستى ـ ئۈستىدىن مۇۋاپىق ئاق تاشلانمىغان، ئالدى ـ ئارقىسىغا يېزىلغان، ئىملاسى سەت، قۇر ئارىلىقى زىچ، سۆز ـ جۈملىلەر گراماتىكا قائىدىسىگە ئۇيغۇن بولمىغان ئەسەرلەر بىردەك قوبۇل قىلىنمايدۇ ياكى ئىشلىتىلمەيدۇ. كومپيۇتېردا باستۇرۇپ ئەۋەتىش تەلەپ قىلىنمايدۇ.

3. ئەسەرلەردە ئېلىنغان نەقىللەرنىڭ ئاپتورلىرى، بېسىلغان كىتاب، گېزىت ـ ژۇرناللارنىڭ نەشر قىلىنغان ۋاقتى، نەشر قىلغان نەشرىياتلار ئېنىق، توغرا، ئەينەن ئەسكەرتىلىشى كېرەك. مەزكۇر تەلەپكە ئۇيغۇن بولمىغان ئەسەرلەر بىردەك قوبۇل قىلىنمايدۇ ياكى ئىشلىتىلمەيدۇ.

4. تەرجىمە قىلىنغان ياكى نەشرگە تەييارلانغان ئەسەرلەرنى ئەۋەتكەندە مەزكۇر ئەسەرلەرنىڭ ئەسلىي نۇسخىسى ياكى كۆپەيتىلگەن نۇسخىسىنى ئەۋەتىش بىلەن بىرگە، نەشر قىلغان گېزىت ـ ژۇرنال، نەشرىياتلارنىڭ نەشر قىلغان ۋاقتى، نەشر خاتىرىسىنى قوشۇپ قويۇلۇشى كېرەك. بۇ تەلەپكە ئۇيغۇن بولمىغان ئەسەرلەر بىردەك قوبۇل قىلىنمايدۇ ياكى ئىشلىتىلمەيدۇ.

5. يېزا ـ قىشلاقلاردىكى ئاپتورلار، بولۇپمۇ دېھقان ئاپتورلار ئۆز ئادرېسلىرىنى يازغاندا ئۆزلىرى تۇرۇشلۇق كەنتلەرنى ئانچىنچى كەنت، مۇنچىنچى كەنت دەپ سان ـ رەقەم بىلەن ئالماي، شۇ يەرلىك ھۆكۈمەت ئورناتقان يەر ـ جاي ناملىرى تاختىسىدا يېزىلغىنى بويىچە ئەسلىي ئاتىلىشى بىلەن ئۆز ئەسەرلىرىگە توغرا يېزىشى كېرەك.

6. ئاپتورلار ئۆز ئەسەرلىرىنىڭ ژۇرنالغا بېرىلگەن ياكى بېرىلمىگەنلىكىنى ژۇرنالدىن كۆرۈۋالسا بولىدۇ، تېلېفون بېرىپ سۈرۈشتۈرۈش ھاجەت ئەمەس. زۆرۈر تاپسا تەھرىراتىمىز ئاپتورلار بىلەن ئۆزى ئالاقىلىشىدۇ.

7. ژۇرنىلىمىزدا ئېلان قىلىنغان ئەسەرلەرنىڭ نەشر ھوقۇقى ژۇرنىلىمىزغىلا تەۋە، رۇخسىتىمىزسىز تورغا چىقىرىشقا، توپلام تۈزۈشكە رۇخسەت قىلىنمايدۇ، خىلاپلىق قىلغۇچىلارنىڭ قانۇن بويىچە جاۋابكارلىقى سۈرۈشتۈرۈلىدۇ. ھەر دەرىجىلىك رادىيو ئىستانسىلىرى ژۇرنىلىمىزدىكى ئەسەرلەرنى ئاڭلاتقاندا ژۇرنىلىمىزدىن ئېلىنغانلىقىنى ئەسكەرتىشى كېرەك.

8. ژۇرنىلىمىزغا ئەۋەتىلگەن ئەسەرلەردىن ئۆزگەرتىش ۋە تولۇقلاشقا تېگىشلىك دەپ قارالغانلىرىدىن باشقىلىرى بىردەك قايتۇرۇلمايدۇ. شۇڭا ئاپتورلار ئەسەر ئەۋەتكەندە ئۆزىدە بىر نۇسخا ساقلاپ قېلىشى كېرەك.

9. پوچتىدىن قەلەم ھەققى سېلىشتا قولايلىق بولۇشى ئۈچۈن ئاپتورلار تەھرىراتىمىزغا ئەسەر ئەۋەتكەندە كىملىكىنىڭ كۆپەيتىلگەن نۇسخىسىنى يازمىسىغا چاپلاپ ئەۋەتىشى كېرەك.

**ــ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى تەھرىراتى**



# «ئۇيغۇر مەدەنىيەت ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى» قاچان، قانداق قۇرۇلغان

**يالقۇن روزى**

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان يەرلىك مەدەنىيەت تەتقىقاتى بارغانسېرى جانلىنىپ، يەرلىك مەدەنىيەتنىڭ تارىخى، خاسلىقى، قىممىتى ۋە ھاياتىي كۈچى قاتارلىق مەسىلىلەر خېلى ئەتراپلىق يورۇتۇلۇۋاتىدۇ ھەم نامايان قىلىنىۋاتىدۇ. يېقىندا نەشر قىلىنغان «ئەزىزانە قەشقەر» ناملىق ئىككى توملۇق كىتابنى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ يەرلىك مەدەنىيەت تەتقىقاتى ساھەسىدە بارلىققا كەلگەن يېڭى نەتىجە دېيىشكە بولىدۇ. بۇ كىتاب «شىنجاڭ قەشقەرنىڭ غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداش تەتقىقاتى گۇرۇپپىسى» تەرىپىدىن تۈزۈلگەن بولۇپ، 2009-يىلى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان. مەن بۇ كىتابنى ئەستايىدىل ئوقۇش جەريانىدا تۈزگۈچىلەرنىڭ قەشقەرنىڭ غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت بايلىقلىرىنى قېزىش، تەشۋىق قىلىش، قوغداش، تەتقىق قىلىش جەھەتتە كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش بىلەن بىللە، قىسمەن جايلاردا خاتالىقلارغا يول قويغانلىقىنى ھېس قىلدىم. تەتقىقات ۋە ئىجادىيەت ساھەسىدە كۆرۈلگەن خاتالىقلارنى تۈزىتىش توغرۇلۇق تەنقىد ۋە تەكلىپ بېرىش نورمال ئىش بولۇپلا قالماستىن، بەلكى زۆرۈر ئىش. «ئەزىزانە قەشقەر» ناملىق كىتابنى تۈزگەن تەتقىقات گۇرۇپپىسى كىتابنىڭ كىرىش سۆزىدە ئىلمىي پوزىتسىيەسىنى ئىپادىلەپ: «بۇ تەتقىقات نەتىجىسى ۋاقتىنىڭ قىسلىقى ۋە تىل قىيىنچىلىقى تۈپەيلىدىن ئۇيغۇر تىلىدا يېزىلدى. ئالىم-مۇتەخەسسىسلەرنىڭ تەكشۈرۈپ بېكىتىشىدىن ئۆتكەندىن كېيىن خەنزۇ تىلىغا تولۇق تەرجىمە قىلىنىپ، ئىككى خىل تىلدا (خەنزۇچە ۋە ئۇيغۇرچە) نەشرگە تەييارلىنىدۇ. ھۆرمەتلىك ئالىم-مۇتەخەسسىسلەرنىڭ قىممەتلىك تەكلىپ-پىكىرلىرىگە موھتاجمىز» دەپ ئالاھىدە ئەسكەرتكەن. مەن تەتقىقات گۇرۇپپىسىدىكىلەرنىڭ مۇشۇنداق روشەن ئىلمىي پوزىتسىيەسى ۋە ئۆزۈمنىڭ ئوبزورچىغا خاس ئەقەللىي بۇرچۇمنى نەزەردە تۇتۇپ، بايقىغان خاتالىقلار توغرىسىدا تەكلىپ پىكرىمنى بېرىپ ئۆتۈشنى لايىق تاپتىم.

«ئەزىزانە قەشقەر» ناملىق بۇ كىتابنىڭ 7-بابى

## بىلگىنىڭگە ئەلدىن ئايىما

«قەشقەر ئۇيغۇر مائارىپى ھەققىدە ئەسلىمىلەر» بولۇپ، بۇ باب بىر مۇقەددىمە، تۆت پاراگرافتىن تەشكىل تاپقان. مەزكۇر بابنىڭ ئىككىنچى پاراگرافى «قەشقەرنىڭ يېڭىچە مائارىپ دەۋرى» بولۇپ، بايقىشىمچە، بۇ پاراگرافتا ۋاقىت، ئورۇن، ۋەقە ھەم شەخسلەرگە ئالاقىدار خاتالىقلار ۋە گۇمانلىق نۇقتىلار خېلى سالماقنى ئىگىلەيدىكەن. مەزكۇر كىتابنىڭ 459 ـ بېتىدە «1933 ـ يىلى 3 ـ ئايدا 6 ـ دىۋىزىيەنىڭ قوماندانى مەھمۇد مۇھىتىنىڭ يېتەكچىلىشى بىلەن قەشقەرنىڭ يېڭى مائارىپ ھەرىكىتى، يېڭى مەدەنىيەت پائالىيەتلىرى ئالاھىدە تەرەققىياتقا ئېرىشتى. ئالدى بىلەن 1933 ـ يىلى 12 ـ ئايدا ‹قەشقەر ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى› قۇرۇلدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئاممىۋى تەشكىلات مەخسۇس قەشقەرنىڭ مائارىپ ئىشلىرى ۋە مەكتەپ ـ مەدرىسەلەرنىڭ تەرەققىياتى، ئىسلاھاتى ئۈچۈن باشلامچى، ئىقتىسادىي جەھەتتىن كۈچلۈك قوللىغۇچى بولۇپ، مەدەنىيەت، مائارىپ ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىدا بەلگىلىك ئىجابىي رول ئوينىدى» دەپ يېزىلغان. بۇ باياندا تارىخىي ئەمەلىيەتكە خىلاپ خاتالىقتىن ئۈچى كۆرۈلگەن.

بىرىنچى خاتالىق: مەھمۇد مۇھىتى قەشقەرگە 1933 ـ يىلى 3 ـ ئايدا ئەمەس، بەلكى 1934 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى خوجىنىياز ھاجى بىلەن بىللە 3000 ـ 4000 كىشىلىك قوشۇننى باشلاپ يېتىپ بارغان [1].

ئىككىنچى خاتالىق: مەھمۇد مۇھىتى 6 ـ دىۋىزىيەگە 1933 ـ يىلى 3 ـ ئايدا ئەمەس، بەلكى 1934 ـ يىلى 8 ـ ئايدا شىجاڭ (دىۋىزىيە كوماندىرى) بولغان. قەشقەر خەلقى ئۇنى «مامۇت سىجاڭ» دەپ ئاتايتتى. قولىدا 1500 ئەسكەر ـ ئوفىتسېر بار ئىدى. مەھمۇد مۇھىتىنىڭ شىجاڭ بولۇشى خوجىنىياز ھاجى سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپنىڭ ئارىغا چۈشۈشى بىلەن شېڭ شىسەينىڭ تەكلىپىگە قوشۇلۇپ شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىكىنى قوبۇل قىلغان مەزگىلدىكى ئىش. شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتى 1934 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ئۈرۈمچىدە داغدۇغىلىق يىغىن ئېچىپ، شىنجاڭدا ئۇرۇش مالىمانچىلىقى ئاخىرلاشتى، تىنچلىق ئەمەلگە ئاشتى، دەپ جاكارلاپ، بۇ كۈننى «شىنجاڭنىڭ تىنچ بىرلىككە كەلگەن خاتىرە كۈنى» قىلىپ بېكىتكەن. شۇنىڭ بىلەن شىنجاڭدا خوتەندىن باشقا جايلار شېڭ شىسەينىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىغا كىرگەن. [2]

ئۈچىنچى خاتالىق: «1933 ـ يىلى 12 ـ ئايدا ‹قەشقەر ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى› قۇرۇلدى» دېگەن باياندا كۆرۈلىدۇ. شىنجاڭدا ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى (تولۇق ھەم توغرا ئاتىلىشى: ئۇيغۇر مەدەنىيەت ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى) قاچان، قانداق قۇرۇلغانلىق مەسىلىسىگە ئائىت خاتالىق ھەر قايسى جاينىڭ «تارىخ ماتېرىياللىرى» دىكى مەدەنىيەت، مائارىپقا ئائىت ئەسلىمە ۋە ماقالىلەردە كۆپ كۆرۈلىدۇ. «ئەزىزانە قەشقەر» دېگەن كىتابتىمۇ ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ قۇرۇلغان ۋاقتى ھەققىدىكى بۇ خاتالىق تەكرارلانغان. «ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى» نىڭ قەشقەردە قۇرۇلغان مەزگىلى 1933 ـ يىلى 12 ـ ئاي ئەمەس. بۇنداق يېزىش ئەينى ۋاقىتتىكى تارىخىي ئەمەلىيەتكە ھەرگىز ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. ئىلگىرى بەزى كىتاب ـ ژۇرناللاردىمۇ مۇشۇ خىلدىكى ئاساسسىز پىكىرلەر ئوتتۇرىغا قويۇلغان. مەسىلەن، مەلۇم بىر كىتابتا: «1933 ـ يىلى 7 ـ ئايدا كاشغەر شەھىرىدە ‹ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى› قۇرۇلغان. بۇ، 1934 ـ يىلى ئۈرۈمچىدە ئۆلكىلىك ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىنىڭ قۇرۇلۇشىغا ئاساس بولغان» دەپ يېزىلغان. ئىلمىي تەتقىقاتتا تەلەپ قىلىنىدىغىنى توغرىلىق، ئىلمىيلىك ۋە پاكىتتىن ئىبارەت. «ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى» نىڭ قەشقەردە قۇرۇلغان ۋاقتى ھەققەتەن يۇقىرىدا ئېيتىلغاندەكمۇ، دېگەندە تارىخىي پاكىت ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس. شىنجاڭدا ئۇيغۇر مەدەنىيەت ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى 1934 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى قۇرۇلغان. يەنى «شىنجاڭ ئۆلكىلىك ئۇيغۇر مەدەنىيەت ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى» نامى بىلەن تۇنجى قېتىم ئۈرۈمچىدە ئىش بېجىرىش ئورنى تەسىس قىلىنغان. توقسۇنلۇق ئابدۇللا داموللا ئۇيۇشمىنىڭ تۇنجى رەئىسى، سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئەۋەتىلگەن مەنسۇر ئەپەندى مۇئاۋىن رەئىس بولغان. شۇ يىلنىڭ ئاخىرىدا ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى شىنجاڭدىكى ئون

ۋىلايەت، 54 ناھىيەدە شۆبە ئۇيۇشمىسىنى قۇرغان. ليۇ زىشىياۋنىڭ «ئۇيغۇر تارىخى» ناملىق كىتابىنىڭ ئىككىنچى قىسىم 2-كىتاب 1430-بېتىدە يېزىلىشىچە، قەشقەردە ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى 1934-يىلى 12-ئايدا قۇرۇلغان.

ئۇنداقتا، شىنجاڭ مىقياسىدا ئۇيغۇر مەدەنىيەت ئاقارتىش ئۇيۇشمىلىرى قانداق تارىخىي سەۋەب تۈپەيلى قۇرۇلغان؟

1931-يىلى قۇمۇل تاغلىرىدا خوجىنىياز ھاجى، سالى دورغىلار باشچىلىقىدا كۆتۈرۈلگەن مىللىي ئىنقىلاب كاللىسى ئاددىي، چىرىك، ئىقتىدارسىز جىن شۇرېن ھاكىمىيىتىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى گۇرۇھلار زىددىيىتىنىڭ بارغانسېرى ئۆتكۈرلىشىشىگە سەۋەب بولغان. نەتىجىدە 1933-يىلى ئۈرۈمچىدە يۈز بەرگەن «12-ئاپرېل ئۆزگىرىشى» بىلەن ئالتە يىل داۋام قىلغان جىن شۇرېن ھاكىمىيىتى ئۆرۈلۈپ چۈشكەن. «ۋاقىتلىق قوغدىنىش كومىتېتى» قۇرۇلۇپ جىن شۇرېن دەۋرىدە مائارىپ نازىرى بولغان ليۇ ۋېنلۇڭ باشلىق بولغان. ليۇ ۋېنلۇڭ ۋەزىيەتنى ئۇنۇملۇك كونترول قىلىش ھەم شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ كۆڭلىنى مايىل قىلىش ئۈچۈن قولىدا ھەربىي ئەمەلىي كۈچى بار شېڭ شىسەينى ھەم ھەر قايسى مىللەتتىن بولغان بىر تۈركۈم نوپۇزلۇق كىشىنى «ۋاقىتلىق قوغدىنىش كومىتېتى»غا يېڭىدىن ئەزالىققا كىرگۈزگەن. بۇ ئەزالار ئىچىدە ئۇيغۇر، قازاق، موڭغۇل، شىبە، تاتار، مانجۇ، خۇيزۇلاردىن چىققان مەشھۇر زاتلار بار ئىدى. «ۋاقىتلىق قوغدىنىش كومىتېتى» ئۆزىنىڭ ياڭ زېڭشىن ۋە جىن شۇرېن ھاكىمىيىتىدىن ماھىيەتلىك پەرقلىنىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈش ھەم خەلقچىل، دېموكراتچىل، تەرەققىياتچىل، مەرىپەتچىل ئوبرازىنى تىكلەش ئۈچۈن ئىككى كۈندىن كېيىن، يەنى 1933-يىلى 4-ئاينىڭ 14-كۈندىكى يىغىندا ئون ماددىلىق بىر پروگراممىنى مۇزاكىرە قىلىپ ماقۇللىغان. بۇ ئون ماددا مۇنۇلار: 1. ھەر قايسى مىللەت سىياسىي، ئىقتىسادىي، مائارىپ جەھەتتە بىردەك باراۋەر بولۇش؛ 2. جايلارنىڭ ئەمەلدارلىرىنى سايلام ۋە ئىمتىھان ئارقىلىق تاللاش، ئۆلكە ۋە مىللەت چېگراسى بولماسلىق؛ 3. خەلقنىڭ يىغىلىش، تەشكىلاتلارغا ئۇيۇشۇش، نەشرىيات، پىكىر بايان قىلىش قاتارلىق ئەركىنلىكلىرى بولۇش؛ 4. جىن شۇرېننىڭ خەلققە تاڭغان تۈرلۈك قانۇنسىز، شەپقەتسىز سىياسىتىنى بىكار قىلىش؛ 5. قاتناشنى راۋانلاشتۇرۇش، ھەر قايسى مىللەت، ھەر قايسى جاينىڭ تۇرمۇش سەۋىيەسىنى تەڭشەش؛ 6. كان مەھسۇلاتلىرىنى ئېچىپ، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىنى مۇستەقىل قىلىش؛ 7. دېھقانلارغا ياردەم بېرىش، يېزا ئىقتىسادىنى تولۇقلاش ۋە كونكرېتلاشتۇرۇش؛ 8. دىپلوماتىيە ئىشلىرى مەركەزگە تەئەللۇق بولۇش؛ 9. پارتىيەلەشتۇرۇش تەربىيەسىنى يولغا قويۇش؛ 10. مالىيەدە مەركەز بىلەن بىردەك بولۇش.[3]

بۇ ئون ماددىلىق پروگراممىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان مەزمۇنلار شىنجاڭ خەلقى ئۈچۈن ئېيتقاندا ئەزەلدىن كۆرۈلۈپ باقمىغان دەرىجىدە ئىلغارلىققا ئىگە ئىدى. بولۇپمۇ بىرىنچى ماددىدا دەل مەدەنىيەت، مائارىپ جەھەتتىكى باراۋەرلىك مەسىلىسى تىلغا ئېلىنغان. بۇ، ياڭ زېڭشىن زامانىدا تىلغا ئېلىنماۋ تۈگۈل، قاتتىق چەكلەنگەن مەسىلە ئىدى. ياڭ زېڭشىن دەۋرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە «يېڭىلىق تەرەپدارى» دەپ ئاتالغان يەن ياۋنەن «شىنجاڭنى قۇتقۇزۇش چارىسى» سۈپىتىدە «مىللەتلەر باراۋەر بولۇش، مالىيەنى تەرتىپكە سېلىش، خىيانەتچىلىكنى يوقىتىش، مائارىپنى راۋاجلاندۇرۇش، ھەربىي قىسمىنى رەتكە سېلىش» دېگەن بەش ماددىلىق چارىنى ئوتتۇرىغا قويغان بولسىمۇ، ياڭ زېڭشىن ھازىرقى مەۋجۇت ھالەتنى ساقلاپ قېلىش كېرەك دەپ، ئۇنىڭغا پىسەنت قىلمىغان. ئۇنىڭ «مەۋجۇت ھالەتنى ساقلاپ قېلىش» دېگىنى شىنجاڭدا مەدەنىيەت، مائارىپنى راۋاجلاندۇرماسلىق، خەلقنى نادانلىقتا قالدۇرۇش سىياسىتى ئىدى. «يېڭىلىق تەرەپدارى» بولغان يەن ياۋنەن «كونىلىق تەرەپدارى »بولغان ياڭ زېڭشىننى 1928-يىلى 7-ئاينىڭ 7-كۈنى ئېتىپ تاشلىغان. لېكىن تەييارلىقى پۇختا بولمىغان يەن ياۋنەن جىن شۇرېن گۇرۇھى تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنغان. ياڭ زېڭشىندىن كېيىن شىنجاڭنىڭ ھاكىمىيىتىنى قولىغا

ئالغان جىن شۇرېن «مائارىپ بىلەن شۇغۇللىنىش، خەلقنىڭ زېھنىنى ئېچىش»نى تەشەببۇس قىلغان بولسىمۇ، بۇ تەشەببۇسنىڭ مۇقامى ناھايىتى تۆۋەن بولغان. ئۇنىڭ بۇ تەشەببۇسى خىراجەت، ئوقۇتقۇچى، ئەسلىھە قاتارلىق مەسىلىلەر كەمچىل بولۇش سەۋەبىدىن ئىشقا ئاشمىغان. ياڭ زېڭشىن ۋە جىن شۇرېن دەۋرىدىكى مەدەنىيەت، مائارىپ سىياسىتىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا لىۇ ۋېنلۇڭ رەھبەرلىكىدىكى «ۋاقىتلىق قوغدىنىش كومىتېتى»1933 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى ئېلان قىلغان ئون ماددىلىق پىروگراممىدىكى مەدەنىيەت، مائارىپ سىياسىتىنىڭ مۇقامىنى ئالاھىدە يۇقىرى دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ. بۇ پىروگراممىدىكى خەلققە بېرىلگەن ھوقۇقلار شۇ چاغلاردىكى قامال قىلىنغان جەمئىيەت ئۈچۈن زور ئىش ئىدى.

شۇ كۈنى ئېچىلغان يىغىننىڭ يەنە بىر نەتىجىسى شۇ بولغانكى، «12 ـ ئاپرېل ئۆزگىرىشى»دە تۆھپىسى گەۋدىلىك بولغان، قولىدا ھەربىي ھوقۇقى بار شېڭ شىسەي شىنجاڭنىڭ ۋاقىتلىق چېگرا مۇداپىئە دۇبەنلىكىگە سايلانغان. ئۇ، يىغىن ئەھلىگە: پېقىر ھەربىي ئادەم، ھەربىي ئادەم سىياسەتكە ئارىلاشمايدۇ. بۇنىڭدىن كېيىن مەمۇرىي ئىشلارنى لىۇ رەئىس ئۈستىگە ئالسۇن، پىكىر بىرلىكى بولماي قالغان مەسىلىلەردە پېقىر لىۇ رەئىسنىڭ پىكرىگە ھۆرمەت قىلىمەن، دەپ ۋەدە بەرگەن. سەككىز كۈندىن كېيىن، يەنى 4 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى «ۋاقىتلىق قوغدىنىش كومىتېتى» خەنزۇچە، ئۇيغۇرچە، قازاقچە، موڭغۇلچە تۆت خىل يېزىقتا پۈتكۈل شىنجاڭ خەلقىگە بىر مۇراجىئەتنامە يوللاپ، ئون ماددىلىق پىروگراممىنىڭ مەيدانى ۋە مەزمۇنىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ شەرھلىگەن. بۇنىڭدىن مەقسەت لىۇ ۋېنلۇڭنىڭ ۋاقىتلىق رەئىسلىك، شېڭ شىسەينىڭ ۋاقىتلىق دۇبەنلىك ئورنىنى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشتۈرۈش ئىدى. ئۇ چاغدا قومۇل، خوتەن، قەشقەرلەردە مىللىي ھەرىكەتلەر جانلىنىپ كەتكەن چاغ ئىدى. غۇلجىدىكى جاڭ پېيۈەن شېڭ شىسەيدىن ئۆزىنى ئۈستۈن كۆرگەچكە «ۋاقىتلىق قوغدىنىش كومىتېتى»نىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشلىرىغا ئانچە پەرۋا قىلمايۋاتاتتى. مۇشۇنداق ئەھۋالدا لىۇ ۋېنلۇڭ بىلەن شېڭ شىسەينىڭ شىنجاڭ خەلقىنىڭ كۆڭلىنى مايىل قىلدىغان سىياسەت چىقىرىش ئارقىلىق ھاكىمىيەتنى مۇستەھكەملەش تەدبىرى ئاقىلانىلىك ھېسابلىناتتى. لىۇ ۋېنلۇڭ بىلەن شېڭ شىسەي شىنجاڭ خەلقىنىڭ كۆڭلىنى مايىل قىلىشقا تىرىشىش بىلەن بىللە، يەنە ئۆزلىرىنىڭ ئورنىنى قانۇنلاشتۇرۇش، مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن نەنجىڭ ھۆكۈمىتىگە 4 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنىدىكى ئۆزگىرىشنىڭ سەۋەبى، جەريانى ۋە نەتىجىسىنى چۈشەندۈرۈپ دوكلات يوللىغان. لېكىن نەنجىڭ ھۆكۈمىتى ئۇلارنىڭ رەھبەرلىك ئورنى مەسىلىسىگە ئېنىق پوزىتسىيە بىلدۈرمەي، ۋاقىتنى كەينىگە سوزۇپ تۇرۇۋالغان ھەم ما جۇڭيىڭ بىلەن جاڭ پېيۈەن ئارقىلىق شېڭ شىسەينى ئىسكەنجىگە ئالماقچى بولغان. بۇ ھال شىنجاڭدىكى ئاساسلىق ھوقۇق تۇتۇۋاتقان سىياسىي ۋە ھەربىي كۈچلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئېلىشىشنى يېڭىباشتىن قوزغىغان. ئىلىدا ئەسكىرىي كۈچى بار جاڭ پېيۈەن ۋاقىتلىق رەئىس بىلەن ۋاقىتلىق دۇبەننى قوللاش ئۇياقتا تۇرسۇن، بارا ـ بارا قارشىلىششش ھالىتىگە ئۆتكەن. خوجىنىياز ھاجى، مەھمۇد مۇھىتى، ما جۇڭيىڭ قىسىملىرى تۇرپان ئويمانلىقىدا جىمسار ئارقىلىق ئۈرۈمچىگە يۈرۈش قىلىشقا تەييارلانغان. ئۇ چاغدا شېڭ شىسەينىڭ قولىدا 4500 كىشىلىكتىن ئارتۇق ھەربىي كۈچ بولۇپ، ئۈرۈمچى ئەتراپىدىكى رايونلارنىلا تىزگىنلەپ تۇرۇۋاتاتتى. ئۇنىڭ بۇنچىلىك ئاجىز ئورۇن ۋە ئاز ئەسكىرىي كۈچ بىلەن ئىككى تەرەپتىن قىستاپ كېلىۋاتقان كۈچلۈك رەقىبلىرىگە تاقابىل تۇرۇپ ئۈرۈمچىنى قوغداپ قېلىشى ھەم ئۆزىنىڭ ئورنىنى مۇستەھكەملەش مەقسىتىگە يېتەلىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. شېڭ شىسەي ئۆزىنىڭ قىل ئۈستىدە تۇرۇۋاتقان تەقدىرىنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن، سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ياردەم سوراشقا مەجبۇر بولغان. ئۇ شىنجاڭنىڭ يېقىن قوشنىسى بولغان سوۋېت ئىتتىپاقىغا نىسبەتەن ئىنتايىن مۇھىم جاي ئىكەنلىكىنى ئېنىق بىلەتتى. مۇشۇنداق ھالقىلىق پەيتتە ئۇ ستالىن

رەھبەرلىكىدىكى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەن. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن لى شېڭ باشچىلىقىدا تۈزۈلگەن «جۇڭگو شىنجاڭنىڭ تارىخى ۋە ھازىرقى ئەھۋالى» دېگەن كىتابتا يېزىلىشىچە، 1933-يىلى 6-ئاينىڭ 27-كۈنى سوۋېت بولشېۋىكلار پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسى مەخسۇس «سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شىنجاڭ سىياسىتىنى تەتقىق قىلىش ھەيئىتى»نى تەشكىللىگەن. بۇ ھەيئەتكە دۆلەت مۇداپىئە كومىتېتىنىڭ رەئىسى E.R فولسلوفنى باشلىق قىلىپ تەيىنلىگەن. ئۇلار شىنجاڭ ۋەزىيىتىنى ئەتراپلىق كۆزىتىپ، ماتېرىيال توپلاپ، چوڭقۇر تەھلىل قىلىپ كىمنى قوللاش، قانداق يول تۇتۇش ھەققىدە پىكىر تەييارلىغان. 8-ئاينىڭ 3-كۈنى مەزكۇر ھەيئەتنىڭ تەكلىپى بويىچە، سوۋېت بولشېۋىكلار پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسى «شىنجاڭ خىزمىتى توغرىسىدىكى يوليورۇق»نى چۈشۈرگەن. [4] سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپ بىلەن ھەمكارلىشىشتا پىكىر بىرلىكى ھاسىل قىلغان شېڭ شىسەي ئورنىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن نەنجىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ئاغزىغا قارىمايدىغان ھالەتكە كېلىپ بولغان. قىزىق يېرى، 8-ئاينىڭ 1-كۈنى، يەنى «12-ئاپرېل ئۆزگىرىشى» بولۇپ تۆت ئايچە ئۆتكەندە، نەنجىڭ ھۆكۈمىتى مەمۇرىي ئىشلار پالاتاسىنىڭ 118-قېتىملىق يىغىنى قارار ماقۇللاپ ليۇ ۋېنلۇڭنى شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ رەئىسلىكىگە، شېڭ شىسەينى شىنجاڭ چېگرا مۇداپىئە دۇبەنلىكىگە، جاڭ پېيۈەننى ئىلى بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ئەلچىسى، قوشۇمچە قۇرۇقلۇق ئارمىيە 8-دىۋىزىيەسىنىڭ كوماندىرلىقىغا تەيىنلىگەن. شېڭ شىسەي بۇنداق قارارغا موھتاج بولىدىغان چاغدىن ئۆتۈپ كەتكەن بولغاچقا، ئۆز ئالدىغا ئىش كۆرۈۋەرگەن. 1933-يىلى ياز ۋە كۈزدە شېڭ شىسەي ما جۇڭيىڭ بىلەن گۇچۇڭ ۋە ئۈرۈمچىدە كەسكىن جەڭ قىلىپ، قوشۇنلىرى ئېغىر تالاپەتكە ئۇچرىغان. نويابىردا، جاڭ پېيۈەن بىلەن ما جۇڭيىڭ ئىتتىپاق تۈزۈپ، ئۈستۈن ئەسكىرىي كۈچ بىلەن ئىككى يولغا بۆلۈنۈپ شېڭ شىسەينى ئىسكەنجىگە ئېلىپ، ئۇنى يوقاتماقچى بولغان. ۋەزىيەت شېڭ شىسەيگە پايدىسىز بولغاچقا، ئۇ چېن دېلى قاتارلىق كىشىلەرنى موسكۋاغا ئەۋەتىپ، ھەربىي ياردەم سورىغان. 1933-يىلى نويابىرنىڭ ئاخىرىدا، سوۋېت ئىتتىپاقى ئاپرېسوفنى ئۈرۈمچىگە باش كونسۇل قىلىپ تەيىنلەپ، شىنجاڭغا ياردەم بېرىش خىزمىتىگە مەسئۇل قىلغان. شۇنىڭدىن كېيىن، ئىككى تەرەپ ھەربىي ياردەم بېرىش مەخپىي كېلىشىمى ئىمزالىغان. سوۋېت ئىتتىپاقى مىلتارىست شېڭ شىسەينى قوللاشنى قارار قىلغاچقا، دۇنيادىكى كوممۇنىزم ئېتىقادىدىكى ئىنقىلابچىلارنىڭ كۈچلۈك قارشىلىقىغا ئۇچرىغان. خەلقئارا ئىنتېرناتسىئونال سوۋېت ئىتتىپاقى مەركىزىي كومىتېتىغا ئالاقە ئەۋەتىپ، شېڭ شىسەينى قوللاشقا بولمايدىغانلىقى ھەققىدە تۈرلۈك سەۋەبلەرنى كۆرسەتكەن بولسىمۇ، سوۋېت ئىتتىپاقى تەدبىر بەلگىلىگۈچىلىرىنىڭ بۇ ۋاقىتتا ئويلايدىغىنى ئىدېئولوگىيەلىك پرىنسىپ ئەمەس، بەلكى رېئال دۆلەت مەنپەئەتى بولغاچقا، شېڭ شىسەينى قوللاش قارارىنى بىكار قىلمىغان. بۇنىڭدا ئۇلار مۇنداق ئۈچ ئامىلنى نەزەردە تۇتقان: بىرىنچى، شىنجاڭدا سوۋېتپەرەس يەرلىك ھۆكۈمەت بولۇشنى ئۈمىد قىلغان. شىنجاڭدا سوۋېتپەرەس يەرلىك ھۆكۈمەت بولسا، ئەنگلىيە بىلەن ياپونىيەنىڭ شىنجاڭدىكى كۈچىنى تازىلىغىلى بولىدۇ، دەپ ئويلىغان. ئىككىنچى، شېڭ شىسەي بۇ مەسىلىدە مۇۋاپىق نامزات ئىدى. شېڭ شىسەي ياش ۋاقتىدا ياپونىيەدە ئوقۇغان ھەم ياپونىيەگە نەپرىتى كۈچلۈك ئىدى. مېنى ئەتىۋارلاپ ئىشلەتمىدى دەپ ئويلاپ نەنجىڭ ھۆكۈمىتىدىنمۇ نارازى ئىدى. ئۈچىنچى، شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتى نەنجىڭ ھۆكۈمىتى تەيىنلىگەن قانۇنلۇق ھۆكۈمەت بولغاچقا، شېڭ شىسەينى قوللىغاندا، جۇڭگو بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مۇناسىۋىتى يامانلىشىپ كەتمەيتتى؛ خەلقئارادا ئەنگلىيە، ئامېرىكا قاتارلىق دۆلەتلەر نارازى بولسىمۇ، ئارىلىشىشقا باھانە تاپالماي، دەردىنى ئىچىگە يۇتۇپ تۇرۇشقا مەجبۇر بولاتتى.

شۇنداق قىلىپ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ چۆچەك

ئارقىلىق كىرگەن «تارباغاتايىسكىي» نامدىكى ياردەمچى قوشۇنى ئىلىنىڭ ھەربىي ئەمەلدارى جاڭ پېييۈەننى ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىشقا مەجبۇر قىلغان. شېڭ شىسەي بولسا خوجىنىياز ھاجى بىلەن ما جۇڭيىڭنىڭ زىددىيىتىدىن پايدىلىنىپ ئۇلارنى پارچىلىغان، ئاندىن سوۋېت قىزىل ئارمىيەسىنىڭ ياردىمى بىلەن ما جۇڭيىڭنى مەغلۇپ قىلىپ، جەنۇبىي شىنجاڭغا چېكىنىشكە مەجبۇرلىغان. سوۋېت ئىتتىپاقىغا يېقىنلىشىشتىن ھەزەر ئەيلەيدىغان ليۇ ۋېنلۇڭنىڭ ئورنى بارا ـ بارا ئاجىزلاپ، سوۋېتپەرەس بولۇۋالغان شېڭ شىسەينىڭ ئورنى بارغانسېرى مۇستەھكەملەنگەن. ليۇ ۋېنلۇڭ شېڭ شىسەينىڭ قولىدىكى قورچاق رەئىسكە ئايلىنىپ قالغان. ھەتتا ئاخىرقى ھېسابتا، يەنى شۇ يىلنىڭ ئاخىرىدا شېڭ شىسەي ليۇ ۋېنلۇڭنى نەزەربەند قىلىپ، ئورنىغا جۇ رۇيچىنى ئۆلكە رەئىسى قىلغان. 1934 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى جۇ رۇيچى كېسەل بىلەن ئۆلۈپ كېتىپ، شېڭ شىسەي لى رۇڭنى رەئىس قىلغان. تولىمۇ ياۋاش بۇ يېڭى رەئىسنى كىشىلەر «سامان قورساق رەئىس » دېيىشكەن.

شېڭ شىسەي سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ھەربىي ۋە ئىقتىسادىي ياردىمى بىلەن رەقىبلىرىنى يېڭىپ، ئۈرۈمچى ۋە غۇلجىغا ئەسكىرىي كۈچىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ ئورنىنى مۇستەھكەملىۋالغاندىن كېيىن، بىر تەرەپتىن داۋاملىق ھالدا كۈچىنى مۇستەھكەملىسە ۋە كېڭەيتسە، يەنە بىر تەرەپتىن سىياسىي جەھەتتە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلىشقا مەجبۇر بولۇپ، بىرمۇنچە تەرەققىيپەرۋەر سىياسەتنى يولغا قويغان. شېڭ شىسەي 1934 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى «12 ـ ئاپرېل ئۆزگىرىشى» نىڭ بىر يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت نامىدىن «سەككىز ماددىلىق خىتابنامە »نى ئېلان قىلغان. بۇ خىتابنامە مۇنداق مەزمۇنلاردىن تەشكىل تاپقان: 1. مىللەتلەر باراۋەرلىكىنى ئىشقا ئاشۇرۇش؛ 2. دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش؛ 3. يېزىلارغا ياردەم بېرىش؛ 4. مالىيەنى تەرتىپكە سېلىش؛ 5. ئەمەلدارلارنى پاكلاشتۇرۇش؛ 6. مائارىپنى كەڭ يولغا قويۇش؛ 7. ئۆز ـ ئۆزىنى ئىدارە قىلىش (مۇختارىيەت) نى يولغا قويۇش؛ 8. ئەدلىيە ئىشلىرىنى ياخشىلاش. سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى ئادەملىرىنىڭ ئارىلىشىشى ۋە مەسلىھەت كۆرسىتىشى بىلەن تۈزۈلۈپ ئېلان قىلىنغان بۇ «سەككىز ماددىلىق خىتابنامە»نىڭ مەزمۇنىنى بىر يىل ئىلگىرى ئېلان قىلىنغان «ئون ماددىلىق پىروگراما»غا سېلىشتۇرغاندا مەزمۇنى ئازىيىپ كەتكەن ھەم بەزى مەزمۇنلاردا روشەن پەرق كۆرۈلگەن بولسىمۇ، «مائارىپنى كەڭ يولغا قويۇش»دېگەن مەزمۇن بىرىنچى ماددا قىلىنىپ ئالاھىدە تەكىتلەنگەن. شېڭ شىسەي بۇ ماددىنى ئىزاھلىغاندا: «1. مائارىپنىڭ كۆلىمىنى كېڭەيتىش؛ 2. مائارىپ خىراجىتىنى كۆپەيتىش؛ 3. ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنى بەرپا قىلىش؛ 4. ھەر بىر مىللەت ئۆز تىلى ۋە يېزىقىدا دەرس ئۆتۈش» [5] دېگەن تۆت تۈرلۈك تەدبىرنى ئوتتۇرىغا قويغان.

شېڭ شىسەي بۇ «سەككىز ماددىلىق خىتابنامە»نى جاكارلاپ ئالتە كۈندىن كېيىن، يەنى 1934 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنىدىن 25 ـ كۈنىگىچە ئۈرۈمچىدە شىنجاڭ بويىچە 1 ـ قېتىملىق خەلق ۋەكىللەر قۇرۇلتىيىنى ئۆتكۈزگەن. قۇرۇلتاينىڭ باش مەقسىتى مىللىي مۇناسىۋەتنى ياخشىلاپ، مىللەتلەر باراۋەر بولۇش قاتارلىق سىياسەتلەرنى يولغا قويۇش بولغان. شېڭ شىسەي بۇ ئارقىلىق ئۆزىنىڭ تەرەققىيپەرۋەر ئوبرازىنى نامايان قىلىپ، خەلقنىڭ كۆڭلىنى مايىل قىلىشقا تىرىشقان. بۇ چاغدا قەشقەردىكى بىر قىسىم يەرلىك كۈچلەر مەغلۇپ قىلىنىپ شىنجاڭنىڭ ئومۇمىي ۋەزىيىتىدە روشەن ئۆزگىرىش بولغان. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ۋەدە بېرىشى بىلەن شۇ يىلى 7 ـ ئايدا ما جۇڭيىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا چىقىپ كەتكەن. خوجىنىياز ھاجى سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپنىڭ ئارىغا چۈشۈپ ۋەدە بېرىشى بىلەن شېڭ شىسەينىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلىپ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە مۇئاۋىن رەئىس بولۇشقا قوشۇلغان. 8 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ئۈرۈمچىدە داغدۇغىلىق ئاممىۋى يىغىن ئېچىلغان. يىغىندا شىنجاڭدا «ئۇچ يىللىق مالىمانچىلىققا خاتىمە بېرىلىپ» تىنچلىقنىڭ ئەمەلگە

ئاشقانلىقى جاكارلانغان. شېڭ شىسەي تىنچلىقنى ھەقىقىي ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ھۆكۈمەت ئاپپاراتلىرىغا ئۇيغۇر قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ مۇھىم كىشىلىرىنى تەيىنلىگەن. قەشقەردىكى مەھمۇد مۇھىتىنى 6 ـ دىۋىزىيەنىڭ كوماندىرلىقىغا تەيىنلىگەن. يۇنۇس بەگنى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئەزالىقى ھەم قوشۇمچە دېھقانچىلىق، كانچىلىق نازارىتىنىڭ نازىرلىقىغا تەيىنلىگەن. ئابدۇراخمان ئەپەندىنى مالىيە نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرلىقىغا، مەخسۇتنى مائارىپ نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرلىقىغا، نىياز شېرىپنى ئاقسۇنىڭ ۋالىيلىقىغا، ئاقموللىنى ئۆلكىلىك بانكىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقلىقىغا تەيىنلىگەن. ئارىدىن «ئۇزاق ئۆتمەي، شېڭ شىسەي يەرلىك مىللەتلەرنىڭ ئاقساقاللىرىنى ۋەزىپىگە قويۇشنى بىر خىل سىياسىي تەدبىر قاتارىدا كېڭەيتىپ، ھەر قايسى نازارەتتە مۇئاۋىن نازىر، ۋىلايەتلەردە مۇئاۋىن ۋالىي، ناھىيەلەردە مۇئاۋىن ھاكىم، ھەتتا مەكتەپلەردىمۇ مۇئاۋىن مۇدىرلىق ۋەزىپىسى تەسىس قىلغان.» [6]

مانا مۇشۇنداق سىياسىي كەيپىيات ۋە ئېھتىياج ئاساسىدا 1934 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى ئۈرۈمچىدە ئۇيغۇر مەدەنىيەت ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى قۇرۇلغان. يىل ئاخىرىغىچە جاي ـ جايدا شۆبىلىرى قۇرۇلغان. كېيىنكى كۈنلەردە شېڭ شىسەينىڭ «ئالتە بۈيۈك سىياسەت»نى مەزمۇن قىلغان مەدەنىيەت سىياسىتىنىڭ باشچىلىقىدا ھەر قايسى ۋىلايەت، ناھىيەدىكى ئۇيغۇر ئۇيۇشمىلىرى ئۇيغۇرلارنىڭ يېڭىچە مەكتەپ مائارىپىنى كېڭەيتىش، زامانىۋى شەكىل ۋە مەزمۇندىكى ئەدەبىيات ـ سەنئىتىنى بەرپا قىلىش، ھازىرقى زامان تىل ـ يېزىقىنى قېلىپلاشتۇرۇش، مەتبۇئات ئىشلىرىنى يولغا قويۇشتا زور ئەمەلىي خىزمەت ئىشلىگەن.

شۇنى تەن ئېلىشىمىز كېرەككى، 20 ـ ئەسىرنىڭ ھارپىسىدىكى ئۇيغۇر جەمئىيىتى ئۈچ ئەسىردىن بۇيان تۇرلۇك تارىخىي، ئىجتىمائىي سەۋەبلەر ۋە ئىچكى، تاشقى ئامىللار تۈپەيلىدىن مىسلىسىز زەئىپلىشىپ ۋە چۈشكۈنلىشىپ نادانلىق، قاششاقلىق، خۇراپاتلىق، نامراتلىق ۋە چېچىلاڭغۇلۇق ئىسكەنجىسىدە ھالاكەت گىردابىغا بېرىپ قالغانىدى. مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئۇيغۇر خەلقى ھېچقانداق ماددىي ۋە مەنىۋى تەييارلىقى بولمىغان ھالدا خىرىس ۋە رىقابەتكە تولغان 20 ـ ئەسىرگە قەدەم قويغانىدى. شۇڭا ئۇلار 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى ئويغىنىش، تەرەققىيات، گۈللىنىش سادالىرى جىمى جاھاننى دىگۈدەك قاپلىغان، دۇنيادىكى كۆپلىگەن خەلقلەر ئۆزىنىڭ كۆلپەتلىك تەقدىر ـ قىسمىتىنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن كۈرەشۋاتقان تېپىلغۇسىز تارىخىي پۇرسەتلەرنى ئېزىلەڭگۈلۈك ھەم خامۇشلۇق بىلەن ئۆتكۈزۈۋەتكەنىدى. گەرچە ئابدۇقادىر داموللام باشچىلىقىدىكى جەدىتچىلەر 1910 ـ يىللاردا خەلقنى ئويغىتىش ۋە تەرەققىيات يولىغا باشلاش مەقسىتىدە ئاز بولمىغان تىرىشچانلىقلارنى كۆرسەتكەن بولسىمۇ، ئەمما بېكىنمىچى ھەم مۇستەبىت ياڭ زېڭشىن ھۆكۈمىتى بىلەن قارا نىيەت رۇسىيە دائىرىلىرى توختىماي زىيانكەشلىك قىلىپ، بارلىق ئۇرۇنۇشلارنى بوغۇپ، پايدىلىق ئىمكانىيەتلەرنى يوق قىلىپ كەلگەچكە، ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە يۈزلىنىش خاراكتېرلىك ئۆزگىرىش شەكىللەنمىگەن. شەكىللەنگەن دېيىشكە توغرا كەلسە، پەقەت يېڭى مائارىپ ھەرىكىتى مۇئەييەن دەرىجىدە بىخلانغان ھەم كىشىلەرنىڭ مەرىپەت ئارزۇسى خېلى كەڭ دەرىجىدە ئومۇملاشقان. لېكىن، «تاتارىستان ۋە قىرىم گىرۇۋەكلىرىدىن باشلىنىپ، ئوتتۇرا ئاسىيا ئارقىلىق دىيارىمىزغا يېتىپ كەلگەن جەدىتىزملىق پىكىر ئېقىمى پۈتكۈل مىللىتىمىزنىڭ يېڭى تارىخىي دەۋردىكى ئىدېئولوگىيە ئاساسىغا ئايلىنالمىغان.» [7] شۇڭا، ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە ياكى پىشقان مىللىي ئارزۇ ـ ئىستەكلەر، سىستېمىلىق مەقسەت ـ مەسىلەكلەر شەكىللەنمىگەن. جاھاندىن بىخەۋەر بۇ خەلق ئۆزلىرىنىڭ نۆۋەتتىكى مىللىي ئېھتىياجلىرىنىمۇ چۈشىنىپ يېتەلمىگەن. مۇنداقچە ئېيتقانداق 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئانا دىيارىمىزدا تېخى ئورتاق مىللىي تەلپۈنۈشكە ئىگە بىر جەمئىيەت ھالىتى بارلىققا كەلمىگەن. چۈنكى، ئەينى ۋاقىتتىكى ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ ئىجتىمائىي قۇرۇلمىسى ۋە ئىجتىمائىي قاتلىمى بەكمۇ ئاددىي بولۇپ، دەۋرنىڭ

تەقەززاسىغا ئۇيغۇنلىشالايدىغان ئىجتىمائىي قۇرۇلما ۋە ئىجتىمائىي قاتلاملاردىن سۆز ئېچىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. يەنى، مىللىي بۇرژۇئازىيە قاتلىمى يوق، زىيالىيلار قاتلىمى يوق، مىللىي مائارىپ سىستېمىسى يوق، مىللىي مەتبۇئاتلىرى يوق، ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنى يوق، تەشكىللىي ئاپپاراتلىرى يوق، پەقەت كونىچە مەدرىسەلىرى بىلەن نەزەر دائىرىسى تار موللىلىرى، ئېتىزغا باغلىنىپ ئىسسىق جېنىنى ساقلاپ كېلىۋاتقان بىچارە دېھقانلىرى بىلەن تۇرمۇش ھەلەكچىلىكىدە دۇمچىيىپ كەتكەن ھۈنەرۋەن ـ كاسىپلىرى ھەم ئۆزى ئۇچۇنلا بايلىق توپلاش كويىدا ياشايدىغان بايلار قاتلىملا بار ئىدى. شۇنداق بولغاچقا ئەينى ۋاقىتتىكى ئۇيغۇر جەمئىيىتى ھاياتىي كۈچى بەكمۇ ئاجىز تولىمۇ ئاددىي بىر جەمئىيەت ئىدى. ئىجتىمائىي تەرەققىيات يۆنىلىشىنى بەلگىلەش كۈچى ھازىرلانمىغان مانا مۇشۇنداق زەئىپ ئۇيغۇر جەمئىيىتى 1930 ـ يىللاردا كۆتۈرۈلگەن «رۇس ئەندىزىسى» شەكىلدىكى يېڭى مەدەنىيەت ھەرىكىتىنىڭ كۈچلۈك دولقۇنىغا دۇچ كەلگەن. بۇ يېڭى مەدەنىيەت ھەرىكىتىگە ئۆزىنى «دۇنيادىكى بارلىق ئېزىلگۈچى خەلقلەرنىڭ باشپاناھى ھەم دوستى» دەپ جاكارلىغان سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپنىڭ ھەيدەكچىلىك قىلىشى ۋە يول كۆرسىتىشى بىلەن، شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن قۇرۇلغان «ئۇيغۇر مەدەنىيەت ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى» ئىمكانىيەت ھازىرلىغان. تاللاش ئەركىنلىكى يوق ئۇيغۇر خەلقى تولىمۇ تەستە ھازىرلانغان بۇ سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي بوشلۇقتىن پايدىلىنىپ يېڭى مەدەنىيەت ھەرىكىتىنى ئەۋجگە چىقىرىشتا خېلىلا جانلىق بولغان. بولۇپمۇ بىر قىسىم تەرەققىيپەرۋەر موللىلار، ئازساندىكى سەگەك زىيالىيلار ۋە ساخاۋەتچى بايلارنىڭ ئوينىغان رولى گەۋدىلىك بولغان.

قىسقىسى، «ئۇيغۇر مەدەنىيەت ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى»نىڭ قۇرۇلغان ۋاقتى ۋە قۇرۇلۇش سەۋەبى يۇقىرىقىدەك ئارقا كۆرۈنۈش ۋە تارىخىي جەريانلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك. تارىخىي ئەمەلىيەت مۇشۇنداق روشەن تۇرغان ئەھۋالدا «ئۇيغۇر مەدەنىيەت ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى»نىڭ دەسلەپ قۇرۇلغان ئورنىنى ئۈرۈمچىدىن باشقا جايغا يۆتكەپ، ۋاقتىنى 1934 ـ يىلى 8 ـ ئايدىن ئىلگىرىگە سۈرۈپ يېزىش پاكىتقا ئۇيغۇن كەلمەيدۇ.

«ئەزىزانە قەشقەر» ناملىق ئىككى توملۇق كىتاب خەنزۇچە، ئۇيغۇرچە تىل ـ يېزىقتا قايتا نەشر قىلىنىدىغان بولغاچقا، كۆرۈلگەن خاتالىقلار ۋە گۇمانلىق نۇقتىلارنى تۈزىتىپ ياكى ئېنىقلاپ روشەنلەشتۈرۈپ نەشرگە يوللىسا، ئىلمىيلىكتە ئۇيغۇن، كۆڭۈلدىكىدەك ئىش بولىدۇ، دەپ قارايمەن.

2010 ـ يىل 15 ـ مارت، ئۈرۈمچى

## نەقىل مەنبەلىرى

[1] «شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى» (3)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2000 ـ يىل نەشرى 317 ـ بەت.
[2] ليۇ زىشياۋ: «ئۇيغۇر تارىخى »ئىككىنچى قىسىم 2 ـ كىتاب، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2003 ـ يىلى نەشرى 1278 ـ بەت.
[3] ليۇ زىشياۋ: «ئۇيغۇر تارىخى »ئىككىنچى قىسىم 2 ـ كىتاب، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2003 ـ يىلى نەشرى 1149 ـ بەت.
[4] «جۇڭگو شىنجاڭنىڭ تارىخى ۋە ھازىرقى ئەھۋالى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2006 ـ يىلى نەشرى 246 ـ بەت.
[5] ليۇ زىشياۋ: «ئۇيغۇر تارىخى »ئىككىنچى قىسىم 2 ـ كىتاب، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2003 ـ يىلى نەشرى 1275 ـ بەت.
[6]ليۇ زىشياۋ: «ئۇيغۇر تارىخى»، ئىككىنچى قىسىم 2 ـ كىتاب، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2003 ـ يىلى نەشرى 1258 ـ بەت.
[7]ئەسەت سۇلايمان: «تارىم قوۋۇقى چېكىلگەندە ــ بۈگۈنكى ئۇيغۇر روھىيەت قۇرۇلمىسىغا پىسخىكىلىق دىياگنوز»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2002 ـ يىلى نەشرى، 350 ـ بەت.

ئاپتور: ئوبزورچى، شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتىدا مۇھەررىر

ماقالىنى تەكلىپلىك بېكىتكۈچى: ئىمىن ئەھمىدىي



«شىنجاڭ سودا ـ بازار تارىخى توغرىسىدا تەتقىقات»، «غەربىي يۇرتنىڭ تارىخى ۋە مەدەنىيىتى توغرىسىدا ئىزدىنىش»، «خەنزۇچە ـ ئۇيغۇرچە تارىخ ئاتالغۇلىرى» قاتارلىق 9 كىتاب ۋە «ئۇيغۇرلارنىڭ ئەسلىي زاتى توغرىسىدا»، «غەربىي يۇرتنىڭ چالغۇ ئەسۋابلىرى» قاتارلىق يۈز نەچچە پارچە ئىلمىي ماقالىنىڭ ئاپتورى، «ئۇيغۇرلار تارىخى»، «ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخى»، «ئىسلام دىنىنىڭ قىسقىچە تارىخى»... قاتارلىق 46 پارچە كىتاب ۋە «تۈركلەرنىڭ ئەجدادىغا دائىر رىۋايەتلەر توغرىسىدا ئىزدىنىش» قاتارلىق 150پارچىدىن ئارتۇق ئىلمىي ماقالىنىڭ تەرجىمانى، «ئانا يۇرت»، «بەختسىز سەئىدىيە»، «جاللات خېنىم» قاتارلىق ئۈچ يۈز نەچچە پارچە كىتابنىڭ ئاخىرقى بېكىتكۈچىسى، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرناللىرى نەشرىياتىنىڭ سابىق باش مۇھەررىرى، ئالىي مۇھەررىر ئابلەت نۇردۇن ئەپەندى.





《新疆文化》（维吾尔文）
综合性文学双月刊

主管单位：新疆维吾尔自治区文化厅
主办单位：新疆维吾尔自治区艺术研究所
编辑出版：《新疆文化》杂志编辑部
国际标准刊号：ISSN1008－6498
国内统一刊号：CN65－1073/I
海外发行：中国图书进出口（集团）总公司出口部
代理者地址：中国北京朝阳区工体东路 16 号
P.O.BOX 88. 16 Gongti East Road. Bejing 100020. China
海外发行代号：6498BM
发行范围：国内外发行
地　　址：乌鲁木齐市文化路28号百川大厦10楼
邮　　编：830011 电话：（0991）2856942
印　　刷：《新疆日报》印务中心
发　　行：乌鲁木齐市邮局
订　　阅：全国各地邮局

邮发代号：58—22 定价：6元

«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» 2010 ـ يىل 6 ـ سان (ئومۇمىي 306 ـ سان)
(قوش ئايلىق ئۇنىۋېرسال ئەدەبىي ژۇرنال)

باشقۇرغۇچى: ش ئۇ ئا ر مەدەنىيەت نازارىتى
چىقارغۇچى: ش ئۇ ئا ر سەنئەت تەتقىقات ئورنى
تۈزۈپ نەشر قىلغۇچى: «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى
خەلقئارالىق نومۇرى: ISSN1008－6498
مەملىكەتلىك نومۇرى: CN65－1073/I
چەت ئەللەرگە تارقىتىش ئورنى: جۇڭگو كىتاب
ئىمپورت ـ ئېكسپورت (گۇرۇھى)
باش شىركىتى ئېكسپورت بۆلۈمى
چەت ئەللەرگە قارىتا ۋاكالەت نومۇرى: 6498BM
مەملىكەت ئىچى ۋە چەت ئەللەرگە تارقىتىلىدۇ
ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى مەدەنىيەت يولى 28 ـ نومۇر بەيچۈەن سارىيى 10 ـ قەۋەت
پوچتا نومۇرى: 830011 تېلېفون نومۇرى: (0991)2856942
باسقۇچى: «شىنجاڭ گېزىتى» باسما مەركىزى
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلىدۇ
مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى پوچتىخانىلار مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 22 — 58 باھاسى: 6 يۈەن